رومان W. پېپىر ( ئامېرىكا )

# پوزىتسىيە ھەممىنى بەلگىلەيدۇ!



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ئاپتورنىڭ تەرجىمىھالى

پېـيــر: «پوزىتسىيە ھەممىنى بەلگىلەيدۇ!» دېيدى، نۇرغۇن ئادەم غەلىبە قىلدى.

پېير يەنە: «مۇۋەپپەقىيەت بىرخىل پوزىتسىيە!» دېيدى تېخىمۇ نۇرغۇن كىشىلەر مۇۋەپپەقىيەت قازاندى.

رومان. W . پېير ئامېرىكىلىق مەشھۇر پەيلاسوپ، ناتىق، كىشىلەر قەلبىگە تەسەللى بېرىشتە شۆھرەت قازانغان يازغۇچى. ئـۇ ئـامـېـرىـكىنىڭ ئوھىـو شتاتىدا تۇغۇلغان، سىراكۇس ئـۇنـىۋېرسىتېتىنىڭ ئىلاھىيەت ئىلمي دوكتورى. ئۇ ئىنسان تەبىئىتىدىكى غۇرۇرنى تەرغىپ قىلىش بىلەن جاھانغا تونۇلغان. ئامېرىكا، كانادا ۋە ياۋروپادا ناھايىتى يۇقىرى ئىززەتكە ئىگە.

«كىشىلىك ھايات تەلىم ـ تەربىيىسىدىكى بۈيۈك ئۇستاز» ۋە «قەلبىنىڭ مۇھاپىزەتچىسى» دەپ ئاتالغان پېير 20 ـ ئەسىردە ئـەڭ زور ئـالقىشقا ئېرىشكۈچى ۋە قەلبكە تەسەللى بەرگۈچى شۆھرەتلىك ئۇستاز. ئۇنىڭ «ئاكتىپ تەپەككۇرنىڭ قۇدرىتى» دېگەن ئەسىرى 41 خىل تىلغا تەرجىمە قىلىنىپ، پۈتۈن دۇنيادا كەڭ بازار تاپقان. قولىڭىزدىكى «پوزىتسىيە ھەممىنى بەلگىلەيدۇ!» دېگەن بۇ كىتاب ئۇنىڭ كىشىلەرنى تاڭ قالدۇرغان يەنە بىر نادىر ئەسىرى. بۇ كىتاب ئامېرىكىدا ئۇدا 10يىل ئەڭ بازارلىق كـىـتـابـلار قـاتـارىدىن ئورۇن ئېلىپ، «پوزىتسىيە ھەممىنى بەلگىلەيدۇ!» دېگەن بۇ سۆز ئاكتىپ تەپەككۇرنىڭ قۇدرىتىنى ئـىپادىلىيەلەيدىغان مەشھۇر سۆزگە ئايلىنىپ، پۈتۈن دۇنياغا

تارقالغان. پىيىر ئەسەرلىرىنىڭ پۈتۈن دۇنيادا ئومۇمىي سېتىلىش مىقدارى ئىككى يۈز مىليون نۇسخىدىن ئېشىپ كەتكەن.

پىيىر تاكى بۈگۈنگە قەدەر «ئاكتىپ تەپەككۇرنىڭ بوۋىسى»، «غورۇرنى تەرغىپ قىلغۇچى» ۋە «دىنىنى ئاۋاملاشتۇرغۇچى بۈيۈك ناتىق» دەپ تەرىپلىنىپ كەلمەكتە. ئۇنىڭ: «مۇۋەپپەقىيەت بىرخىل پوزىتسىيە!»، «پوزىتسىيە ھەممىنى بەلگىلەيدۇ!» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزى سانسىزلىغان كىشىلەرگە چەكسىز كۈچ ـ قۇۋۋەت ئاتا قىلغان. پىيىر «ئاكتىپ تەسۋىر ھاسىل قىلىش» قارىشىنىڭ ئاساسلىق تەرغىباتچىسى، ئۇنىڭ كېيىنكى ئۆمرى شىركەتتىكى كىشىلەرنىڭ قەلبىنى ئۇرغۇتۇش ئۈچۈن نۇتۇق سۆزلەش بىلەن ئۆتكەن.

ھەر قېتىم سۆزلىگەن نۇتۇقىنىڭ باھاسى ئەينى ۋاقىتتا نەچچە ئون مىڭ دوللار بولغان. پىيىر «ئاكتىپ تەپەككۇر» ۋە «ئاكتىپ پوزىتسىيە» قىلىش ئۇسۇلى بىلەن شىركەتكە غايەت زور پايدا ئەكەلگەن. تولۇق بولمىغان سانلىق مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا ھەر يىلى پۈتۈن دۇنيادا بىر مىليوندىن ئارتۇق كارخانا، ئاپپارات، مەكتەپ ۋە ئىجتىمائىي كوللېكتىپ رومان. W. پىيىرنىڭ «ئاكتىپ تەپەككۇر»ى بويىچە خادىملارنى تەربىيىلىگەن.

پىيىر marble ئىنستىتۇتىدا خىزمەت قىلغان مەزگىلدە، كىشىلەرنىڭ قەلبىنى ھاياجانغا سالىدىغان نۇتۇقلىرى بىلەن زور دەرىجىدە قارشى ئېلىشقا مۇيەسسەر بولغان. ئۇ چاغدا marble ئىنستىتۇتىنىڭ ئالدى ئۇنىڭ نۇتۇقىنى ئاڭلاشقا كەلگەنلەر بىلەن ئۇزۇن ئۆچرەت بولۇپ كېتەتتى. پىيىرنىڭ «تۇرمۇشتىكى سەنئەت» دېگەن ھەپتىلىك رادىئو پروگراممىسى NCB دا 54 يىل ۋاقىت ئۇلاپ ئاڭلىتىلغان. ئۇ ھەر ئايدا تەخمىنەن 750 مىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئادەمگە نۇتۇق سۆزلىگەن. ئۇنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكىدە نەشىر قىلىنغان «يول كۆرسەتكۈچ» دېگەن نەشرى ئەپكارنىڭ تىراژى 4 مىليون 500 مىڭ نۇسخىدىن ئېشىپ كەتكەن. ئۇنىڭ ھاياتى «ھايات» دېگەن نام بىلەن كىنو قىلىپ ئىشلەنگەن.

پېيىر ئادەم ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم نەرسە غۇرۇر دەپ قارايدۇ. ئۇ پسىخولوگىيە بىلەن ئېتىقادنى بىرلەشتۈرۈپ، زامانىۋى مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن كەڭ تەبىئەتلىكى، «غۇرۇر ئەقىدىلىرى» نى تونۇشنى ئىجاد قىلغان. ئۇ پسىخولوگ سىمىللىي بىلاند بىلەن marble ئىنستىتۇتىدا پسىخولوگىيىدىن مەسلىھەت بېرىش ئورنى تەسىس قىلغان. كېيىن بۇ جاي ئامېرىكا بويىچە روھىي كېسەللەرنى داۋالايدىغان داڭلىق فوندى جەمئىيەتكە ئايلانغان. 1972 ــ يىلى بۇ فوندى جەمئىيەت روھىي ساغلاملىق ئىنستىتۇتىغا قوشۇۋېتىلىپ، ساغلاملىق تەتقىقات ئورنىغا ئايلانغان. پېيىرنىڭ «غۇرۇرنىڭ ئاتىسى» دېگەن چىرايلىق نامى بار.

پېيىر ۋاپات بولغاندىن كېيىن نامى تېخىمۇ تارالغان. ئامېرىكىلىق مەشھۇر زات گىراخام «مەن دۆلەتكە پېيىر ۋە لويىس پېيىر (پېيىرنىڭ ئايالى)دىنمۇ ئارتۇق تۆھپە قوشقان ئادەمنى دەپ بېرەلمەيمەن ياكى ھاياتىمدا ماڭا ئۇ ئىككىسىدىن ئېشىپ چۈشكۈدەك ئىلھام بەخش ئەتكەن كىشى يوق دېسەممۇ بولىدۇ» دېگەن.

پېيىرنىڭ ھاياتى توغرىسىدا يېزىلغان بىر ئەسلىمىدە بۇ ئاكتىپ تەپەككۇر قىلغۇچىغا مۇنداق باھا بېرىلگەن: «رومان. W. پېيىر بىر ئىخلاسمەن مۇرىت، ئۇ ئامېرىكىدىكى ھاياتى كۈچىنى يوقاتقان دىنىي سورۇنلارغا رېئال ھاياتىي كۈچ بېغىشلىدى، مەيلى مال ساتقۇچى، ئۆي ئايالى ياكى

مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى بولسۇن... ھەممىسى پىيىرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، پىيىرنىڭ ئىپتىقانلىرى ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ سۆزى، ئەمما ئۇ ئادەتتىكى كىشىلەر بىلەن ئورتاقلىشىش ئۈچۈن تولىمۇ يۇقىرى بەدەل تۆلىگەن». پىيىرنىڭ ئوقۇرمەنلىرى ئۇنى قالتىس ھۆرمەت قىلىدۇ. خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىر پەلسەپە پروفېسسورى: «پىيىرنىڭ ئىپتىقانلىرى كىشىلىك قىممەت نەزەرىيىسى، ئۇ دىن ئەمەس، پەلسەپەمۇ ئەمەس، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئىلمىمۇ ئەمەس، ئۇنىڭ ئىپتىقانلىرى كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ھەقىقىي قىياپىتى، ھازىرقى زامان كىشىلىرىگە جىددىي زۆرۈر بولغان مۇھىم مەزمۇنلار» دېگەن.

# مۇندەرىجە

## بىرىنچى باب نىشان بەلگىلەش
### ھەر دائىم كىشىنى روھلاندۇرىدىغان نىشان بىلەن ھازىرلىنىڭ


بەخت — ئۆزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلەش دېمەكتۇر .................... 3
ئۆزىڭىزگە جەڭ ئېلان قىلالايدىغان كىشىگە ئايلىنىڭ ............... 6
ئىشەنچكە ئىگە بولۇش ئىقتىدارغا ئىگە بولۇشتىنمۇ مۇھىم............ 9
نىشان بىلەن تەييارلانغان ھامبۇرگ .............................. 12
مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشتىكى توققۇز مۇھىم ئامىل.................. 14
نىشانىنى «يۈرىكىڭىز»نىڭ ئۈستىگە قويۇڭ .......................... 17
نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇددىتىنى بېكىتىڭ ..................... 21
«تۆت ئامىل» ئارقىلىق ئۇتۇقسىزلىقنى يېڭىش ....................... 25
«72 كىلوگراملىق» ئىشەنچ ........................................ 29


## ئىككىنچى باب ئىشەنچنىڭ قۇدرىتى
### «ئۆزۈم قىلالايمەن» دېگەنگە قەتئىي ئىشەنچ قىلىش كىشىلىك ھاياتتىكى ئەڭ زور بايلىق


ئىشەنچ غەلبىگە يول ئاچالايدۇ..................................... 37
«14تال مۇسكۇل» سىزنى كىشىلىك ھاياتتا شاد ـ خۇراملىققا
ئىگە قىلىدۇ ..................................................... 41
ئىشەنچ سىزنى قىيىن شارائىتتىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىدۇ ............... 45
تالانتنى يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ ..................................... 48
كىشىلىك ھايات «كۆۋرۈك ئاستىدىن ئاققان ئېقىن سۇغا
ئوخشايدۇ» ...................................................... 52

بىر سېكۇنتنىڭ ئالدىدىكى ئۆزىڭىزگە يەتمەيسىز ...................... 55
دۇنياغا يېڭىۋاشتىن تۇغۇلۇڭ ...................................... 58

## ئۈچىنچى باب نىشان بەلگىلەش
### ئۈمىدۋارلىق — كۈلپەت ئىچىگە يوشۇرۇنغان
### ئەڭ ئېسىل پۇرسەت

«ئازاب ـ ئوقۇبەت» بىلەن كەشتىلەنگەن سىرلىق سوۋغا ......... 65
روھىي جەھەتتە ساغلام كىشى بولۇڭ ................................ 69
قىيىنچىلىقنى «ئەقىل ـ پاراسەت»نىڭ رېتسېپىغا ئايلاندۇرۇڭ ...... 71
ئۆز ـ ئۆزىڭىزنى كەمسىتىش تۇيغۇڭىزنى چۆرۈپ تاشلاڭ .......... 74
مۇشكۇل ئەھۋالدا قالغاندا يېڭى يول تېپىپ ئىلگىرىلەڭ ........... 78
بېسىمنى يېڭىلىشنىڭ «قەلب»تىكى رېتسېپى ......................... 82
ھاياتتا كۈچلۈكلەر ئۆزگىرىشنى قارشى ئالىدۇ ........................ 86
يېشىڭىز چوڭ بولغان تەقدىردىمۇ ئارزۇلارغا باي بولۇڭ ........... 89

## تۆتىنچى باب ئاكتىپ تەپەككۇرنىڭ قۇدرىتى
### — ئارزۇنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشنىڭ ئاجايىپ
### ئېسىل ئۇسۇلى

«ئىشەنچ» ئارزۇنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشتا يېتەكچىلىك قىلىدۇ ...... 93
«قىيلس قائىدىسى» قولدىن ئىش كەلمەيدىغانلارنى مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىغا
ئايلاندۇرىدۇ ...................................................... 96
«ئۇچۇشنى بىلگەن ئىكەنسىز، نېمىشقا ئېگىز ئۇچمايسىز؟» ......... 101
«مۇمكىن ئەمەس» دېگەن يالغان ـ ياۋىداق گەپنىڭ تېگىگە
يېتىش ........................................................... 103
«ئارزۇ» — «مۇمكىن ئەمەس» دېگەن پولات ئىستىھكامنىمۇ بۆسۈپ ئۆتۈپ
كېتەلەيدۇ ......................................................... 106
كىشىلىك ھايات خۇددى ئانىنىڭ «يارايسەن!» دەپ ئىلھام بېرىشىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئوخشايدۇ.......................................................... 108
مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى «تۆت پەلەمپەي» ........................ 111
مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى ئون مۇھىم نۇقتا ........................ 115

## بەشىنچى باب تەقدىرنىڭ قانۇنىيىتى
### — تەسەۋۋۇر — تەقدىرىڭىزنى ئۆزگەرتەلەيدۇ

باشقىلارنىڭ سىزنى باھالىشى ئەمەلىيەتتە ئۆز - ئۆزىڭىزنى باھالىشىڭىز بولىدۇ ........................................ 119
«خىيال»نى «ئەمەلىيەت»كە ئايلاندۇرۇشنىڭ ئىلمىي قائىدىسى...... 123
«تەقدىم قىلىپ — قانۇنىيەتكە ئىگە بولۇش» — مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى ئەڭ چوڭ سىر ................................................ 126
ئوڭۇشسىزلىقنى ئوڭۇشلۇققا ئايلاندۇرۇشتا «تەقدىم قىلىپ — قانۇنىيەتكە ئىگە بولۇش» ............................................ 129
«ھەممە غايىۋى نىشانغا قاراپ تەرەققىي قىلماقتا» .................. 132
«ئىشلار قانچە ئوڭ كەلمىگەن»سېرى، شۇنچە ئاسان ياكىتقا ئايلىنىپ قالىدۇ ........................................ 134
«روھ» نىڭ بېلىنى رۇسلاڭ ........................................ 137

## ئالتىنچى باب بۈگۈننى چىڭ تۇتۇڭ
### — «بۈگۈن» دىن تولۇق پايدىلىنىڭ

بۈگۈنكى ئىشلارنىڭ ھەممىسى ناھايىتى ياخشى ....................... 143
«بازغان ئەينەكنى ئۆۋۈتسەڭ بىلەن، پولاتنى تاۋلاپ چىقىدۇ» ............................................ 146
«بۈگۈن»كى مەخپىي سىردىن چېۋەرلىك بىلەن پايدىلىنىڭ ...... 149
ئاغرىپ يېتىپ قالغان ھالەتتىمۇ، قىزغىنلىق ئوتىنى يالقۇنلىتىڭ .. 152
شېرىن ئۇيقۇدىكى يوشۇرۇن ئىقتىدارىڭىزنى ئويغىتىڭ ............ 157

ئوڭۇشسىزلىق ئىچىدىكى مۇۋەپپەقىيەت ھەققىي مۇۋەپپەقىيەت ...... 159
پۇرسەت ھامان «قىيىنچىلىق» يېتىپ كەلگەندەك قىيا-
پەتكە كىرىۋالىدۇ ........................ 163
بىر نەچچە مىنۇت بىر ياشنى تامامەن ئۆزگەرتىۋېتەلەيدۇ ......... 166

## يەتتىنچى باب مەغلۇبىيەتنى يېڭىش

### — «ئۈمىدسىزلىنىشتەك قورقۇنچلۇق كېسەل»نى داۋالاشنىڭ مەخپىي رېتسېپى

«ئۈمىدسىزلىنىشنى يېڭىش»نىڭ سىرى ........................ 173
ئىرادىسىزلىك نىيىتىدىن ۋاز كېچىڭ ........................ 175
چوڭقۇر تەپەككۇر قىلىش — ئۇلۇغ شەيئىلەرنى يارىتىدى-
غان بۆشۈك ........................................ 179
باش قېتىنچىلىقىڭىزنى ئىزھار قىلىڭ ........................ 181
«ئاكتىپ ھەرىكەتكە» كېلىش ئوڭۇشسىزلىققا تاقابىل تۇرۇشنىڭ
ياخشى رېتسېپى ........................................ 185
جاپا ـ مۇشەققەت، قىيىنچىلىق، نامراتلىق — «ئۈچ
بۈيۈك ئۇستاز»دۇر ........................................ 189

## سەككىزىنچى باب تىلنىڭ قۇدرىتى

### — «ئاكتىپ تىل» خاراكتېر ۋە ھاياتىڭىزنى مۇكەممەللەشتۈرىدۇ

ھەرگىز «سوغۇق سۇ سېپىدىغان سۆز»نى قىلماڭ ................ 195
«كېيىنكى قېتىم» بىزگە يەنە يول ئېچىپ بېرىڭ ................ 198
قارا قويۇن «ئۇلۇغۋار غايە ـ جەسۇرانە ئىرادە»نى ھېچ-
نېمە قىلالمايدۇ ........................................ 200
كالتەك توپ ماھىرى مودىكاي ........................ 203
«ئىشەنچ» مۆجىزە تۇغدۇ ........................ 206

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قانداق قىلغاندا ئۆزىمىزنىڭ بەش يىلدىن كېيىنكى ئەھۋالىمىزنى بىلەلەيمىز ........................ 211
بارلىق «پاسسىپ پەرەزلەر»نى يۇلۇپ تاشلاڭ ........................ 213
«ئۆزىمىزنى ئۆزگەرتىشنى باشلىغان كۈندە» قەتئىي نىيەتكە كېلىڭ ........................ 215
ساختا «راھەتپەرەسلىك»نى قەتئىي ئىككىلەنمەي تاشلىۋېتىڭ ...... 219
ئارزۇلارنى ناھايىتى كىچىك كۆرسىتىش — «مەغلۇبىيەتچىلەرنىڭ پسىخىكىسى» دۇر ........................ 222

# توققۇزىنچى باب تەپەككۇر ۋە ساغلاملىق
## — «ساغلام تەپەككۇر» ھاياتتا مۆجىزە يارىتىدۇ

ئېتىقادنى ھازىرقى زامان تېببىي ئىلمى بىلەن بىرلەشتۈرۈڭ ...... 227
«تەگرى مېنىڭ ساغلام بولۇشۇمنى ئۈمىد قىلىدۇ» ........................ 230
تەن، مەنىۋىيەت ۋە روھنىڭ ماسلىشىشىنى قوغلىشىڭ ........................ 235
پەقەت تاللاشلا غالىبىيەتچى بىلەن مەغلۇبىيەتچىنى ئايرىيدۇ ........................ 238
ئالدى بىلەن كىشىلىك ھاياتتىكى جىنايەت تۈيغۇسىنى چۆرۈپ تاشلاڭ ........................ 241
«ئېتىقاد»نىڭ كۈچى بىلەن كېسەل داۋالىغىلى بولىدۇ ........................ 244
خۇشاللىق زەھەر قايتۇرۇش دورىسى ........................ 247
ئۈمىدنى ھەمىشە ئۆزىگىزگە يار قىلىڭ ........................ 249
«ساغلام تەپەككۇر» بىلەن قۇتقۇزۇۋېلىنغان ئۆسمۈر ........................ 252

# ئونىنچى باب ئۆز - ئۆزىنى ئۆزگەرتىش
## — قانداق قىلغاندا ئاكتىپ تەپەككۇر قىلىدىغان كىشىگە ئايلانغىلى بولىدۇ

مېنىڭ ۋۇجۇدۇمدا يۈز بەرگەن مۆجىزە ........................ 257

«ھەقىقانىيەتكە نىسبەتەن ئېچىرقاپ كەتكەن تۇيغۇدا» بولۇڭ ...... 261
كۆڭلىڭىزدە ئۆزىڭىزنى مۇئەييەنلەشتۈرۈڭ .......................... 265
«ئىنسان تەبىئىتى» مانا مۇشۇنداق يارىتىلىدۇ .................... 268
«نېرۋىسى قالايمىقانلىشىپ كەتكەن» كىشى ئۈچۈن تىلاۋەت
قىلىڭ ............................................................ 272
بىر نەچچە مىنۇتتىن كېيىن «ئىنسان تەبىئىتىنىڭ» ئاجا-
يىپ ئۆزگىرىشى ........................................... 275

## ئون بىرىنچى باب ئۆزلۈكنى ئىشقا ئاشۇرۇش
### — مۇۋەپپەقىيەت ۋە بەخت يارىتىدىغان كىشىلىك ھايات

40 مىڭ دوللارلىق ئوقۇش پۇلى...................................... 281
ئۇنىڭ ۋۇجۇ[illegible] يۈز بەرگەن مۆجىزە خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش...... 285
سىزنى ئالغا باستۇرىدىغان ئىككى مۇھىم قائىدە .................. 288
ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدىكى ئارزۇسىغا قايتىش .......................... 290
باشقىلارنى سۆيۈش — ناتىقلارنىڭ مەخپىيىتى...................... 294
ھاياتتا بەختنى ئەڭ كۈچلۈك ھېس قىلغان ۋاقىتلار ............... 298
ئېرىق ئىچىدىن تېرىۋالغان بەخت ................................. 301
«بەختلىك ئىشلارنى ئويلىغان ئادەم ئەڭ بەختلىكتۇر» ............ 304
ئادەم ئۆزىنى بەختلىك قىلىشى كېرەك............................ 307

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



*يۈزلىنىشىڭىز ھەممىنى بەلگىلەيدۇ!*

# بىرىنچى باب  نىشان بەلگىلەش

## ھەر دائىم كىشىنى روھلاندۇرىدىغان نىشان بىلەن ھازىرلىنىڭ



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# بەخت ـ ئۆزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلەش دېمەكتۇر

*ھەقىقىي خۇشاللىق ۋە چەكسىز بەختىيارلىق تۇيغۇسىغا نىشانىغا يېتىپ بولغاندىن كېيىن ئەمەس، بەلكى نىشانىغا قاراپ ئىلگىرىلىگەندىلا چۈمگىلى بولىدۇ.*

مەن ھاياتىمدىكى بارلىق نىشانلىرىمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بولدۇم دەپ قارىمايمەن. ئەزەلدىن بۇنداق ئويلاپمۇ باقمىدىم. تاكى بۇگۈنگە قەدەر، كۆڭلۈمدە يەنىلا ناھايىتى نۇرغۇن ئارزۇلىرىم بار. داۋاملىق پىلان تۈزۈپ، يېڭى ـ يېڭى نىشانلارنى سىناق قىلىپ، ھەممىگە يۈكسەك قىزىقىش ئىچىدە يۈرىمەن.

بەزىلەرنىڭ «نىشاننى ئاخىرى ئەمەلگە ئاشۇرغان» لىقى ئۈچۈن، ھاياجانلىنىپ ھېچ ھالى قالمايدۇ. ئادەتتە كىشىلەر مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلارنى ماختاپ: «ئاۋۇ كىشى كۆزلىگەن نىشانىغا يېتىپ بولدى» ياكى « ئۇ ھەممىدە مۇۋەپپەقىيەت قازاندى، ئۇنىڭ ئەمدى ھېچنېمىسى كەم ئەمەس» دەيدۇ.

ئەمەلىيەتتە، «مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلار» خۇددى ئىنتايىن قىممەتلىك نەرسىنى يىتتۈرۈپ قويغاندەك، دائىم تىتىلداپ يۈرۈيدۇ.

بۇنداق بولۇشى ئۇلارنى ئېگىز چوققىلاردىن ھالقىتقان ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ — مۇددىئا، زېھنىي كۈچ ۋە رىغبەت ئاللىقاچان سۇسلاشقان. نىشانىغا يېتىش ئىلگىرىكىدەك لەززەت بېغىشلىيالمىغان. ئاخىرقى نىشانىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا ئەگىشىپ، كۈرەش نىشانى يەنە ئايدىڭلاشمايدىكەن، غەلبە

قىلىشتا شەك يوق بولغان تەقدىردىمۇ شادلىق تۇيغۇسىدىن سۆز ئېچىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس.

بىر مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچى مۇنداق دەيدۇ:

«ھاياتىمدىن ھەممە خۇشاللىق تېپىلىدۇ، ئەمدى ئىلگىرىكىدەك جاپالىق ئىشلىمىسەممۇ بولىدۇ، ئەمدى يەنە يەڭمىسەم بولمايدىغان مەسىلىلەرمۇ قالمىدى».

ئامېرىكىدا بىر مەشھۇر كارخانىچى بولۇپ، ئۇ بىر قانچە چوڭ شىركەتنىڭ لىدىرى. ئۇنىڭ كەسپىي ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى ئىنتايىن تېز بولۇپ، كىشىنى تاڭ قالدۇرىدۇ. 35 ياشتىلا كەسكىن رىقابەتكە تولغان سودا دۇنياسىدا ئىنتايىن يۇقىرى ئورۇنغا ئېرىشكەن. 40 ياشقا كىرگەندە ھەممىدىن بىزار بولغان. 45 ياشقا كىرگەن يىلى ئۆزىنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى تاماملاپ بولغانلىقىنى جاكارلىغان ۋە ئۇنىڭ تازا روناق تاپقان دەۋرى ئاخىرلاشقان.

ئۇ خۇرسىنغان ھالدا مۇنداق دەيدۇ:

بۇنىڭدىن كېيىن قىلىدىغان ئىشىم ئامال قىلىپ ئورنۇمنى باشقىلارغا تارتقۇزۇپ قويماي، ساقلاپ قېلىش. ھازىر ئويلىسام، تىرىشىپ كۈرەش قىلىپ تەرەققىي قىلىشنى ئىستىگەن دەۋرلەر تولىمۇ كۆڭۈللۈك ئۆتۈپتىكەن. ئۇ مېنىڭ ھاياتىمدىكى ئالتۇن دەۋر. ھازىر ھەر قانچە قىلساممۇ ئۇ خىل خۇشاللىقلاردىن بەھرە ئالالمايمەن.

ئەمما تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە ئىدىيىسى پۈتۈنلەي ئۇنىڭغا ئوخشىمايدىغان كىشىلەرمۇ بار. ئۇلار مەلۇم بىر نىشانغا يەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئۇلاپلا يەنە بىر يېڭى نىشاننى بەلگىلەيدۇ ـ دە، خىرىسنى كۈتۈۋېلىپ بۇ نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. ئىلگىرىكى ئارزۇلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بولۇپ، يەنە

www.uyghurkitap.com

يېڭى ئارزۇلارنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، تېخىمۇ يىراق مۇساپىلەرگە قاراپ ئاتلىنىدۇ.

ئۇلار تۇرمۇش، خىزمەت ۋە ئېرىشكەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئۈچۈن ئوخشاشلا شادلىنالايدۇ، باشتىن ـ ئاخىر جۇشقۇن ھالىتىنى ساقلىيالايدۇ، كۈچ ـ قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تۇرغان بولىدۇ، كۈن ساناپ مەردانىلىق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ، ھەرقانداق ۋاقىتتا قىزغىنلىقىنى ۋە ئىجادكارلىقىنى يوقىتىپ قويمايدۇ.

ئۇلارنىڭ تۇرمۇش لۇغىتىدىن «ھەممە نىشانىمغا يەتتىم» دېگەن ئىبارىنى تاپقىلى بولمايدۇ. ئۇلار ھەر ۋاقىت ئۆزىنىڭ يېڭى نىشانى ئۈچۈن ھارماي ـ تالماي كۈرەش قىلىدۇ.

ھەقىقىي خۇشاللىق ۋە چەكسىز بەختىيارلىق تۇيغۇسىغا نىشانغا يېتىپ بولغاندىن كېيىن ئەمەس، بەلكى نىشانغا قاراپ ئىلگىرىلىگەندىلا چۆمگىلى بولىدۇ. يېڭى نىشان بەلگىلەپ، قايتماس ئىرادە ۋە ئالغا ئىنتىلىش روھى بىلەن خىرىسقا يۈزلەنگەندىلا، ھەقىقىي خۇشاللىقنىڭ تەمىنى تېتىغىلى بولىدۇ.

ئەڭ ئاخىردا بەختنى ھەقىقىي ھېس قىلغان كىشى، يېڭى نىشانغا تەلپۈنۈشتە قىزغىنلىقىنى ساقلاپ، مەڭگۈ يۇقىرى پەللىگە قاراپ ئىلگىرىلىگەن كىشىدۇر. نۇرغۇن مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلار ئۆز ـ ئۆزىدىن قانائەت ھاسىل قىلىپ، مۇۋەپپەقىيەتكە ناھايىتى تەستە ئېرىشتىم، ئەمدى خاتىرجەم بولدۇم، دەپ قارايدۇ. بۇ خىل ئوي پەيدا بولغان ئىكەن، غەلىبە شادلىقىغا قايتا مۇيەسسەر بولالمايدۇ شۇنداقلا نىشانغا قاراپ ئىلگىرىلەش قىزغىنلىقىدىن مەھرۇم قالىدۇ.

# ئۆزىڭىزگە جەڭ ئېلان قىلالايدىغان كىشىگە ئايلىنىڭ

*ئىشەنچكە ئىگە كىشىلەرلا، سەزگۈرلۈكىنى يوقاتماي، كىشىنىڭ خىيالىغىمۇ كىرمەيدىغان يېڭى قىياسلارنى ئوتتۇرىغا قويالايدۇ.*

تۇرلۇك ماللار كەسپىدە ئەڭ ئۇلۇغ مال ساتقۇچى دەپ ئاتالغان ئىموس پالىشنى ئەڭ بەختلىك كىشى دەپ ئاتاشقا بولىدۇ.

ئۇ ئادەتتە دۇدۇقلاپ گەپ قىلىدۇ، شۇنداقتىمۇ ئۇ ھەر يىلى نيويورك مەركىزى شەھىرىدە نۇتۇق سۆزلىگەندە، كەڭ يىغىن زالى ھەرقايسى چوڭ شىركەتلەرنىڭ دىرېكتورلىرى بىلەن توشۇپ كېتەتتى. ئۇلار ئۇن ـ تىنسىز ھالدا ئىموس پالىشنىڭ بازارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى بىلەن تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى تەھلىل قىلىپ سۆزلىگەن نۇتۇقىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلايتتى. بۇ ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئەمما ئۇنىڭغا نىسبەتەن، بۇ ئۇنىڭ يەتمەكچى بولغان نىشانلىرى ئىچىدىكى پەقەت بىرىلا خالاس. ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە، سەزگۈرلۈكىنى يوقاتماي، كىشىنىڭ خىيالىغىمۇ كىرمەيدىغان يېڭى قىياسلارنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ھەر قېتىم مەن ئۇنىڭ قولىغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى تەبرىكلىگىنىمدە، ئۇ قەتئىي پەرۋا قىلماي، پەقەت مۇنداقلا: «ھازىر ئويلاپ چىققان بۇ ئاجايىپ قىياسىمنى

ئاگلاپ بېقىڭ» دەيتتى.

ئۇ تازا زېھنىنى مەركەزلەشتۈرۈپ سۆز قىلغاندا دۇدۇقلاپ كېتەتتى. ئۇ 94 ياشقا كىرگەن يىلى، مەن ئۇنىڭ ئاز كۆنلۈكى قالغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا تېلېفون بەردىم:

— ھە! — ئۇ ئىلگىرىكىدەكلا قىزغىن ئىدى، — مەن يەنە يېڭى بىر قىياسنى تېپىپ چىقتىم، بۇ ناھايىتى سىرلىق قىياس.

ئــۇ ئۆزىنىڭ كىشىنى روھلاندۇرىدىغان يېڭى نىشانىنى ئاددىيلا چۈشەندۈردى. ئەمما ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى قەتئىي تىلغا ئالمىدى، يەنىلا ھايات خۇشاللىقلىرىدىن سۆز ئاچاتتى.

شــۇنــىڭــدىــن ئىككى كۈن ئۆتۈپ، ئۇنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ ئالەمدىن ئۆتتى.

ئىموس پالىشى بىر مۇۋەپپەقىيەت قازانغان كارخانىچى، ئــەمما ئۇ ئۆزىنى ئەزەلدىن ھەممىنى تاماملاپ بولدۇم، دەپ قارىمىغان. ئۇ توختىماي كېيىنكى نىشانى ئۈچۈن ئىلگىرىلەپ، بــىــر ئــۆمــۈر كېيىنكى غايىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا توختاۋسىز ئىزدىنىش بىلەن ئۆتكەن.

ئــامــېــرىكا كالتەك توپ ساھەسىدىكى مەشھۇر شەخس بىلانىچ. لىچمۇ ئىمۇسقا ئوخشاشلا كىشىدە ئۇنتۇلغۇسىز تەسىر قالدۇرىدىغان كۆزگە كۆرۈنگەن شەخس.

ئۇ ئىلگىرى سېنىت لوئىس قىزىل كېيىملىكلەر ئەترىتىدە، بــروكــلىن داۋچى ئەترىتى ۋە پىتتسبورگ دېڭىز قاراقچىلىرى ئەترىتىدە تىرېنېر بولغان. ئۇ يازغان «ئامېرىكا ياقۇتى» دېگەن ئەسەر كالتەك توپ تەنھەرىكىتى ھەققىدە يېزىلغان كاتتا ئەسەر ھېسابلىنىدۇ.

بــىــلانــىچ. لــىـچنىڭ 50يىللىق كالتەك توپ ھاياتىنى

خاتىرىلەش كىچىلىكىدە بىر مۇخبىر ئۇنىڭدىن:

— سىزنىڭ يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ھاياتىڭىز ئامېرىكىدىكى مۇھىم تەنھەرىكەت تۈرى بولغان كالتەك توپ ساھەسىدە ئۆتتى، سىزنىڭ ئەڭ چوڭ ھاسىلاتىڭىز نېمە؟ دەپ سورىغاندا، بىلانچ. لىچ قوشۇمىلىرىنى تۈرۈپ تۇرۇپ:

— بىلمەيمەن، چۈنكى مەن تېخى دەم ئېلىشقا چىقمىدىم، — دەپ جاۋاب بەرگەن.

لىچ گەرچە نۇرغۇن ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ بۇنىڭ بىلەن بارلىق نىشانلىرىمغا يەتتىم دەپ قارىمىغان. ئۇ داۋاملىق توسالغۇلارغا جەڭ ئېلان قىلىپ، ئۈزلۈكسىز شانلىق نەتىجىلەرنى ياراتقان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئىشەنچكە ئىگە بولۇش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشتىنمۇ مۇھىم

*ئىلگىرى ناھايىتى داغدۇغىلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بولسىڭىزمۇ، ھەرگىز بۇلار ماڭا يېتەرلىك دېمەڭ. سىزگە نىسبەتەن ئەڭ ياخشى پۇرسەتلەر يەنىلا ئالدىڭىزدا.*

يېقىندا، مەن كالفورنىيە شتاتى سېرىنگوۋل باغچىسى خرۇستال سارىيىنىڭ يەكشەنبە ئەتىگەنلىك ئىبادىتىدە نۇتۇق سۆزلەشكە تەكلىپ قىلىندىم. بۇ مۇقەددەس سارايىنى دوكتور روبېرت شولى تەۋرەنمەس ئېتىقادى ۋە 500 ئامېرىكا دوللىرى فوندى ئاساسىدا قۇرۇپ چىققان. ئۇ كۈنى ئەتىگەندە بۇ مۇقەددەس سارايىنىڭ 30 يىللىق خاتىرە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەن ئىدى. سارايى ئادەملەر بىلەن توشۇپ كەتتى. گېزىتتە 11 مىڭ ئادەم كەلدى دەپ خەۋەر بېرىلدى.

بۇ خاسىيەتلىك يەكشەنبە كۈنى، دوكتور شۇلى مۇخلىسلارنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، يېڭى مەركىزىنى قۇرۇش پىلانىنى ئېلان قىلدى. باشقىلارنىڭ نەزىرىدە دوكتور شۇلى كىشىلىك ھاياتىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە يەتكەن كىشى ئىدى. كىشىلىك تۇرمۇش پوزىتسىيىسى ئاكتىپ كىشىلەر مەلۇم نىشانغا يېتىپ بولغان ھامان، يەنە يېڭى نىشاننى بەلگىلەيدۇ.

مەيلى سىز قانداق بەدەللەر بىلەن نىشانىڭىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇڭ، ھەرگىز ھەممىنى تاماملاپ بولدۇم دەپ جاكارلىماڭ. ئەگەر بىر قانچە نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرغان بولسىڭىز يەنە يېڭى،

ئادەمنى تېخىمۇ قىزىقتۇرىدىغان نىشان بەلگىلەڭ. مەن سىزگە شۇنى ئەسكەرتىپ قويايكى، ئالدىڭىزدا سانسىز ئېسىل پۇرسەتلەر سىزنى كۈتۈپ تۇرماقتا.

ئىلگىرى ناھايىتى داغدۇغىلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بولسىڭىزمۇ، ھەرگىز بۇلار ماڭا يېتەرلىك دېمەڭ. سىزگە نىسبەتەن، ئەڭ ياخشى پۇرسەتلەر يەنىلا ئالدىڭىزدا. ئۆزىڭىز ئىلگىرىكى نەتىجىلىرىڭىزنى ئەسلىگىنىڭىزدە: «ئەجەب ياخشى، يەتمەكچى بولغان نىشانلىرىمنىڭ ھەممىسىگە يېتىپ بولدۇم» دېمەي، بەلكى ئىشلىرىمنى مۇشۇنداق ياخشى ئورۇنلاپ بولۇشۇم پەقەت «يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەققىي قىلىش مۇمكىنچىلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن» دەڭ. ھەر دائىم ئالدىڭىزدا گۈزەل كېلەچەكنىڭ قۇچاق ئېچىپ ياتقانلىقىغا ئىشىنىڭ، بۇنىڭدىن ھەرگىز دەرگۇمان بولماڭ. مۇشۇنداق قىلسىڭىزلا مەلۇم دەرىجىدە مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىپ، تېخىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەتكە قاراپ ئىلگىرىلەپ، ئۇلۇغۋار كىشىلىك ھاياتقا ئىگە بولىسىز.

ئەركىن دۇنيا كىشىلىك قاراشىنىڭ ئاساسى دېموكراتىزم، شۇنداقلا ئۇ ئېلىپ كەلگەن پۇرسەتنىڭ باراۋەرلىكى. ھەركىم ئۆز ئىشەنچى ۋە ئىقتىدارىغا تايىنىپ يۈكسىلىشكە ئېرىشىدۇ. ھەرقانداق ئىشەنچ ۋە ئىدىيىگە ئىگە بولۇش، ئىقتىدارغا ئىگە بولۇشتىنمۇ مۇھىم.

مەن ئاكتىپ پوزىتسىيە ۋە ئىشەنچنىڭ مۇھىملىقىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتىم ـ دە، نۇرغۇن كىشىلەرنى قايىل قىلىپ، ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ ئىدىيە، ئېتىقاد ۋە ئىشەنچكە تايانغاندىلا، يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى قېزىپ چىققىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈردۈم. ئەمەلىيەتتىمۇ نۇرغۇن ئاددىي ئادەملەرنىڭ بۇخىل ئاكتىپ پوزىتسىيە ۋە ئىشەنچكە تايىنىپ، ئۇلۇغۋار نەتىجىلەرنى

www.uyghurkitap.com

قازانغانلىقى توغرىسىدىكى مىساللار ناھايىتى كۆپ.

مېنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇن كىشىلەر قانداق قىلغاندا مۇددىئا، مەقسەتلەرنى رېئاللىققا ئايلاندۇرغىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى كىتابلارنى يېزىپ، كىشىلەرگە ئىلھام بەردى، ئەمما بۇ كىتابلارغا قارىغاندا مەشھۇر شەخسلەرنى بارلىققا كەلتۈردىغىنى يەنىلا ئەركىن جەمئىيەت ھازىرلىغان ئالاھىدىلىكلەر. مەن يەنە سىزگە شۇنى قايتا تەكرارلاي:

ئىشەنچىگە ئىگە بولۇش ئىقتىدارغا ئىگە بولۇشتىنمۇ مۇھىم.

پوزىتسىيە ھەممىنى بەلگىلەيدۇ!

# نىشان بىلەن تەييارلانغان هامبۇرگ

*ئاكتىپ پوزىتسىيىگە ئىگە كىشىلەر ئۆزلۈكسىز يېڭى نىشان تىكلەپ، تىپىمۇ يۇكسەك غايىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىدۇ.*

ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇرا شەرقىي قىسمىدىكى مەلۇم شەھەردە، بىر قېتىم مەن ئايالىم لوس بىلەن ناھايىتى زور مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بىر كارخانىچىنىڭ كاتتا هوزۇرىغا مېھمانغا باردۇق. ئۇ مەلۇم بىر كارخانىنى قۇرغان مەشهۇر شەخس ئىكەن.

ئىلگىرى مەن پۇرسەت بولسا خىناش. يارگى مۇكاپاتىنى ئۇنىڭغا بېرىشنى ناهايىتى بەخت هسابلايتتىم. بۇ مۇكاپات — كېلىپ چىقىشى نامرات، ئالغا ئىلگىرىلەش ئۈچۈن تىرىشىدىغان، دەسلەپكى قەدەمدە كۆزگە كۆرۈنگەن ئادەمگە بېرىلەتتى.

— سىز قەيەردە تۇغۇلغان؟ — دەپ سورىدىمەن ئۇنىڭدىن. ئويلىمىغان يەردىن ئۇ مۇنداق جاۋاپ بەردى:

— ئۆزۈممۇ ئېنىق بىلمەيمەن. ئېهتىمال ئاتلانتا شەهرىدە تۇغۇلغان بولسام كېرەك. ئاتا ـ ئانامنى بىلمەيمەن. مەن بىر قارا يېتىم، بىر نەچچە ئامېرىكا دوللىرى بىلەنلا جەمئىيەتكە قەدەم باسقانمەن.

ئۇ تۆرلۈك ئىشلارنى قىلغان، ئەڭ ئاخىرى ئىندىئانا ئوبلاستىدىكى فوت، ۋېن دېگەن كىشىنىڭ ئاشخانىسىدا پراكتىكانت مۇلازىمەتچى بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇ ئەقىللىق ھەم ئىشچان بولۇپ، ئىشلارنى ناهايىتى ئەستايىدىل ئىشلەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاشخانا خوجايىنىنىڭ ئۇنىڭغا كۆزى چۈشۈپ، ئۇنىڭ قابىلىيىتىنى سىناش ئۈچۈن، ۋەيران بولۇش ئالدىدا تۇرغان كىچىك بىر ئاشخانىنى ئۇنىڭغا تىجارەت قىلىشقا بېرىدۇ.

دەسلەپتە، ئۇ ھەرقانچە ئامال قىلىپمۇ ھېلىقى كىچىك ئاشخانىنى ئاقتۇرالمايدۇ، كېيىن ئۇ كەسپىي ئىشلىرىنىڭ يۈرۈشمەسلىكى — كۆكتاتنى كۆپ ئىلىۋېلىش، مال سېتىۋالغاندا ئىسراپچىلىق قىلىش، بۇنىڭ بىلەن تازا پايدا ئالالمايۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، چىقىمنى ئازايتىش، مۇلازىمەتنى ئەلالاشتۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تىجارىتىمۇ كۈنسېرى روناق تېپىپ جانلىنىپ كېتىدۇ. كېيىن ئۇ ئۆزى تاپقان پۇلغا ھامبۇرگ ئاشخانىسى ئاچىدۇ، چۈنكى ئۇ كىچىكىدىنلا ھامبۇرگ يېيىشنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇ ئاشخانىغا «ۋەندى» دەپ قىزىنىڭ ئىسمىنى قويىدۇ. ئاشخانىنىڭ نامى يىراق ـ يىراقلارغا تارقىلىدۇ، كۆلىمىمۇ تەدرىجىي كېڭىيىدۇ.

ئۇ كىشى دەل دىبو. تاموس بولىدۇ، ئۇ دائىم ئەڭ يېڭى كالا گۆشى ئىشلىتىشكە دىققەت قىلىپ، داۋاملىق يېڭى ـ يېڭى مۇلازىمەت تۈرلىرىنى تېپىپ چىقىدۇ ـ دە، زەنجىرسىمان ئاشخانا ئېچىشقا باشلايدۇ. ئۇنىڭ غەيرىتى ۋە ئىشەنچىسى بىلەن «ۋەندى» نامىدىكى زەنجىرسىمان ئاشخانا ھازىر 3200دىن ئاشىدۇ. بۇ تېز تاماقخانىلار ئىچىدە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ.

ناۋادا بىرەر كىشى ئۇنىڭدىن سەن ئەڭ ئالىي مەقسىتىڭگە يەتتىڭمۇ دەپ سوراپ قالسا، دىبو چوقۇم «ياق» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

مانا شۇنىڭدەك كىشىلەر بولغاچقىلا، ئامېرىكا ئىقتىسادى ئالەمشۇمۇل تەرەققىياتلارغا ئېرىشەلىگەن. بۇنداق كىشىلەر ئۆزلۈكسىز يېڭى نىشان تىكلەپ، تېخىمۇ يۇكسەك غايىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىدۇ.

# مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشتىكى توققۇز مۇھىم ئامىل

*بىرەر نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇپلا ھەممىنى تاماملاپ بولدۇم دەپ قارىماڭ، داۋاملىق تىرىشىپ يۇقىرى پەللىلەرگە جەڭ ئېلان قىلىڭ.*

نۇتۇق سۆزلەش مېنىڭ خىزمىتىم بولغاچقا، مەملىكەت دائىرىسىدە ياكى ھەر قايسى شتاتتىكى كارخانىچىلار كوللېكتىپى، رايون كوللېكتىپىنىڭ تەكلىپى بويىچە ھەرقايسى جايلارغا بېرىپ نۇتۇق سۆزلەش پۇرسىتىم خېلىلا بار. مەن خېلى بۇرۇنلا نۇتۇق سۆزلەش خىزمىتىمنىڭ مەڭگۈ ئاخىرلىشىش نۇقتىسى يوق ئىكەنلىكىنى سەزگەن. مەيلى سىزنىڭ ئىلگىرى قانداق كەچۈرمىشلىرىڭىز بولسۇن ياكى قانداق كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئىپادىڭىز بولسۇن، ئەڭ مۇھىمى يەنىلا بۈگۈنكى بۇ نۇتۇق.

ھەر قېتىم نۇتۇق سۆزلىگەندە پۈتۈن ۋۇجۇدىڭىز بىلەن كىرىشىشىڭىز كېرەك. ئىلگىرى ھەرقانچە نامىڭىز بولغان تەقدىردىمۇ، پەقەت باشتىكى بىر قانچە مىنۇت ئىچىدىلا ئاممىنى جەلپ قىلالايسىز. ناتىقلار ھەر قېتىم نۇتۇق سۆزلىگەندە ئاممىنىڭ تەكشۈرۈشىنى قوبۇل قىلىدۇ.

بىر قېتىم مەن مەملىكەت خاراكتېرلىك كارخانىچىلار يىغىلىشىدا نۇتۇق سۆزلىدىم، يىغىلىش باشلىنىشتىن ئىلگىرى، غەيرەت ـ شىجائىتى ئۇرغۇپ تۇرغان بىر ياش ناتىق بىلەن ھەمسۆھبەت بولدۇم، ئۇ مەندىن:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ناتىقلىق قىلىپ كېلىۋاتقىنىڭىزغا نەچچە يىل بولدى؟
— دەپ سورىدى.
— تەخمىنەن 50 يىل بولدى! — دەپ جاۋاب بەردىمەن.
ئۇ:
— قالتىسكەنسىز، قارىغاندا سىز بۇ كەسىپنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگە يېتىپسىز. مەنمۇ يېقىن كەلگۈسىدە سىزدەك بولىمەن، — دېدى.
مەن ئۇنىڭغا:
— ئالدىڭىزدا ناھايىتى خىجىلمەن، مەن ئۆزۈمنى ئەڭ يـۇقـىـرى چەككە يەتتىم دەپ قارىمايمەن. بۈگۈنكى نۇتۇق سـۆزلـەشـتـىـمـۇ مـەن ئۆزۈمنى يەنىلا يېڭى ئۆگەنگۈچى، ئـاڭـلىغۇچىلار ئالدىدا پۈتۈن زېھنىمنى قويۇپ سۆزلىمىسەم بولمايدۇ، دەپ قارايمەن، — دېدىم.
ئارىدىن بىر قانچە يىل ئۆتۈپ، مەن مەلۇم بىر پروگراممىدا ئۇنىڭ بىلەن يەنە ئۇچرىشىپ قالدىم. يىغىننىڭ چوڭقىيىشىغا ئـەگىشىپ، ئۇ تېخىمۇ ئەقىل ـ پاراسەتكە تولۇپتۇ. ئۇ ماڭا مۇنداق دېدى:
— مەن ھازىر سىزنىڭ ھېلىقى كۈنى كەچتە چىكاگودا قىلغان سۆزىڭىزنىڭ مەنىسىنى ھەقىقىي تونۇپ يەتتىم، ناتىق بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، بۇنىڭ ئىپپى ـ جىپىنى ئىگىلىۋالدىم دېـگەن بىلەن، نۇتۇق سۆزلىگەندە خۇددى يېڭى ئۆگەنگەن چاغدىكىگە ئوخشاش خاتالىق تۇغۇلدىكەن.
— شۇنداق، شۇنداق، — دېدىممەن تەستىقلاپ.
ئـۇنـداقـتـا، ئـادەم قـانداق قىلغاندا ئارزۇسىغا يېتىش شادلىقىدىن بەھرى ئالغىلى بولىدۇ:
1 ـ ئۆزىڭىزنىڭ قانداق كىشىلىك ھاياتقا ئىگە بولماقچى

كونكرېت ئويلىشىڭ.
ىڭىزنىڭ توپ مەقسىتىنى ھەقىقىي تونۇپ

3 ــ ئۆز مەقسىتىڭىزنى ناھايىتى ئاددىي، چۈشىنىشلىك سۆزلەر بىلەن يېزىپ چىقىڭ، ھەرقانداق مۇجمەللىكتىن ساقلىنىڭ.
4 ــ ئىمكان بار تېگىشلىك بىلىملەرنى قوبۇل قىلىپ، ئۆز نىشانىڭىزنى ۋە ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۇسۇللىرىنى تەتقىق قىلىڭ.
5 ــ نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش چېكىنى بېكىتىڭ.
6 ــ ئۆزىڭىز بېكىتكەن نىشانىڭ توغرىلىقىنى تىلەڭ، توغرا بولمىغان پاسسىپ نىشانلار ياخشى نەتىجە بەرمەيدۇ.
7 ــ داۋاملىق نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تىرىشىڭ، ھەرگىز يېرىم يولدا بولدى قىلماڭ.
8 ــ ئاكتىپ، ئۇچۇق ــ يورۇق پوزىتسىيىدە بولۇڭ.
9 ــ بىرەر نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇپلا ھەممىنى تاماملاپ بولدۇم دەپ قارىماڭ، داۋاملىق تېخىمۇ يۇقىرى پەللىلەرگە جەڭ ئېلان قىلىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# نىشاننى «يۈرىكىڭىز» نىڭ ئۈستىگە قويۇڭ

*سەندە پەقەت قىزىلمۇچىنىڭ ئورۇقچىلىك ئىشەنچ بولىدىكەن، ئەمەلگە ئاشمايدىغان ئىش بولمايدۇ.*

«مەن يازما تۈسنى ئالمىغان پىلان خام خىيالدىن ئىبارەت» دېگەن ئەقلىيىگە ئاساسەن تۆۋەندىكى كونكرېت ئۇسۇلنى تېپىپ چىقتىم:

ئۆزىڭىزنىڭ نىشاننى قەغەزگە يېزىپ، يۈرىكىڭىز جايلاشقان تەرەپتىكى چاپىنىڭىزنىڭ تۆش يانچۇقىغا سېلىپ قويۇڭ.

مەن ياشلىق دەۋرىمدە بەلگىلىۋالغان نىشانلىرىم ئارقىلىق كىشىلەرگە تەكلىپ بېرىپ، ئىشەنچ ۋە ئېتىقادقا، ئاكتىپ، ئوچۇق - يورۇق پوزىتسىيىگە ئىگە بولۇپ، بۇ ئارقىلىق شەخسنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، كىشىلىك ھاياتنى يۈكسەلدۈرۈشۈم كېرەك دەپ ئويلاپ ۋە بۇ نىشاننى كارتىغا يېزىپ، بىر قانچە يىللارغىچە تۆش يانچۇقۇمدىن ئايرىمىدىم.

مەن تاسادىپىي ھەرخىل نىشانلارنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ، ئۇلارنى كارتىغا يېزىپ، تۆش يانچۇقۇمغا سېلىپ قويىمەن. شۇنداق قىلىپ، يانچۇقۇم نىشان يېزىلغان كارتىلار بىلەن توشۇپ كېتىدۇ. ھەر قېتىم مەلۇم بىر نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرغاندا، ھېلىقى كارتىنى ئالىمەن. مەن مۇشۇ ئۇسۇلنى يولغا قويىماقچى بولغان دوستلارنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولغان

ئـــارزۇســـــنى كارتىغا يېزىپ، تۆش يانچۇقىغا سېلىۋېلىشنى، ئارزۇلىرىنىڭ تېزرەك رېئاللىققا ئايلىنىشنى تىلەيمەن.

مەن دائىم مال سېتىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ياكى سودا كەسپى ساھەسىدىكى زاتلار بىلەن مۇشۇ نىشانغا يېتىش ئۇسۇللىرى ئۈستىدە ھەمسۆھبەتتە بولىمەن. نۇرغۇن كىشىلەر مۇشۇ ئۇسۇلنى قوللىنىپ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى.

مەســـىـلـەن: مــېنىڭ سوغۇرتا شىركىتىنىڭ مەملىكەت خاراكتېرلىك يىغىلىشىدا سۆزلىگەن نۇتۇقۇمدىن مۇشۇ ئۇسۇلنى ئاڭلىغان بىر ياش، ئەنە شۇ سانىسىز مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلارنىڭ بىرى بولىدۇ. بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇ گەرچە سوغۇرتا خىزمىتىنى شۇنچە تىرىشىپ ئىشلىگەن بولسىمۇ، ئەمما كەسپىي نەتىجىسى ئىزچىل كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغان.

مــېـنـــىـڭ نــۇتــۇقۇمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ مــۇۋەپپەقىيەت قازىنالماسلىقىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى، رېكورد يارىتىشنى ئەستايىدىل ئويلاپ يەتمىگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تېخىمۇ ئاكتىپ پوزىتسىيە بىلەن، كۆڭلىدە ئۆزى ئېرىشىدىغان ئەڭ ئېسىل نەتىجىنىڭ مەنزىرىسىنى سىزىپ چىقىپ، رېكورد يارىتىش قارارىغا كەلگەن.

ئۇ چاغدىكى نۇتۇق سۆزلەش يېڭى يىلدىن كېيىن ئۆزۈن ئۆتمەي ئېلىپ بېرىلغان. كېيىن ئۇماڭا، ئۆزىنىڭ ھېلىقى كۈنى مېھمانخانىغا بېرىپ سالماقلىق بىلەن ئويلىنىپ، شۇ يىللىق تىجارەت نىشان سوممىسىنى قارار قىلغانلىقىنى، بۇ بىر «كىشىنى چۆچۈتىدىغان» سان بولۇپ چىققانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. بۇنى ئــۇنــىـڭ ئـــىلگىرىكى نەتىجىلىرىگە سېلىشتۇرغاندا، ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇمكىن ئەمەستەك قىلاتتى.

تۆۋەندە تونۇشتۇرۇلغان نىشانلارنى ئۇ قەغەز كارتىغا يېزىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىر يىلىغىچە تۆش يانچۇقىدىن ئايرىمىغان ئىدى. ئۇ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنالىشىم پوتونلەي تۆۋەندىكى سۆزلەرگە تايانغانلىقىمدىن بولدى، دەپ چوڭقۇر ئىشەنگەن:

بۇ يىل مەن ئوچۇن ئەڭ ياخشى بىر يىل.

مەن بارلىق غەيرىتىمنى ۋە زېھنىمنى خىزمەتكە قارىتىپ، خىزمەت خۇشاللىقىدىن بەھرىمەن بولىمەن.

ئاكتىپ، ئوچۇق ـ يورۇق پوزىتسىيە بىلەن، بۇ يىل قىلماقچى بولغان ئىشلىرىمنى ئۆتكەن يىلدىكى نەتىجىلىرىمدىن 50٪ ئاشۇرۇۋېتىشكە ئىشىنىمەن.

مەن چوقۇم بۇ نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرىمەن.

— شۇنداق قىلىپ سىز ئۇ يىلى قانداق نەتىجىلەرگە ئېرىشتىڭىز؟ — دەپ سورىدىمەن ئۇنىڭدىن.

ئۇ مۇنداق دىدى:

— ئىشىنەمسىز؟ ئۇ يىللىق سومما دەل 50٪ ئاشتى. ئەگەر سىز ئۆگەتكەن تۆش يانچۇققا سېلىپ قويۇش ئۇسۇلىنى قوللانمىغان بولسام، مەن ھېلىھەم شىركەتتىكى ئەڭ تۆۋەن نەتىجىلىرىم بىلەن پەرۋانە بولۇپ يۈرەتتىم. ئۇ ئۇسۇل مېنى ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان ئاكتىپ پوزىتسىيىگە ئىگە قىلىپ، مەندىكى ھەتتا ئۆزۈممۇ بىلمەيدىغان يوشۇرۇن ئىقتىدارنى ئويغاتتى. ھازىرقى نەتىجىلىرىممۇ ئۈزلۈكسىز كۆپىيىۋاتىدۇ.

— 50٪ ئېشىش دېگەن بۇ قالتىس سان، تىجارەت سوممىسىنى كۆپەيتىشنى قارار قىلغاندا، قانداق روھىي ھالەتتە بولغان ئىدىڭىز؟ — دەپ سورىدىمەن ئۇنىڭدىن.

ئۇ مۇنداق جاۋاپ بەردى:

— ئېيتىپ كەلسەم تولىمۇ قىزىق. مەن چوقۇم نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرىمەن دەپ ھېس قىلدىم. مەن بىر دىن مۇخلىسى،

دائىم دىنىي سورۇنلارغا بېرىپ تۇرىمەن، شۇڭا ھەر كۈنى دىنىي دەستۇرلاردىكى: «سەندە پەقەت قىزىل مۇچىنىڭ ئۇرۇقچىلىك ئىشەنچ بولىدىكەن، ئەمەلگە ئاشمايدىغان ئىش بولمايدۇ» دېگەنلەرنى ئەسلەپ تۇرىمەن. دىنىي دەستۇرلاردىكى ئۇ سۆزلەر ھەقىقەتەن بىباھا. ھازىر بۇلار مەندە ئۆز كۈچىنى كۆرسەتتى. بۇ پاكىت.

— سىز بۇلارنى ئىشقا ئاشۇردىڭىز شۇنداقمۇ؟ — دېدىمەن ئۇنى ماختاپ. ئۇ مۇنداق جاۋاب بەردى:

— نەدىكىنى دەيسىز. ئىشلار ئەمدى باشلىنىۋاتىدۇ، ئۆگىنىدىغان نەرسىلەر بەك كۆپ ئىكەن. ئازراقلا بوشاڭلىق قىلسىڭىز، ئىلگىرىكى ھالىتىڭىزگە قايتىسىز ـ دە، مەغلۇپ بولىسىز. مەن ھەرگىز «ھەممىنى تاماملاپ بولدۇم» دېگەننى خىيال قىلمايمەن، بۇنىڭدىن قانائەت ھاسىل قىلىش ئىنتايىن خاتا. دېمەك، ئۇ زېرەكلىك بىلەن ئۆزىنىڭ تەشۋىشىنى ئىجادىيەتكە ئايلاندۇردى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

# نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇددىتىنى بېكىتىش

*نىشانىنى ۋە نىشانىمىزغا يەتمەكچى بولغان ۋاقىتنى توغرا بەلگىلىۋالساقلا، ئۆزىمىزنىڭ كۈچ قۇۋۋىتىمىزنى ئارزۇيىمىزغا يېتىشكە سەرپ قىلىدىغان، نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىدىغان ۋەزىيەت بارلىققا كېلىدۇ.*

يۇقىرىدا مىسال كەلتۈرۈلگەن، نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ياردەم بېرىدىغان توققۇز مۇھىم ئامىلغا يەنە بىر نۆۋەت قارىۋېتىڭ. ئۆزىمىزنىڭ نىشانىنى ۋە چەك قويغان نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ۋاقتىنى توغرا ئىگىلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك.

مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئېنىق نىشان بەلگىلەش ئىنتايىن مۇھىم. ئەگەر ئۆزىمىزنىڭ نىشانىنى توغرا ئىگىلەپ ۋە نىشانىمىزغا يەتمەكچى بولغان مەزگىلنى بەلگىلىۋالساقلا، ئۆزىمىزنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتىمىزنى ئارزۇيىمىزغا يېتىشكە سەرىپ قىلىدىغان، نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىدىغان ۋەزىيەت بارلىققا كېلىدۇ.

تۆۋەندىكى كىچىك ھېكايە بۇنىڭ ئەڭ ياخشى مىسالى:

بىر قېتىم گولف توپ مەيدانىدا، توپنى چىملىق مەيدانغا ئۇرۇپ كىرگۈزىۋېتىپ قالدىم. بىر ياش دەل شۇ يەردە غازاڭ يىغىۋېتىپتىكەن، ماڭا توپ ئىزدىشىپ بەردى. ئۇ ناھايىتى ئىككىلەنگەن ھالدا مەندىن:

— پېپىر ئەپەندى، مەن بىر ۋاقىت چىقىرىپ سىزدىن

مەسلىھەت ئالاي دېگەنىدىم، — دېدى.
— قاچان دەيسىز، — دەپ سورىدىممەن.
— ھە! قاچان بولسا بولىۋېرىدۇ، — دېدى ئۇ ئېرەڭسىزلىك بىلەن.
— سىز مۇشۇنداق قارىسىڭىز مەسلىھەت ئالىدىغانغا مەڭگۈ پۇرسەت چىقىرالمايسىز. 30 مىنۇتتىن كېيىن كۆرۈشەيلى، دېدىم.
دېگەندەك 30 مىنۇتتىن كېيىن بىز بىر دەرەخنىڭ ئاستىغا كەلدۇق. مەن ئاۋۋال ئۇنىڭدىن ئىسمىنى سورىۋېلىپ، ئاندىن:
— ئەمدى دەڭ، مېنىڭ بىلەن مەسلىھەتلەشكۈدەك نېمە ئىشىڭىز بار ئىدى. — دېدىم.
— ئۆزۈممۇ ئېيتىپ بېرەلمەيمەن، پەقەت ئازراق ئىش قىلاي دەپ ئويلىغان ئىدىم.
— قىلىدىغان ئىشىڭىزنى كونكرېت دەپ بېرەلەمسىز؟ دەپ — سورىدىم.
— ئۆزۈممۇ تازا ئېنىق بىلمەيمەن، مەن ھازىر قىلىۋاتقان ئىشلىرىمغا ئوخشىمايدىغان ئىشلارنى قىلسام دەپ ئويلايمەن، ئەمما نېمە ئىش قىلسام بولىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن. ئۇ شۇ تاپتا تولىمۇ قيىن ئەھۋالدا قالغاندەك كۆرۈنەتتى.
— ئۇنداقتا سىز تېخى بېكىتمىگەن ئۇ نىشانىڭىزنى قاچان ئەمەلگە ئاشۇراي دەيسىز؟ ـ دەپ سورىدىممەن يەنە.
ئـۇ خـۇددى قـيـىـن ئـەھـۋالـدا قـالـغاندەك ھەم ئاچچىقلانغاندەك:
— بىلمەيمەن، ئىشقىلىپ بىر كۈنى. بىر كۈنى بولمىسا بىركۈنى مەلۇم ئىشنى قىلىمەن، — دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنىڭدىن نېمە ئىش قىلىشنى ياخشى كۆرىسىز، دەپ سورىدىم.
ئۇ بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇپ كېتىپ، ئالاھىدە ياخشى كۆرىدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىشنى تاپالمىدى.

— ئەسلى مۇنداق ئىكەن ـ دە. سىز مەلۇم بىر ئىشنى قىلىسام دەپ ئويلايدىكەنسىز، ئەمما نېمە ئىش قىلىشنى بىلمەيدىكەنسىز، ھەم ئۇنى قاچان ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىمۇ بىلمەيسىز، ئۆزىڭىزنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ياكى نېمىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭىزنى تېخىمۇ بىلمەيدىكەنسىز،— دېدىم.

ئۇ مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلاپ، نارازى بولغان ھالدا بېشىنى لىڭشىتىپ:

—مەن ھەقىقەتەن يارىماس ئادەم ئىكەنمەن، — دېدى.

ئۇنداق ئەمەس، سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئويلىرىنى رەتلەپ يېزىپ چىقماپسىز ياكى ئومۇمىي قىياس كەم. سىز ناھايىتى ئەقىللىق ئىكەنسىز، مىجەزىڭىزمۇ ياخشى، ئالغا ئىنتىلىش روھىڭىز كۈچلۈك ئىكەن، ئالغا ئىنتىلىش روھىڭىزنىڭ تۈرتكىسىدە ئازراق ئىش قىلسام دەپ ئويلاپسىز. مەن سىزنى ياقتۇرۇپ قالدىم، سىز مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايسىز، سىزگە ئىشىنىمەن.

مەن ئۇنىڭغا ئىككى ھەپتە ئىچىدە ئۆزىڭىزنىڭ كەلگۈسى توغرىسىدا ئويلىنىپ، نىشان بەلگىلەپ، ئۇنى قاچان ئوڭۇشلۇق ئەمەلگە ئاشۇرىدىغانلىقىڭىزنى مۆلچەرلەپ، كارتىغا يېزىپ چىققاندىن كېيىن مەن بىلەن كۆرۈشۈڭ، دېدىم.

ئىككى ھەپتىدىن كېيىن، ئۇ ناھايىتى بىتاقەت، روھىي جەھەتتىن خۇددى باشقىلا بىر ئادەمگە ئۆزگىرىپ قالغاندەك قىلاتتى. بۇ قېتىم ئۇ ئېنىق ھەم مۇكەممەل پىكىرلەرنى ئېلىپ كەلگەن بولۇپ، كەلگۈسىدە گولف توپ مەيدانىنىڭ دىرېكتورى بولماقچى بولغان. چۈنكى ھازىرقى دىرېكتور بەش يىلدىن كېيىن پېنسىيىگە چىقاتتى. دېمەك ئۇ ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولغان نىشانىنىڭ ۋاقتىنى بەش يىلغا سۈرگەن ئىدى.

ئۇ، بۇ بەش يىل ۋاقىت ئىچىدە دىرېكتورلۇق ۋەزىپىسىنى ئۆتەشتە ھازىرلاشقا تېگىشلىك نۇرغۇن بىلىملەرنى ۋە رەھبەرلىك ئىقتىدارىنى ئۆگىنىۋالدى. دىرېكتورنىڭ ئورنى بوشىسىلا، ئۇنىڭ بىلەن رىقابەتلىشەلەيدىغاندىن بىرەرسىمۇ چىقمايتتى.

يەنە بىر قانچە يىلدىن كېيىن، ئۇ شىركەتتە كەم بولسا بولمايدىغان شەخسلەردىن بولۇپ قالاتتى. ئۇ ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان گولف توپ مەيدانىدىكى كادىرلار ئىشلىرىنىڭ ئۆزگىرىشىدىن ئۇ كەلگۈسى نىشانىنى بەلگىلىۋالغان. ھازىر ئۇ ئىنتايىن بەختلىك ياشاۋاتىدۇ، ئۇ ھاياتىدىن ئىنتايىن رازى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# «تۆت ئامىل» ئارقىلىق ئوڭۇشسىزلىقنى يېڭىش

*ھاياتتا ئادەم نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا ۋە ئوڭۇشسىزلىقلارغا دۇچ كېلىدۇ، بەزىدە مۇنداق قارىماققا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدىغانغا ئاز قالغاندەك قىلغان بىلەن، يەنە بەزىدە كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ھەممە نېمە ۋەيران بولۇپ كېتىدىغان ئىشلارمۇ بولۇپ تۇرىدۇ.*

ئېنىق نىشان، ئاكتىپ پوزىتسىيە، قەتئىي ئىشەنچ، ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان نىشاننى سىزىپ چىقىشتىن ئىبارەت تۆت ئامىل تولۇق ھازىرلانسا، ھەرقانداق ئادەم ئۆزى دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرنى ئوڭۇشلۇق ھەل قىلالايدۇ. ناۋادا نېمىنى قىلىشنى ئۈمىد قىلساق، مەيلى قانداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشتىن قەتئىينەزەر، بۇ تۆت ئامىلنى ئىشقا سالساق، ئەڭ زور كۈچنى جارى قىلدۇرغان بولىمىز.

ئەگەر ئۆزىمىزنىڭ تۇرمۇش پوزىتسىيىسى، خاراكتېرى، ساغلاملىق قاتارلىق جەھەتلەردىكى يېتەرسىزلىكىمىزنى يەنىمۇ ياخشىلىشىمىز كېرەك، دەپ قارىساق، پىلان تۈزۈپ چىقىشىمىز لازىم.

ھاياتتا ئادەم ناھايىتى نۇرغۇن قىيىنچىلىقلار ۋە ئوڭۇشسىزلىقلارغا دۇچ كېلىدۇ، بەزىدە مۇنداق قارىماققا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدىغانغا ئاز قالغاندەك قىلغان بىلەن، يەنە بەزىدە كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ھەممە نېمە ۋەيران بولۇپ

كېتىدىغان ئىشلارمۇ بولۇپ تۇرىدۇ.

قارىماققا كىشلەرنى ئىشەندۈرۈش قىيىن بولغان بۇ ئىش، مەن كانادادىكى مەلۇم شەھەردە نۇتۇق سۆزلىگەندە يولۇقتۇرغان بىر ئەر كىشىدە يۈز بەردى. ئۇنىڭدەك كۈچ ـ قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تۇرغان، پوزىتسىيىسى ئاكتىپ، روھىي جەھەتتە شاد ـ خۇرام كىشىنى ئۇچرىتىش تولىمۇ قىيىن. ئۇ بۇ قېتىم 2000 دەك تاماشىبىن قاتناشقان نۇتۇق سۆزلەش يىغىنى ئۆتكۈزدى. مەن ئۇنىڭ كۆكسى ـ قارنىنىڭ كەڭلىكىگە ئاپىرىن ئوقۇدۇم.

ئـەنـە شـۇ قـىـزىـقـىشنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي، ئۇنىڭدىن:

— سـىـز قـالـتـىـس ئىكەنسىز، بۇنىڭ سىرىنى دەپ بېرەلەمسىز؟ — دەپ سورىدىم.

ئۇ مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى:

— دەپ كەلسەم گەپ تولا، قىسقارتىپلا دېسەم، مەن بىر مەھەل ھەممىدىن قۇرۇق قالغاندەك بولۇپ قالغان ئىدىم. نېمىلا ئـىـش قىلسام يۈرۈشمەيتتى. كېيىن مەن سەۋەبىنىڭ ئۆزۈمدە ئىكەنلىكىنى بىلدىم. بۇلارنى ئۆزۈمنىڭ مەغلۇبىيەت تۇيغۇسى كـەلـتـۈرۈپ چـىـقـارغـان ئىكەن. نېمىلا ئىش قىلماي تازا كىرىشەلمەيتتىم. ئايالىم مەندىن ئەنسىرەپ، ماڭا داۋاملىق ئىلھام بېرىپ، ئۇمۇتسىزلىق ئىچىدىن قۇتقۇزۇپ چىقسام دەيتتى. بۇ چـاغـدا ئۇ سىزنىڭ «ئاكتىپ تەپەككۇرنىڭ قۇدرىتى» دېگەن كىتابىڭىزنى ئېسىگە ئېلىپ، مېنى كۆرۈپ بېقىشقا دەۋەت قىلدى. كىتاب قولۇمدا، كىتابىنىڭ ئىسمى مېنى خېلى جەلپ قىلغان بولسىمۇ، مەزمۇنى پۈتۈنلەي دىن بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەن. ئېتىقاد، دىنىي جەمئىيەت بىلەن مۇناسىۋىتى بولمىغان مېنىڭدەك بىر ئادەمگە بۇ كىتابنى ئوقۇش دەسلەپتە خېلىلا تەس كەلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەمما ئايالىمنىڭ نەسىھەت قىلىپ تۇرۇۋېلىشى بىلەن، دىنغا دائىر قىسمىدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ، ئادەتتىكى بايانلارنى كۆرۈشنى قارار قىلدىم ـ دە، ئاخىر بېسىپ ئولتۇرۇپ ئوقۇپ چىقتىم. كېيىن دىنغا دائىر قىسىملارنىمۇ ئالا قويماي تەپسىلىي بىر كۆرۈپ چىقتىم.

ئايالى يانى ئۇنىڭ گېپىنى تولۇقلاپ مۇنداق دېدى:

— بۇ ئەپەندى ئىلگىرى ناھايىتى زور ئوقۇشسىزلىقلارغا ئۇچرىغان، ئۇ سىزنىڭ كىتابىڭىز بىلەن ئورنىدىن دەس تۇردى، — دېدى.

ئۇ يەنە مۇنداق دېدى:

— توغرا، سىزنىڭ كىتابىڭىزدىنمۇ ئۈنۈملۈك نەرسىنى تاپتىم. سىزنىڭ كىتابىڭىزغا رەھمەت ئېيتىش يۈزىسىدىن سىزگە بۇ ئىشنى سۆزلەپ بېرەي. بۇ ناھايىتى ياخشى ئۇسۇل. كېيىنكى قېتىم سىز يېزىقچىلىق قىلغاندا پايدىلانسىڭىز بولىدۇ. بىر كۈنى مەن ھەر قېتىم بېشىمغا كۈن چۈشكەندە تەگرىنىڭ مېنى قوغداپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى، ماڭا ئۇنى ئۆز كۈچۈم بىلەن يەڭگۈزۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن مەن بىر دەستۇرغا ئىگە بولدۇم، ئۇ بولسىمۇ قەددىڭىزنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ: «مەن ئوقۇشسىزلىقنىڭ ھەيۋىسىنى يەرگە ئۇرىمەن» دېيىشتىن ئىبارەت. مېنىڭ ئىنكار قىلىدىغىنىم ئوقۇشسىزلىقنىڭ ئۆزى ئەمەس، بەلكى ئوقۇشسىزلىقنىڭ ھەيۋىسى.

— ناھايىتى روشەنكى، بارلىق مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلارغا ئوخشاش، سىزمۇ ئۆز رېئاللىقىڭىزغا تاقابىل تۇرالايسىز، — دېدىمەن.

— مەن سىزگە قايسى چاغدىن باشلاپ ئاشۇنداق ئىشەنچكە ئىگە بولغانلىقىمنى ئېيتىپ بېرەي، سىزنىڭ ھېلىقى

كىتابىڭىزدىكى دىنغا دائىر قىسمىدىن ئەخمەقلەرچە ئاتلاپ ئۆتۈپ كېتىپ، قايتا ئوقۇغاندىن كېيىن ئەنە شۇنداق ئىشەنچكە ئىگە بولدۇم. مەن ھازىر ئەۋلىيا ھېسابلانمىسىممۇ، ئەمما ئىخلاسمەن بىر قەلبكە ئىگە بولدۇم. گەرچە ئالدىمىزدىكى يوللار يەنىلا ناھايىتى ئۇزۇن بولسىمۇ، ئەمما ئۆزۈمنىڭ ئاخىرقى نۇقتىغا قاراپ كېتىۋاتقانلىقىمغا ئىشەنچىم كامىل.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# «72 كىلوگراملىق» ئىشەنچ

*ساغلام تۇرمۇشتىن بەھرە ئېلىش، ھاياتتىكى ئەڭ زور خۇشاللىق. ساغلاملىق بارلىق كىشىلەرنى تەلپۈندۈرگەن يۈكسەك نىشانى.*

مەن ساغلاملىقنا دائىر بىر باش قېتىنچىلىقنى مىسال تەرىقىسىدە سۆزلەپ بېرەي.

ئىشخانامغا كەلگەن خەت ــ چەكلەر ئىچىدە، ساغلاملىققا دائىر خەت ــ چەكلەر نەچچە مىڭ پارچىغا يېتىدۇ. بۇ مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ باش قېتىنچىلىقى.

ساغلاملىق جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، ساغلام تۇرمۇشتىن بەھرە ئېلىش، ھاياتتىكى ئەڭ زور خۇشاللىق. ساغلاملىق مانا مۇشۇنداق قىممەتلىك. ساغلاملىق بارلىق كىشىلەرنىڭ تەلپۈندۈرگان بىرىنچى نىشانى.

مېنىڭ جوئىي ئىسىملىك بىر دوستۇم بار ئىدى. ئۇ تاماقنى ھەددىدىن ئارتۇق يېگەچكە، تاماكىنىمۇ نورمىدىن ئارتۇق چەككەچكە، ئۇنىڭ ئۇستىگە روھىي بېسىمى ئېغىر بولغاچقا، سالامەتلىكىنى كېرەكتىن چىقىرىۋالدى. ئۇ ناھايىتى سەمرىپ كېتىپ يۇقىرى قان بېسىمى كېسىلىگە گىرىپتار بولدى. پەلەمپەيدىن چىقىدىغان بولسا پوكاندەك قىزىرىپ، دەم ئالالماي قالىدۇ. ئاخىرى ئۇنىڭ مەسئۇل دوختۇرى ئۇنىڭغا، تاماكا، ھاراق، يېمەكلىك ۋە روھىي بېسىمنى ئازلاتمىسىڭىز سالامەتلىكىڭىزنى قەتئىي ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمايدۇ، دېدى. ئاندىن يەنە

مۇنداق بىر گەپنى تولۇقلاپ قويدى:

— سالامەتلىكىڭىزنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگە تايىنىڭىز يېتەمدۇ؟

دوختۇر جوئىي ئىسىملىك بۇ كىشىنىڭ غۇرۇرى ناھايىتى كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ قىلالمايمەن دېگەن ئىشنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى ئۇبدان بىلەتتى. دوختۇرنىڭ گېپى ئۇنىڭغا تەسىر قىلدى ۋە ئۇنىڭغا غەيرەت ئاتا قىلدى.

جوئىي دەرۋەقە ھاراق، تاماكا ۋە روھىي بېسىمنى ناھايىتى ياخشى تىزگىنلىدى. ئەمما يېمەك - ئىچمەككە كەلگەندە بېشى قاتتى. ئۇ ھەرقانچە قىلىپمۇ مەززىلىك تاماقلاردىن مېھرىنى ئۈزەلمىدى. خېلى كۆپ قېتىم تاماقنى ئازلىتىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، ئەمما ئۈنۈم بەرمىدى. بۇنىڭ سەۋەبى تولىمۇ ئاددىي، ئىرادىسى ئاجىز كەلدى. ئۇ، تاماكا، ھاراقنى تاشلىۋەتكەندىن كېيىن، كۆپرەك يېسەم نېمە بوپتۇ، دەپ قارىدى.

دوختۇر ئۇنىڭغا تەكلىپ بېرىپ:

— سىزگە ھازىر ئەڭ زۆرۈرى ئاكتىپ پوزىتسىيە بىلەن روھىي جەھەتتىن داۋالىنىش، كەم دېگەندە 18 كىلوگرام ئورۇقلىشىڭىز كېرەك. ھازىر دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلاردىن باشقا، بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرالىسىڭىز قان بېسىمىڭىز چوقۇم چۈشىدۇ، — دېدى.

مەن، ھېلىقى دوختۇر، جوئىي يېقىن دوستلاردىن ئىدۇق. دوختۇر جوئىيغا مېنى ئىزدەشنى تاپىلىغانىدى. جوئىي سۆھبەتتە ئىنچىل پاسسىپ قاراشتا بولدى.

ئۇ ماڭا غودۇڭشىپ:

— يېمەك - ئىچمەك ئادىتىمنى ھەرقانداق قىلىپمۇ ئۆزگەرتەلمەيمەن، نەدىمۇ 18 كىلوگرام ئورۇقلايدىغان ئىش

بولسۇن؟ — دېدى.
— ياق، چوقۇم ئورۇقلايسىز. مەنمۇ 16 كىلوگرام ئورۇقلىغان، دەسلەپتە سىزگە ئوخشاش بۇ مۇمكىن ئەمەس دەپ قارىغان. ئەمما قارىشىمنى ئۆزگەرتىپ، ئاكتىپ پوزىتسىيە قوللانغاندىن كېيىن، ناھايىتى تېزلا ئورۇقلىدىم، قان بېسىممۇ چۈشتى، ھازىر سالامەتلىكىم ئىلگىرىكى ھەرقانداق چاغدىكىدىن ياخشى، سىزمۇ چوقۇم بۇنى ئىشقا ئاشۇرالايسىز، — دېدىم.
سىزمۇ دوختۇرغا بولۇشۇپ مېنى قىستاۋاتىسىز، ئەلۋەتتە مەن چېكىنىدىغان يەرمۇ قالمىدى، — دېدى ئۇ ئاغرىنىپ.
سىزنى كۆزدە تۇتىۋاتىمىز ـ دە! ئۇنداق بولسا، جوئىي، مەن سىزگە ياردەم قىلاي، ئالدى بىلەن قانچە كىلوگرام ئورۇقلاشنى نىشان قىلىۋېلىپ، ئاكتىپ پوزىتسىيە قوللىنىپ، ئورۇقلاپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش دېگەنلەرنى كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرۈپ، قەتئىي ئىشەنچكە كېلىڭ!
شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھازىرقى 90 كىلوگرامدىن 18 كىلوگرام ئورۇقلاپ، 72 كىلوگرامنى سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ ئۆلچىمى قىلدى.
— ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن بۇيان، بۇنداق ئورۇقلاپ باقمىغان، — دېدى ئۇ قوشۇمىلىرىنى تۈرۈپ.
ئۇنىڭغا ئىلھام بېرىپ:
— بۇنىڭغا نېمە بولاتتى؟ 18 ياشلىق دەۋرىڭىزدىكى سۇمباتلىق ھالىتىڭىزگە قايتسىڭىز ياخشى ئەمەسمۇ؟ — دېدىم.
ئارقىدىن بىز ئورۇقلاش نىشانىنىڭ مۇددىتىنى توققۇز ئاي قىلىپ بېكىتتۇق. ئىككىمىز ئۇنىڭ 72 كىلوگرامغا چۈشكەن ھالىتىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈردۇق. ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدا قورساقلىرى ئىچىگە كىرىپ كەتكەن، ئىلگىرىكىدەك قامەتلىك،

185 سانتىمېتىرلىق بويىغا كاستيۇم ـ بۇرۇلكا خوپ ياراشقان ئىدى. ئۆز تەسراتىدا تاماقنى جىق يېيىشتىن كېلىپ چىققان نەپرەت تۇيغۇسى ئۇنى قىينايتتى.

بىز ئاخىرى پىكىردە بىرلىككە كەلدۇق. ئۇ مېنىڭ «ئاكتىپ تەپەككۇرنىڭ قۇدرىتى» دېگەن كىتابىمنى قايتا بىر نۆۋەت كۆرۈپ چىقتى. ئۇ بۇ ئىشقا سەل نارازىدەكمۇ قىلاتتى. مەن ئۇنىڭغا مۇنداق دېدىم:

— ئەگەر ئورۇقلايمەن دەيدىكەنسىز، بۇنىڭغا چوقۇم ئىشەنچ قىلىڭ. بەدەن ئېغىرلىقىمنى 72 كىلوگرامغا چۈشۈرىمەن، بۇنى ئۆزگەرتمەي ساقلاپ قالىمەن، دەيدىكەنسىز، تولۇق ئىشەنچكە كېلىشىڭىز كېرەك. قان بېسىمىڭىزنىڭ نۇرمال ھالەتكە كەلگەندىكى ئەھۋاللارنى كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرۈڭ. ئاندىن ھەر كۈنى ئىلاھنىڭ: «ياردەم قولىنى سۇنۇپ، بەدەن ئېغىرلىقىڭىز ۋە قان بېسىمىڭىزنى چۈرۈش»نى تىلەڭ.

مەن ئۇنى ئەنە شۇنداق يېتەكلەش ئارقىلىق ئاخىرى ئۇ ئورۇقلاش پىلانىنى ئىجرا قىلىش قارارىغا كەلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ياش ۋاقتىدىكى ھالىتىگە قايتىدىغانلىقىنى ئويلاپ ئىنتايىن تېتىكلىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ يۈرىكىمۇ ياشىرىپ كەتتى. ئۇ دەرۋەقە، ئۇ مۆلچەرلىگەن مۇددەتتە ئورۇقلاش ئۆلچىمىگە يەتتى ـ دە، ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئىگە بولالماي كەلگەن ساغلاملىقتىن بەھرى ئالدى. كېيىن ئۇ قايسىلا بىر دوستىنى ئۇچراتسا قان بېسىمىنىڭ چۈشۈپ، 21 ياشلىق يىگىتلەرنىڭكىدەك بولۇپ كەتكەنلىكىدىن ماختىنىپ سۆزلەپ يۈردى.

بىر قېتىم ئۇ مەن بىلەن چۈشلۈك تاماقتا بىرگە بولدى. بىز سۇيۇق ـ سەلەك تاماق، قايمىقى ئېلىۋېتىلگەن سۈت ۋە

مېۋە مۇراباسى يېدۇق. ئۇ:

— ئىلاھنىڭ ھىممىتى، سىز ۋە دوختۇرنىڭ ياردىمى ئاستىدا، ئورۇقلىشىم ئىنتايىن مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى، — دېدى.

ئۇنىڭ دېگەن گەپلىرىدىن مەن ناھايىتى ئەجەبلەندىم، ئۇ ئۆزىمۇ خىجىل بولۇپ، قىزىرىپ كەتتى. چۈنكى ئۇ ئىلگىرى ئېتىقاد توغرىسىدا گەپ بولسا رەت قىلىپ، ئېغىز ئاچمايتتى. ئۇ ئەمدى گويا ئىلگىرىكى تۇسالغۇلارنى بۆسۈپ چىققاندەك ھالەتتە يەنە مۇنداق دېدى:

— بەدەن ئېغىرلىقىم 72 كىلوگرامغا چۈشۈشتىن ئىلگىرى، مەن ئىلاھقا: «ئى! ھەممىگە قادىر تەڭرى، مېنىڭ جىسمىمنىڭ ئورۇقلىشىغا، روھىمنىڭ پاكلىنىشىغا ياردەم بەرگىن» دەپ تىۋىندىم، ئىلاھ مەندىن ھىممىتىنى ئايىمىدى، — دىدى.

www.uyghurkitap.com



يۆنىلىش ھەممىنى بەلگىلەيدۇ!

# ئىككىنچى باب ئىشەنچىنىڭ قۇدرىتى

## «ئۆزۈم قىلالايمەن» دېگەنگە قەتئىي ئىشەنچ قىلىش كىشىلىك ھاياتتىكى ئەڭ زور بايلىق



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئىشەنچ غەلىبىگە يول ئاچالايدۇ

*مەن ئۆزۈمگە، مېنى يارلىقان ئىلاھقا ئىشىنىمەن، مەن ھەرگىز كېرەكسىز ئادەم ئەمەس.*

بىر كۈنى مەن شياڭگاڭنىڭ توققۇز ئەجدىھا دەپ ئاتىلىدىغان ئەگرى - بۈگرى كوچىسىدا كېتىۋېتىپ، «باشپاناھسىز ھالدا سەرگەردان بولۇپ يۈرۈش» دېگەن بىر چۈشكۈن سۆزنى چېلىقتۇردۇم. بۇ بىر جۈملە سۆزنى بىر ماگىزىندىكى ئەينەك ئىشكاپنىڭ ئىچىگە ئېلىپ قويۇپتۇ. ئۇ خۇددى داغمال تامغىنىڭ[1] ئەۋرىشكىسىدەك قىلاتتى. ئەينەك ئىشكاپنىڭ ئىچىدە بايراق، ساھىبجامال بېلىق قاتارلىق ئادەتتە كۆپ ئۇچرايدىغان نەقىشلەر بار ئىدى.

بۇلار ماڭا قاتتىق تەسىر قىلدى. مەن ماگىزىنغا كىرىپ:

— راستىنلا ئۆزىگە «باشپاناھسىز ھالدا سەرگەردان بولۇپ يۈرۈش» دېگەن خەتنى چەكتۈرۈۋالىدىغانلار بارمۇ؟ — دەپ سورىدىم.

— ئارىلاپ ئۇچرايدۇ،— دېدى ماگىزىننىڭ ئىگىسى بېشىنى سىلاپ قويۇپ،— ئۇنى بەدىنىگە چېكىشتىن ئىلگىرى مېڭىسىگە چېكىۋالىدۇ.

كىشى ئۆزىنى ئىقتىدارسىز دەپ قارىسا، تۇغۇلۇشىدىنلا ئۆزىنى خۇددى باشپاناھسىز دەپ قاراپ سەرگەردان بولۇپ

---

① چەت ئەللەردە بەدەنگە خەت ياكى سۈرەتلەرنى چېكىدىغان تامغا (تەرجىماندىن)

بۇرسە، ئۇنداقتا ئۇ روھىي جەھەتتىن بىر مەغلۇبىيەتچى بولىدۇ. شۇڭا، مەغلۇبىيەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن تېخىمۇ زور ئىشەنچ بولۇشى كېرەك.

ئادەم «مەن ئەزەلدىن غالىبىيەتچى!» دەپ تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن ئۆزىگە ئىلھام بېرىشى، ئۇنىڭدا غالىبىيەتچىگە ئايلىنىش ئۈچۈن چوقۇم قەتئىي ئىشەنچ بولۇشى كېرەك. غالىبىيەتچىلەر تولۇپ ـ تاشقان ئىشەنچكە ئىگە كېلىدۇ. مەغلۇبىيەتچىلەر ھەمىشە ئىشەنچىسىنى يوقىتىپ قويىدۇ.

ئۇنداقتا ئىشەنچكە ئىگە ئادەملەر قانداق بولىدۇ؟ ئۇلار نېمىلەرگە ئىشىنىدۇ؟ ئۇلار ئىلاھقا، كىشىلىك ھاياتقا ۋە كەلگۈسىگە ئىشىنىدۇ، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ يولدىشىغا، ئايالىغا، بالىلىرىغا، خىزمىتىگە، ۋەتىنىگە ۋە ئۆزىگە ئىشىنىدۇ. مەن مۇنداق دېسەم، بەزىلەر ماڭا رەدىيە بېرىپ:

— مەن ئىلاھقا ئىشىنىمەن، ئەمما ئۆزۈمگە ئىشەنمەيمەن، — دەيدۇ.

— ئۆزۈڭگە ئىشەنمىسەڭ، ئىلاھقا قانداق ئىشىنىسەن؟ سېنى ئىلاھ ياراتقان تۇرسا،— دېدىمەن ئۇلارغا جاۋابەن.

ئاندىن ئۇلارغا، مەن نيۇيوركنىڭ بولىن دېگەن جايىدىكى بىر دورىخانىدا بىر پارچە سۈرەتلىك خەۋەرنى كۆردۈم، ئۇنىڭدا بىر جەسۇر ئۆسمۈرنىڭ سۈرىتىنى سىزىپ، ئۇنىڭ يېنىغا: «مەن ئۆزەمگە، مېنى ياراتقان ئىلاھقا ئىشىنىمەن، مەن ھەرگىز كېرەكسىز ئادەم ئەمەس» دېگەن خەتلەرنى يېزىپ قويۇپتۇ، دېدىم.

ئامېرىكىنىڭ مەشھۇر ئالىمى، ناتۇرالىست ھەم پەيلاسوپ، ئاناتومىيە، پسىخولوگىيە پەنلىرى دوتسېنتى ۋىليام. جامىسنى روھ بىلەن تەننىڭ مۇتەخەسسىسى دەپ ئاتاشقا بولىدۇ.

ۋىليام جامىس ئىشەنچنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

«سەن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ــ قازىنالماسلىقنى بىلمەيدىغان ئىشلارنى پەقەت تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن قىلساڭلا، شۇغۇللانغان كەسپىڭ قانچىلىك خەتەرلىك بولۇپ كېتىشىدىن قەتئىينەزەر، چوقۇم مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايسەن».

مۇۋەپپەقىيەتكە كاپالەتلىك قىلىدىغىنى بىلىم، تەربىيە ئەمەس، مەشىق، تەجرىبە، پۇلمۇ ئەمەس، بەلكى ئىشەنچ.

كەسپىگە ئىشەنچ باغلاش، ئۆزىگە ئىشىنىش يەنىلا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشتە كەم بولسا بولمايدىغان ئالدىنقى شەرت. ئەلۋەتتە، باشقا ئامىللارمۇ ئىنتايىن مۇھىم. بىراق ئەڭ ئاساسىي شەرت، ئۆزىگە ئىلھام بېرىپ، ئارزۇ قىلغان نىشانغا يېتىشتىكى ئاكتىپ پوزىتسىيە. ۋىلىيام جامۇس يەنە مۇنداق دەيدۇ:

«كىشىلىك ھاياتتىن قورقماسلىق، كىشىلىك ھاياتنىڭ قىممەتكە ئىگە ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشىمىز كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا بىز ياشاشقا ئەرزىگۈدەك كىشىلىك ھاياتقا ئىگە بولىمىز» .

ئىشەنچكە ئىگە كىشىلەر قالتىس كېلىدۇ. ئۇلار بىرەر ئىشقا يولۇقسا قورقمايدۇ، چۆچۈمەيدۇ، ئازراق خاتىرجەم بولالمىغاندەك قىلغان بىلەن ئاخىرىدا ھەممىنى بېسىپ چۈشىدۇ. ئۇلار ساغلام، ھاياتىي كۈچكە تولغان بولۇپ، ھەر قانداق مەسىلىلەرنى ھەل قىلالايدۇ، ھەر قانداق ئىشقا پۈتۈن كۈچى بىلەن ئاتلىنىپ، ئاخىرى بىر ئۇلۇغ غالىبىيەتچىگە ئايلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ئاجايىپ بىر دەستۇرى بار، ئۇ بولسىمۇ ئىشەنچتۇر.

كۆپ يىللاردىن بېرى، مەن بۇنداق ئادەملەرنىڭ ھەرخىل شارائىتلاردا، ھەرخىل مەسىلىلەرنى يېڭىپ ۋە ھەل قىلىپ، تالاي يېڭىلىقلارنى يارىتىپ، تۇرمۇشتا خۇشال ــ خۇرام ياشاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمەن.

بەزى چاغلاردا ھەرقانچە ئامال قىلىپمۇ ئوڭۇشلۇق ھەل قىلىپ كەتكىلى بولمايدىغان قورقۇنچلۇق مەسىلىلەر كۆرۈلۈپ قالىدۇ. ئەمما ئىشەنچكە ئىگە كىشىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇ ئۇنچىلىك قورقۇنچلۇق ئەمەس. ئۇلار ھەرقانداق مەسىلىگە، چوقۇم ھەل قىلالايمەنغۇ دېگەن ئىشەنچ بىلەن يۈزلىنەلەيدۇ.

ئىشەنچكە ئىگە ئادەم ئۆزىنىڭ ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغىنىدىن ئاغرىنمايدۇ، ئادالەتسىز مۇئامىلىگە ئۇچرىغىنىدىنمۇ ئاھ ئۇرمايدۇ. ئۇلار ھاياتنى ھەرگىز غۇدۇراش بىلەن تىگىرقاش ئىچىدە ئۆتكۈزمەيدۇ.

ئۇلار قىيىنچىلىققا يۈزلىنىپ:

«مېنى ياراتقان تەڭرىم بار، قانداق ئىش يۈز بېرىشىدىن قەتئىينەزەر، مەغلۇپ بولمايمەن» دەيدۇ.

مەن سىز بىلەن مېنىڭ بىر غالىبىيەتچىگە ئايلىنىش ئۇ-چۇن يارىتىلغانلىقىمىزغا، بىر ئۇلۇغ شەخسكە ئايلىنىش ئۈچۈن مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىمىزغا ئىشىنىمەن.

ئاجىز پىسخىكىنى يېڭىپ، بۈيۈك شەخسكە ئايلىنىش ئۈ-چۈن چوقۇم ئىشەنچكە ئىگە بولۇش كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# «14تال مۇسكۇل» سىزنى كىشىلىك هاياتتا شاد ـ خۇراملىققا ئىگە قىلىدۇ

*ئىلگىرى ياش بولغان بولسام هازىر قېرىدىم، ئەمما ئەزەل-دىن ھەققانىيەتنىڭ تەرك ئېتىلگەنلىكىنى، ھەققانىيەت نەۋرىسى-نىڭ بولكىغا تەلمۈرۈپ قالغانلىقىنى كۆرمىدىم.*

ئۇنتۇلۇپ كەتكىلى ئۇزۇن بولغان ئادەم ۋە ئىشلار ئويلى-مىغان چاغلاردا ياكى سورۇنلاردا تۇيۇقسىز ئادەمنىڭ ئېسىگە كېلىپ قالىدۇ. مەن يېقىندا مۇشۇنداق ئاجايىپ تەسىراتلارنى باشتىن كەچۈردۈم. مەن نيۇيوركتىكى بەشىنچى كوچىدا كېتى-ۋېتىپ، تۇيۇقسىز 1933 ـ يىلىدىكى كۆز ئالدىمغا قايتىپ، فرېدنىڭ يېنىدا تۇرۇۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالدىم.

ئۇ چاغدا فرېد بروكورىندا تۇراتتى. بىزنىڭ بىرىش ـ كېلىش قىلىۋاتقىنىمىزغا خېلى يىللار بولۇپ قالغان ئىدى. ئەمما شۇنىڭدىن كېيىن بىز كۆرۈشمىگەن ئىدۇق، هازىر ئۇ ناهايىتى تەمبەل بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇ تولىمۇ خاتىرجەم هالدا ئالدىمدىن چىقىپ كەلدى. بىزنىڭ كۆرۈشمىگىنىمىزگە ھەقىقەتەن ئۇزۇن ۋاقىتلار بولۇپ كەتكەن ئىدى.

— ياخشى تۇردىڭىزمۇ؟— دەپ سورىدىممەن ئۇنىڭدىن

1930 ـ يىللار كرىزىس يۈز بەرگەن، ئامېرىكا تارىخىدا ئىقتىساد ئەڭ ئۇسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان دەۋرلەر ئىدى.

ھەممىلا يەردە زاۋۇتلار تاقىلىپ، ماگىزىنلار ۋەيران بولۇپ، مىڭ-لىغان، ئونمىڭلىغان ئادەملەر ئىشسىز قالغان، ھەر قايىسى ساھە، ھەر قايىسى كەسىپلەردە مائاشلار ئارقا ـ ئارقىدىن كېمەيگەن ئىدى. ھەقسىز تاماقخانىلار ۋە بولكاخانىلارنىڭ ئالدى ئۇزۇندىن ئۇزۇن ئۆچىرەت بولۇپ كېتەتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە نۇرغۇنلىرى ئىلگىرى ناھايىتى باي ئۆتكەن كىشىلەر ئىدى. 30 ياشتىن يۇقىرى كىشىلەر خىزمەت تاپالمايتتى.

مەن فرېدنى مانا مۇشۇنداق كۆز كۆنلىرىنىڭ بىرىدە، ئامېرىكىنىڭ زاۋال تاپقان بەشىنچى كوچىسىدا ئۇچراتقان ئىدىم.

ئۇ ئۇچىسىغا تولا يۇيۇۋېرىپ پارقىراپ كەتكەن قېنىق كاستيۇم ـ بۇرۇلكا كېيىۋالغان ئىدى. ئۇنىڭ گەپ ـ سۆزلىرى ئۆزگەرمىگەن بولۇپ، ئىلگىرىكىگە ئوخشايتتى.

— چاتاق يوق، مەن ناھايىتى ياخشى تۇرۇۋاتىمەن، ئىش-سىزلىق خېلى ئۇزۇن بولدى بىر پاكىت بولۇپ قالدى. ئەمما ھەركۈنى ئەتىگەندە شەھەرنىڭ ھەر قايىسى جايلىرىغا بېرىپ ئىش ئىزدەيدىغان گەپ. بۇنداق چوڭ شەھەردە ماڭا مۇۋاپىق كەلگىدەك خىزمەت تېپىلىدۇ، سەۋر قىلىپ ئىزدىسەملا چوقۇم تېپىلىدۇ،— دېدى ئۇ.

— سىز ھازىرمۇ مۇشۇنداق كۆلۈپلا يۈرەمسىز؟— دەپ سورىدىمەن ئۇنىڭدىن.

ئۇ مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى:

— شۇنداق، ئېسىمدە قېلىشىچە مەن قايىسى بىر ماتېرىيال-دىن مۇنداق بىر گەپنى ئوقۇغان: چىرايىنى تۈرۈش ئۈچۈن 60 تال مۇسكۇلنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈشكە توغرا كېلىدىكەن، ئەمما كۈلگەندە ئاران 14 تال مۇسكۇل ئىشلىنىدىكەن. مەن بىكاردىن چىرايىمنى تۈرۈپ مۇسكۇللىرىمنى ئارتۇق خىزمەتكە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سېلىشنى خالىمايمەن.

ئۇ ئۆزىنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى توغرىسىدا پاراڭ قىلىپ بەردى. ئۇ خىزمەتتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا بولغان كۈچلۈك ئارزۇسىنىڭ ئۇنى كۆزلىگەن نىشانىغا چوقۇم يەتكۈزىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىدىكەن.

— مەن سىزنىڭ شائىر يوھان باروسىنىڭ سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈپ «ئۆزىگە تەۋە نەرسىلەر چوقۇم ئۆزىگە قايتىدۇ» دېگەنلىكىڭىزنى ئاڭلىغان، — دېدىم ئۇنىڭغا.

فرېدىنىڭ كىشىلىك پەزىلىتىدە ئادەمنى ئەڭ قايىل قىلىدىغىنى، ئۇ چوڭقۇر ئېتىقادقا ۋە قەتئىي ئىشەنچكە ئىگە شەخس ئىدى. ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ:

— مېنىڭ ئېتىقادىم ئىخلاسمەن ئاتا ـ ئانامنىڭ تەربىيىسىدە يېتىلگەن. بىزنىڭ ئائىلە شارائىتىمىز گەرچە ناھايىتى نامرات بولسىمۇ، ئەمما ئاپامنىڭ قېيتىغا كىرىپ چىقمايتتى. ئۇ دائىم بىزگە: «يوقنىڭ غېمىنى تەڭرى قىلىدۇ» دەيتتى. دېگەندەك تەڭرى ئاپامنى بىرەر قېتىممۇ ئۇنتۇپ قالمىغان ئىدى.

ئۇ ئاشۇ سۆزلەرنى قىلغاندا لېۋىدە بىلىنەر ـ بىلىنمەس كۈلكە ئەكس ئەتتى، ئۇ گېپىنى تولۇقلاپ:

— تەڭرى مېنىمۇ ئۇنتۇپ قالمايدۇ، — دېدى.

ئۇ خىزمەت ئىزدەپ يۈرگەن ئىشسىزلار بىلەن توشۇپ كەتكەن چوڭ كوچىدىلا دىنى كەلىمىلەردىن نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق دېدى:

«ئىلگىرى ياش بولغان بولسام ھازىر قېرىدىم، ئەمما ئەزەلدىن ھەققانىيەتنىڭ تەرك ئېتىلگەنلىكىنى، ھەققانىيەت نەۋرىسىنىڭ بولكىغا تەلمۈرۈپ قالغانلىقىنى كۆرمىدىم».

ئۇ خۇددى ئىبلان قىلغان قىياپەتتە ماڭا قاراپ:

— مەيلى قانچىلىك قىيىنچىلىق بولۇپ كېتىشىدىن قەتئىينەزەر مەنمۇ شۇنداق دەپ ئىشىنىمەن، مېنىڭ ئاتا ـ ئانام ۋە سەن مېنى مۇشۇنداق ئىشىنىشكە ئۆگەتكەن. شۇڭا مەن ئىزچىل ئۈمىد ۋە ئىشەنچتە بولۇپ كەلدىم، — دېدى.

مەن ئورنۇمدا قاققان قوزۇقتەك قېتىپ قالغان هالدا ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشتىم، شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئۇچىسىدىكى كونا كاستوم ـ بۇرۇلكىسى قوياش نۇرىدا ۋالىلداپ پارقىرايتتى. شۇ تاپتا ئۇ مېنىڭ نەزىرىمدە خۇددى دۇبۇلغا بىلەن ساۋۇت كىيىۋالغان چەۋەندازغا، مۇقەددەس دىننى تاراتقۇچى غازىغا ئايلانغان بولۇپ، كەمىرىدىكى مۇقەددەس قىلىچ ۋىلىلداپ پارقىرايتتى.

كېيىن ئۇ ئىجادىي ئىقتىدارغا ئىگە بىر كىشى بىلەن هەمكارلىشىپ ئىگىلىك تىكلەپ، تولۇپ ـ تاشقان ئىجادىي پىكرى بىلەن يېڭى بىر ساهەدە مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇ نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرىپ، ئىنتايىن نامرات تۇرمۇش كەچۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئېتىقادىدىن ئىزچىل تەۋرەنمىگەچكە، ئاخىرى ناهايىتى زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. ئۇنىڭ قۇرۇلۇش خاراكتېرلىك بۇنداق تۇرمۇش پوزىتسىيىسىگە، ئۇنى تونۇيدىغان هەممىلا كىشى قايىل.

# ئىشەنچ سىزنى قىيىن شارائىتتىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىدۇ

*كىشى ئارقىدا قالغانسېرى شۇنچە ئالغا ئىنتىلگۈسى كېلىدۇ. مۇۋەپپەقىيەت قانداقتۇر تەلەيدىن ياكى تاسادىپىي ئامىلدىن ۋە ياكى مەلۇم خىل تاسادىپىي سەۋەبتىن بارلىققا كەلمەيدۇ.*

بىر نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا، بىر يەكشەنبە كۈنى نيۇيوركتىكى بىر دىنىي جەمئىيەت غەيرىي مۇقەددەس ۋەزىپىدىكىلەرنى تەكلىپ قىلىپ نۇتۇق سۆزلەش يىغىلىشى ئۆتكۈزدى. مەن دالىي كارنىگ ئىسىملىك بىر دوستۇمنى نۇتۇق سۆزلەشكە تەكلىپ قىلدىم.

دالىي كارنىگ ئامېرىكىدا «ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئاجىزلىقلار» دېگەن كىتابى بىلەن كلاسسىك ئەسەرنىڭ ئاپتورىغا ئايلىنىپ قالغان ئىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئامېرىكىدا تېخى ھېچكىم ئۇنىڭدەك نۇتۇق سۆزلەش تېخنىكا دەرسىنى تەسىس قىلىپ، شۇنچە كۆپ ئادەمنى نۇتۇق سۆزلەش ماھارىتىگە ئىگە قىلغان ئەمەس. ئاشۇ يەكشەنبە كۈنى ئەتىگەندە ئۆتكۈزۈلگەن بىر مەيدان نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقىسى ھەقىقەتەن ئادەمنىڭ ئېسىدىن چىقمايدۇ. ئۇ نۇتۇق سۆزلەۋېتىپ، تولىمۇ ھاياجانلىنىپ كەتكەچكە، ئۇنى تېشىغا چىقماي قالدى. ئۇنىڭ نۇتۇقى توختاپ قالغان نەچچە دەقىقىدە مەيداننى تىمتاسلىق باستى.

ئۇ چاغدا ئۇ ئۆزىنىڭ بالىلىق كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەۋاتاتتى. ئۇ پۈتۈن ئائىلىمىز نامراتلىقتىن، ئوزۇق – تۈلۈكتىن

ئۆزۈلۈپ قالغاندىن كېيىن، دېگەن يەرگە كەلگەندە:
— ئەمما قاتتىق، قىيىن شارائىتلارغا چۈشۈپ قالغاندىمۇ ئاپام ئېتىقادىدىن تەۋرەنگەن ئەمەس. ئۇ دىمىغىدا سۈرىلەرنى ئوقۇپ، تار ئۆيدە تىنىم تاپماي ئىشلەيتتى. ئاپام دائىم خاتىرجەم هالدا دادام ۋە بىزگە، تەڭرىنىڭ باغرى كەڭ، رىسقىمىزنى تەڭرى بېرىدۇ، دەيتتى. مەن ئەزەلدىن ئاچ قورساق يېتىپ ئۇخلاپ قالغىنىمنى ئەسلىيەلمەيمەن. ئېهتىمال ئاپامنىڭ قەتئىي ئىشەنچى تەڭرىگە يەتكەن بولۇشى مۇمكىن، ئاجايىپ ئىش، بۇنى بىر مۆجىزە دېسەكمۇ بولىدۇ، بىز هامان زۆرۈر نەرسىلەرگە ئېرىشىپ تۇراتتۇق، — دېدى.
ئۇ كۈنى مەن دالىي كارنىگىنىڭ بۇ ئۇنتۇلغۇسىز سۆزىنى ئاڭلاپ، دۇنيادا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش نامراتلىقنى هەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قىلىپ، ئۇلۇغۋار نەتىجىلەرنى ياراتقان كىشىلەر ئاز ئەمەس، دېگەنلەرنى كۆڭلۈمدىن ئۆتكۈزدۈم. ئۇلار نامرات بولغانلىقى ئۈچۈنلا، ئۆزىنى ۋە ئائىلىسىدىكىلەرنى ئىقتىسادىي جەهەتتە بېيىتالىغان. ئۇلار ئۆز ئارزۇلىرىنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىشىغا چوڭقۇر ئىشەنگەن.
مەن كوچىدا ئۇچراتقان قېرى بىلەن مۇنبەردە نۇتۇق سۆزلەپ يۈرگەن دالىي كارنىگىنىڭ ۋۇجۇدىدىن، نامراتلىق ياكى ئىشسىزلىق پوزىتسىيىسى ئاكتىپ كىشىلەرنى مەڭگۈ باش ئەگدۈرەلمەيدىكەن، چۈنكى ئۇلار بۇنى ئوڭۇشسىزلىقتىن قۇتۇلۇشنىڭ سەكرەش تاختىسى قىلالايدىكەن، دېگەن هەقىقەتكە ئېرىشتىم.
ئادەم قانچە ئارقىدا قالغانسېرى شۇنچە ئالغا ئىنتىلگۈسى كېلىدۇ. مۇۋەپپەقىيەت قانداقتۇر تەلەيدىن ياكى تاسادىپىي ئامىلدىن ۋە ياكى مەلۇم خىل تاسادىپىي سەۋەبتىن بارلىققا كەل-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەيدۇ.

شارائىت قانچە ناچار بولغان تەقدىردىمۇ ياخشى نەتىجە هاسىل قىلغىلى بولىدۇ، چۈنكى ئۇنداق ئادەملەرنىڭ ئىدىيىسىدە تەۋرەنمەس ئىشەنچ قەد كۆتۈرگەن بولىدۇ. گەرچە ئېتىقاد، ئىشەنچ، چىنپۈتۈش دېگەن ئاتالغۇلارنىڭ مەنىسى ئوخشىمىسىمۇ ئەمما ئادەملەرنىڭ ھەرقانداق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشكە بولغان ئىشەنچىسىدە پەرق بولمايدۇ.

ئۇلارنىڭ قەلبى چوقۇم قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى سەزگەن، ئۆزىنىڭ پاسسىپ تەپەككۇرىنىڭ ئاكتىپ ئىشەنچىنى نابۇت قىلىشىغا يول قويمىغان.

شۇنداق بولغاچقا، مەيلى قانچىلىك جاپا ــ مۇشەققەتلەر بولۇشتىن قەتئىينەزەر، قەتئىي ئىشەنچكە ئىگە بولىسىڭىزلا، بۇ ئىشەنچ سىزنىڭ پارلاق كەلگۈسىڭىزنى يارىتىدۇ.

# تالانتنى يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ

*«ئىشەنچ» كىشىلەرنى ئىشەندۈرۈش قىيىن بولغان ئۇلۇغ كۈچ ـ قۇدرەتنىڭ مەنبەسى بولۇپ، بارلىق مۇئەييەنلەشتۈرۈش خاراكتېرىدىكى ئامىللارنىڭ ھەممىسى ئىشەنچ قېتىغا يوشۇرۇنـ غان بولىدۇ.*

مېلۋىن. يابەنس كىشىلەرنىڭ خاراكتېرىنى تەكشۈرۈش ۋە مال ساتقۇچىلارنى تەربىيىلەش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى ئادەملەرنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى ئويغىتىشتا گەۋدىلىنىدۇ. ئۇ، مەلۇم بىر ئادەمنىڭ ھازىرقى خىزمەت ئورنىدا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالمىغاندا ئۇنى رولىنى جارى قىلدۇرالايدىغان يەنە بىر خىزمەت ئورنىغا يۆتكەپ، تېخىمۇ ياخشى نەتىجىگە ئېرىشتۈرگەن.

ئۇ ئۆزىنىڭ شۇغۇللىنىدىغان خىزمىتىنى «ئىنسانلارنى ئۆزگەرتىش كەسپى» دەپ ئاتايدۇ. ئۇ ئادەملەرنى ياخشى كۆردـ دۇ، ئادەملەرگە ئىشىنىدۇ. ئۇ كىشىلەر ۋۇجۇدىدا تېخى بايقالمىـ غان يوشۇرۇن ئىقتىدارنى قېزىپ چىقىشقا ماھىر ھەم كىشىلەرگە ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ياردەم بېرىدۇ.

بۇ يەردە مۇنداق بىر مىسالنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇ: بىر ياش يىگىت بولۇپ، ئۇ ناھايىتى ئۆلۈك بىر خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئەمما ئۇ ناھايىتى ئىقتىدارلىق، ئالاقىلىشىشكە ماھىر، تولىمۇ ئاق كۆڭۈل، خىزمەتتە ئەستايىـ دىل. دائىم ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدا يېڭى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، شۇنداقلا ئەتراپىدىكى كىشىلەر-
نىڭ تېخىمۇ تىرىشىپ ئالغا بېسىشىغا ئىلھام بېرىدۇ.

مېلۋىن يابەنس جېك ئىسىملىك بۇ يىگىتكە تولىمۇ قايىل
بولىدۇ، ئۇنىڭدا تېخى قېزىپ چىقىلمىغان نۇرغۇن يوشۇرۇن
ئىقتىدار بار دەپ قارايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ جېكتىن:

— سىزنىڭچە سىز ئىشلەۋاتقان بۇ شىركەت قانداقراق؟
ـ دەپ سورايدۇ.

— مېنىڭچە بۇ دۇنيا بويىچە ئەڭ ياخشى شىركەت. بۇ
يەردە خىزمەت ئىشلەشكە مۇيەسسەر بولۇشۇم ماڭا نىسبەتەن
ناھايىتى چوڭ ئىلھام، مەن جامائەت گۇۋاھلىقى ئورنىدا بوغالتىر
بولالايمىكىن دەپ تەييارلىق قىلىۋاتىمەن.

يابەنس ئۇنىڭغا مۇنداق دەيدۇ:

— مەن قارىشىمنى دەپ باقاي! ئېھتىمال ھەيران قېلىشى-
ڭىز مۇمكىن. سىز مال سېتىش خىزمىتىگە ئىنتايىن باب كېلى-
دىكەنسىز، شۇنداقلا شىركەتنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى بەك ياقتۇرى-
دىكەنسىز. ئەگەر سېتىش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇپ قالسىڭىز
چوقۇم ياخشى نەتىجە يارىتالايسىز، مەيلى شىركەتكە ياكى
ئۆزىڭىزگە بولسۇن، ناھايىتى زور مەنپەئەت يەتكۈزەلەيسىز.

ئويلىمىغان يەردىن چىققان بۇ تەنقىد جېكنى گاڭگىرى-
تىپ، ئۇنىڭ شۇ تاپتا تولىمۇ خاتىرجەمسىز تۇرغانلىقىنى، ئە-
شەنچىسىنىڭ كەمچىل ئىكەنلىكىنى تەبىئىي ھالدىلا ئاشكارىلاپ
قويىدۇ.

— ياق، مەن ھازىرقى خىزمىتىمدىن ناھايىتى رازى، بۇ
خىزمەت ماڭا خۇددى بەش قولدەك تونۇش، خىزمىتىمنى ئۆز-
گەرتسەم سۇدىن ئايرىلغان بېلىقتەك ئىمجان بولۇپ قېلىشىم
مۇمكىن. مېنىڭ ياخشى مال ساتقۇچىلاردىن بولالىشىم مۇمكىن

ئەمەس. ئۇ ئۆزىگە ئەنە شۇنداق ئىنكار خاراكتېرلىك باھا بېرىدۇ. شۇ تاپتا ئۇنىڭ خاتىرجەم ماكانىدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمايۋاتاتتى.

ئەمما، يابەنس قەتئىيلىك بىلەن:

— سىز ئۆزىڭىزنى چۈشەنمەيدىكەنسىز، سىزگە ھازىر كېرىكى ئىككىلىنىش ئەمەس، بەلكى ئۆزىڭىزگە ئىشەنچ باغلاش، چوقۇم ئۆزىڭىزنى ھەقىقىي تونۇش.

يابەنسنىڭ سەمىمىي نەسىھىتى بىلەن جېك ئاخىرى مال سېتىش تېخنىكا كۇرسىغا قاتنىشىشنى قوبۇل قىلىدۇ. كېيىن ھەتتا ئۆزىمۇ ھەيران قالىدۇ. چۈنكى ئۇ مال سېتىش خىزمىتىگە ئىنتايىن قىزىقاتتى. كۇرسنىڭ لېكتورى يابەنسكە:

— سىز بىر تۇغما مال ساتقۇچىنى بايقاپسىز، ئەمما ئۇنىڭ ئىشەنچى سەل كەمچىل ئىكەن،— دەيدۇ.

— ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇ ئىشەنچكە ئىگە بولىدۇ،— دەپ جاۋاب بېرىدۇ يابەنس.

جېكنىڭ سىرتلارغا چىقىپ خېرىدارلارنى ئەمەلىي زىيارەت قىلىدىغان كۈنى ئاخىرى يېتىپ كېلىدۇ. ئۇ تولىمۇ جىددىيلە-شىپ كەتكەن ئىدى. يابەنس ئۇنىڭغا:

— مەنمۇ سىز بىلەن بىرگە باراي. سىز مەسئۇل بولغان قىسمەن جايلاردا سىزگە ھەمراھ بولاي، دەيدۇ.

يابەنس يېڭى مال ساتقۇچى جېكنى مال سېتىۋېلىش ئېھتىماللىقى بىر قەدەر چوڭ خېرىدارلارنىڭ قېشىغا باشلاپ بارىدۇ. جېك ئىجتىمائىي ئالاقىدىكى ئالاھىدىلىكىنى ناھايىتى ياخشى جارى قىلدۇرىدۇ. قارشى تەرەپمۇ خېلىلا مەمنۇن بولىدۇ. ئۇ يابەنسنىڭ ئۆزىگە مال سېتىش ئۇسۇلىنى تونۇشتۇرغانلىقىنى ناھايىتى ئىنچكە كۆزىتىدۇ. ئىككىيلەن بىرگە زىيارەت قىلىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

جەريانىدا، جېك ناھايىتى قىممەتلىك ئىلھاملارغا ئېرىشىدۇ. يابەنسمۇ ئۆزىنىڭ ئىشەنچى ۋە ئېتىقادىنى جېكنىڭ قەلبىگە كۆچۈرىدۇ.

ئۇزۇن ئۆتمەي، جېك ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىغا ھەقىقىي ئىشىنىدۇ ھەمدە ئۆزىگە بولغان قارىشىنى ئۆزگەرتىدۇ ـ دە، ئۆزىدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش تۇيغۇسى قوزغىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ خىزمەتنى بارغانسېرى ياقتۇرۇپ قالىدۇ.

بىر كۈنى، يابەنس بۇ يېڭى مال ساتقۇچىغا ئۆزىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن سىرتلارغا بىللە چىقالمايدىغانلىقىنى، خېرىدارلارنى چوقۇم ئۆزى يالغۇز كۈتۈۋېلىشىنى ئېيتىپ، ئارقىدىن ئۇنىڭغا ئىلھام بېرىپ:

— قىزغىنلىقنى ساقلاڭ، كىشىلەرگە ئىللىق مۇئامىلە قىلىڭ، شىركەتنىڭ مەھسۇلاتلىرى ۋە ئۆزىڭىزگە ئىشەنچ قىلىڭ، ـ دەيدۇ.

— بۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايمەن،ـ دەيدۇ جېك پەس ئاۋازدا سەل خاۋاتىرلىنىپ.

— سىز ھەرگىز يالغۇز قالمايسىز،ـ دەيدۇ يابەنس ئۇنى تېخىمۇ رىغبەتلەندۈرۈپ.

كېيىن، جېك ئۆزىنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ. دېمەك، يابەنسنىڭ ھۆكۈمى خاتا چىقمىغان ئىدى.

«ئىشەنچ» كىشىلەرنى ئىشەندۈرۈش قىيىن بولغان ئۇلۇغ كۈچ ـ قۇدرەتنىڭ مەنبەسى بولۇپ، بارلىق مۇئەييەنلەشتۈرۈش خاراكتېرىدىكى ئامىللارنىڭ ھەممىسى ئىشەنچ قېتىغا يوشۇرۇنغان بولىدۇ.

# كىشىلىك ھايات «كۆۋرۈك ئاستىدىن ئاققان ئېقىن سۇغا ئوخشايدۇ»

*بۇرۇنقى زاماندا بىر ئۆسمۈر بالا كۆۋرۈكنىڭ رىشاتكىسىغا يۆلەنگىنىچە كۆۋرۈك ئاستىدىن ئېقىۋاتقان سۇغا نەزەر ساپتۇ، قارىسا سۇ لىملارنى، ياغاچ پارچىلىرىنى، ئەخلەت چاۋارلارنى ئېقىتىپ كېتىپ بارغان، خېلى بىر ھازادىن كېيىن سۇ يۈزى سۈزۈلۈپتۇ. نەچچە يۈز يىل، نەچچە مىڭ يىل، ھەتتا نەچچە ئون مىڭ يىللاردىن بېرى سۇ توختىماي كۆۋرۈك ئاستىدىن ئېقىپ ئۆتۈۋېرىپتۇ. بەزىدە تېز، بەزىدە ئاستا ئېقىپتۇ، ئەمما ئەزەلدىن توختاپ قالماپتۇ.*

ئوقۇرمەنلەر ئىچىدە گەرچە ئۆزىنى چەكسىز ئىشەنچكە ئىگە قىلىشنى ئۈمىد قىلىدىغانلار كۆپ بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار تاكى ھازىرغا قەدەر كۆلپەتلىك تەقدىرنىڭ قورشاۋىنى بۆسۈپ چىقالمىغان.

ناۋادا جاپالىق كۈنلەر يەنە خېلى ئۇزۇنغىچە داۋام قىلىپ، يەنى مەلۇم جىنايەتلەرنى سادىر قىلسا، بۇ كىشىلەر زادى قانداق بولۇپ كېتەر؟ مەندە بۇ خىل گۇمان تۇغۇلۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىر ياشنىڭ مەلۇم بىر كۈنى مېنى ئىزدەپ كەلگەن چاغدىكى مەنزىرىلەرنى كۆز ئالدىمدىن ئۆتكۈزدۈم.

ئەينى ۋاقىتتا ئۇ ئۈمىدسىزلىك پاتقىقىغا پېتىپ قالغان بولۇپ، ھەممىدىن ئۈمىد ئۈزگەن ئىدى. ئۇ بىر ئېغىر خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويغانلىقتىن، چوڭ بىر ئادۋوكاتلار ئىش ئورنى ئۇنى ئىشتىن بوشىتىۋەتكەن ئىدى. تەجرىبىسىز بىر ئادەم مەيلى قانچىلىك چوڭ خاتالىق ئۆتكۈزمىسۇن، تۈنجى قەدەمدىلا مۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شۇنداق ئىغىر زەربىگە ئۇچرىسا، ئېھتىمال بەك قاتتىق ھار ئېلىشى مۇمكىن.

بۇ ياش ئۇھسىنغان ھالدا ئۆيدە ئۇياقتىن ــ بۇياققا چامداپ، توختىماي ئۆز ــ ئۆزىنى ئەيىبلەيتتى:

— مەن قانداق بولۇپ بۇنداق ھاماقەتلەرچە ئىش قىلىپ قويدۇم؟ كەسپىي ئىشلىرىم ئەمدىلا باشلىنىشى بىلەن نېمىدەپ شەنىمگە داغ تەگكۈزۈۋالدىم.

ئۇ شۇ تاپتا تولىمۇ ئازابلىناتتى، كۆڭلى ئىنتايىن پەرىشان ئىدى.

ئۇ چاغدا مېنىڭ ئىشخانامدىكى شىرەدە «تىرېد بورىد گېزىتى» (ئوھىئو شتاتى) تۇراتتى، ئۇنىڭغا گولوب. پاداسوننىڭ بىر پارچە ماقالىسى بېسىلغان ئىدى. مەن ئۇ ماقالىنى بۇ ياشقا ئوقۇپ بەردىم، ئۇ ماقالە ئۇنىڭغا مۆجىزە خاراكتېرلىك تەسىر كۆرسەتتى. بىر قانچە يىلنىڭ ئالدىدا بۇ ماقالىنى تۇنجى قېتىم ئوقۇپ مەنمۇ قاتتىق تەسىرلەنگەن ئىدىم، ئۆز تەرجىمىھالىمدىكى «ئاكتىپ تۇرمۇشتىكى خۇشاللىق» دا ئۇنىڭدىن نەقىل ئالغان ئىدىم.

«بۇرۇنقى زاماندا بىر ئۆسمۈر بالا كۆۋرۈكنىڭ رىشاتكىسىغا يۆلەنگىنىچە كۆۋرۈك ئاستىدىن ئېقىۋاتقان سۇغا نەزەر سېلىپتۇ، قارىسا سۇ لىملارنى، ياغاچ پارچىلىرىنى، ئەخلەت چاۋارلارنى ئېقىتىپ كېتىپ بارغان، خېلى بىر ھازادىن كېيىن سۇ يۈزى سۈزۈلۈپتۇ. نەچچە يۈز يىل، نەچچە مىڭ يىل، ھەتتا نەچچە ئون مىڭ يىللاردىن بېرى سۇ توختىماي كۆۋرۈك ئاستىدىن ئېقىپ ئۆتۈۋېرىپتۇ. بەزىدە تېز، بەزىدە ئاستا ئېقىپتۇ، ئەمما ئەزەلدىن توختاپ قالماپتۇ.»

ئۇ كۈنى، ھېلىقى ياش سۇنىڭ ئېقىشىدىن بىر ئىشنى بايقايدۇ. ئۇنىڭ كۆڭلىدىن يا قول بىلەن تۇتقىلى، يا كۆز بىلەن

كۆرگىلى بولمايدىغان ئۇلۇغ بىر «خىيال» كېچىدۇ. ئۇ تۇيۇق-سىز كىشىلىك ھاياتتىكى بارلىق شەيئىلەر بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى خۇددى كۆۋرۈكنىڭ ئاستىدىن ئاققان ئېقىن سۇغا ئوخشاش ئۆتۈپ كېتىدۇ، دېگەننى ھېس قىلىدۇ. بۇ ياش «كۆۋرۈكنىڭ ئاستىدىن ئاققان ئېقىن سۇغا ئوخشاش» دېگەن سۆزنى ناھايىتى ياقتۇرۇپ قالىدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇنىڭ بۇ خىيالى ئۇنىڭ ھاياتىدا ئىنتايىن چوڭ رول ئوينايدۇ، ھەرقېتىم قىيىنچىلىق ياكى ئازاب-لارغا يولۇققاندا، ئۇنىڭ ھېلىقى ئويى ئۇنىڭ بارلىق قىيىنچىلىق ۋە ئازابلىرىنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ، مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ زىياننى قاي-تۇرۇۋالغىلى بولمىغاندا ياكى مەلۇم نەرسىلەرگە يەنە قايتا ئېرد-شەلمىگەندە، ئۇ: «كۆۋرۈك ئاستىدىن ئاققان ئېقىن سۇغا ئوخ-شاش» ھەممە ئۆتۈپ كېتىدۇ دەيدۇ. ئۇ مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاند-لىقىدىن ھەرگىز ئاھ ئۇرمايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ھەرگىز ھوشىنى يوقىتىپ قويمايدۇ، چۈنكى ئۇ بۇلارنىڭ ھەممىسى خۇددى ئېقىن سۇدەك ئۆتۈپ كېتىدۇ، دەپ قارايدۇ.

ھېلىقى ياش مەن ئوقۇپ بەرگەن بۇ ماقالىنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ ئاڭلاپ، ئورنىدا قىمىر قىلماي بىر ھازا ئولتۇرۇپ كەتتى. كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ قولۇمنى چىڭ سى-قىپ تولۇپ تاشقان چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن:

— مەن سىزنىڭ دېمەكچى بولغانلىرىڭىزنى ئەمدى چۈ-شەندىم. بۇ تەجرىبە ئارقىلىق بىر ساۋاققا ئېرىشتىم، ھاياتتا ھەممە خۇددى «كۆۋرۈكنىڭ ئاستىدىن ئاققان ئېقىن سۇغا ئوخشاش» ئۆتۈپ كېتىدۇ، — دېدى.

ئۇ كۈنى ئۇ ھازىرقى ئۆزىگە ۋە كەلگۈسىگە يېڭى ئىشەنچ باغلىغان ئىدى. دېمىسىمۇ ئۇ گۈزەل كەلگۈسىگە قاراپ داغدام يول ئاچقانىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# بىر سېكۇنتنىڭ ئالدىدىكى ئۆزىڭىزگە يەتمەيسىز

*مېنى تەڭرى ياراتقان، تەڭرى ھەرگىز ناچار نەرسىلەرنى ياراتمايدۇ.*
*تەڭرى ياراتقان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى بۈيۈك، مەنمۇ شۇ بۈيۈكلەر ئىچىدىكى بىر بۈيۈكمەن.*

نۇرغۇن ئادەملەر ئۆزىنى ناھايىتى سەل چاغلايدۇ. يېقىندا مەن ئۆزىنى سەل چاغلايدىغان، تولىمۇ كەم ئۇچرايدىغان مۇنداق بىر پارچە خەت تاپشۇرۇپ ئالدىم. ئۇ خەت بىر قىزدىن كەلگەن بولۇپ، خەت مۇنداق يېزىلغان ئىدى:

*«مەن بۇ خەتنى سىزنىڭ قولىڭىزغا بىۋاستە تېگىشكە تازا ئىشەنچ قىلالمايمەن، ئەمما شۇنداقتىمۇ بۇ خەتنى سىزگە قارىتىپ يازدىم. پېپىر ئەپەندى، بىر ئىش مېنى قاتتىق ئازابلاپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇ بولسىمۇ ئۆزۈمگە بولغان ئىشەنچىنىڭ پۈتۈنلەي كەمچىل ئىكەنلىكى. مەن ئۆزۈمنى تولىمۇ دۆت، تەڭرىنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىش سالاھىيىتىم يوق، دەپ ھېس قىلىمەن. مەن دائىم، تەڭرى نېمە ئۈچۈن مېنىڭدەك ئادەملەرگە ياشاش قىسمىتىنى ئاتا قىلغاندۇ، مەن بۇ دۇنياغا نېمىنى دەپ كەلدىم؟ دەپ ئويلايمەن.*

*مېنىڭ يولدىشىم بىر شىركەتتە ئىشلەيدۇ، ئۇ تولىمۇ ئەقىللىق، مەن ئۆزۈمنى ھەرقانداق قىلىپمۇ ئۇنىڭ بىلەن سېلىشتۇرالمايمەن. مېنىڭ ئاتا ـ ئانام ناھايىتى بۇرۇنلا ئايرىلىپ كەتكەن، مېنى ئاتا ـ ئانام تاشلىۋەتكەن، مەن كىچىكىمدىنلا*

*ھېچقانداق مېھرى ــ مۇھەببەتكە ئېرىشەلمەي، رەھىمسىز مۇھىتتا چوڭ بولغانمەن، شۇڭا تەگرىنىڭ ھەققىي مۇھەببىتىگە ئېرىشەلمەسلىكىم مۇشۇ سەۋەبلەردىنمىكىن دەپمۇ ئويلايمەن. شۇڭا، مەن ناھايىتى كۆپ خاتالىقلارنى سادىر قىلدىم، مەن بىر دىن مۇخلىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ياخشى ئىشلارنى قىلدىممىكىن دەپ ئويلىسام، ھەممىسى خاتا بولۇپ چىقتى. شۇڭا مەن ھازىر ئۆزۈمدىن ئىنتايىن بىزارمەن.*

*پېيىر ئەپەندى، مەن ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈۋېلىشنىمۇ ئويلىغان، ئەمما ئۇنداق قىلسام خاتا بولىدىغانلىقىنى بىلىمەن. مەن سىز ئېيتقان ئاكتىپ تەپەككۇرنى ئىشقا سالالايدىغانلىقىمغا ئىشىنىمەن. مەن دائىم سىزنىڭ دىنىي كەلىمىلەرنى كارتىغا يېزىپ كىشىلەرگە تەقدىم قىلغانلىقىڭىزنى، شۇ ئارقىلىق كىشىلەرگە ناھايىتى زور ئىلھام بەرگەنلىكىڭىزنى ئاڭلىغان. مۇمكىن بولسا ماڭىمۇ مۇشۇنداق ياردەم بەرگەن بولسىڭىز.*

*مەن نۇرغۇن ئەپەندىلەرنىڭ كىتابىنى ئوقۇدۇم. ئەمما ئۇلارنىڭ دېگەنلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىنتايىن قىيىن كەلدى. مەن بۇرۇندىنلا ئىنكار قىلىش پوزىتسىيىسىدە بولۇپ كەلگەن، ماڭا بىر ياردەم قىلغان بولسىڭىز.»*

مەن ئۇ قىزنىڭ ئىلتىماسى بويىچە، بىر پارچە كارتا تەييارلاپ، ئۇنىڭغا، ئۇنى دائىم يېنىدىن ئايرىماسلىقىنى، ھەمىشە (بولۇپمۇ يېتىشتىن ئىلگىرى) ئۈنلۈك ئوقۇپ تۇرۇشىنى تاپىلىدىم. مەن تەۋرەنمەس ئىشەنچىنىڭ ئۇنىڭ قەلبىدە بىخ ئۇرۇشىنى تىلىدىم. مەيلى ئۆزىگە ئىشەنچ باغلىيالماسلىق خاھىشى ئۇنىڭ قەلبىدە قانچىلىك يىلتىز تارتمىسۇن، مەن ئۇنىڭغا يېزىپ بەرگەن سۆزلەر ئىچىدىكى ئاكتىپ تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلى ئۇنىڭدا ناھايىتى ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلدى.

مەن ئۇنىڭغا كارتىغا مۇنداق سۆزلەرنى يېزىپ بەرگەن

ئىدىم:

△مەن ئۆزۈمنى ياخشى كۆرىمەن، ئۆزۈمگە ئىشىنىمەن.

△مېنى تەڭرى ياراتقان، تەڭرى ھەرگىز ناچار نەرسىلەرنى ياراتمايدۇ.

△تەڭرى ياراتقان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى بۈيۈك، شۇڭا مەنمۇ شۇ بۈيۈكلۈك ئىچىدىكى بىر بۈيۈكمەن.

△مېنىڭ قەلبىمدىمۇ تەبىئىي مۇكەممەللىك بار.

△مەن ھاياتنى، ئىنسانىيەتنى ياخشى كۆرىمەن.

△مېنىڭدە يوشۇرۇن ئىقتىدار بار، ئىشلارنى ئىنتايىن ياخشى قىلالايمەن.

△مەن بەختلىك، مېنىڭ قەلبىم رەھمەت، ھەشقاللا بىلەن تولغان.

△مەن ئىززەت ـ ھۆرمىتىمنى، غۇرۇرۇمنى ساقلىيالايمەن.

△مەن تەڭرىنىڭ بەندىسى ئىكەنلىكىمگە ئىشىنىمەن.

بۇ قىز كارتىدىكى گەپلەر بويىچە ئىش باشلىدى. ھازىر ئۇ تەدرىجىي ھالدا ئۆز ـ ئۆزىنى كەمسىتىش خاھىشىدىن قۇتۇلدى.

ئۆز ـ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسى كەمچىل، ئۆزىنى تىزگىنلىيەلمەيدىغان ياكى مەغلۇبىيەتنى مەڭگۈ ئۇنتۇپ كېتەلمەيدىغان كىشىلەر ئۆزىنى تۈپ جەھەتتىن ئۆزگەرتىشى كېرەك. ئادەملەر ھەر كۈنى ئۆزگىرىش ئىچىدە ياشايدۇ، ئۆزىنى مەڭگۈ پاجىئە ئىچىگە تاشلاپ قويۇش ئىنتايىن ھاماقەتلىكتۇر.

ھەرقانداق ئادەم ئۆزىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ، بىزمۇ ئۆزىمىزنى ئۆزگەرتەلەيمىز، مەنمۇ، سىزمۇ، ئۇمۇ شۇنداق:

ئېسىڭىزدە بولسۇن، پوزىتسىيە سىزنىڭ تەقدىرىڭىزنى بەلگىلەيدۇ!

# دۇنياغا يېڭىباشتىن تۇغۇلۇڭ

*بىرەر ئىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ـ قازىنالماسلىقنى تازا ئاڭقىرالمىغاندا، ئۇنى قەتئىي ئىشەنچ بىلەن قىلىڭ، مەيلى شۇ-غۇللانغان كەسپىڭىز قانچىلىك خەتەرلىك بولۇپ كېتىشىدىن قەت-ئىينەزەر، سىز چوقۇم ئۇتۇق قازىنالايسىز.*

مېنىڭ نەۋرە ئىنىم رۇ. دىلان بىر مۇۋەپپەقىيەت قازانغان مال ساتقۇچى. ئۇ مەلۇم بىر چوڭ شىركەتنىڭ مەملىكەت ئىچىدىكى مال سېتىش ئورنىنىڭ دىرېكتورى. بىر قېتىم بىز ئادەملەرنىڭ ناھايىتى ئۆزگىرىش ئىقتىدارىغا ئىگە كېلىدىغانلىقى توغرىسىدا پاراڭلاشقانلىقىمىزدا، ئۇ مۇنداق دېدى:

— ئادەم ئۆزىگە سادىق بولغاندىلا، ئۆزىنى بىمالال ئۆز-گەرتەلەيدۇ؛ ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئىرادىسىدە چىڭ تۇر-غاندىلا، چوقۇم ئۆزىنى ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ؛ چوڭقۇر ئېتىقادقا ئىگە بولغاندىلا، مۇقەررەر ھالدا ئۆزىنى ئۆزگەرتىش ئىمكانىيىتى-گە ئېرىشكىلى بولىدۇ. ئۆزى كۈتكەن يەنە بىر ئادەمگە ئايلىنا-لايدۇ.

بىزنىڭ شىركەتتە تېم ئىسىملىك بىر مال ساتقۇچى بار. ئۇنىڭ ئۆزگىرىشى كىشىلەرنىڭ ئىنتايىن دىققىتىنى قوزغىدى. ئۇنىڭ ھازىرقى ھالىتى بىلەن بۇرۇنقى ھالىتىگە ئادەم-نىڭ زادىلا ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ.

رو. دىلاننىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا تېم كىشىلەرگە ياخ-شى تەسىر بېرىدىغان كەڭ قورساق ئادەم، ئەمما ئۇنىڭدا ئەرلىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

جاسارەت كەمچىل. رو. دىلان ئۇنى تەنقىدلەپ: «ئۇ تونېملار ئىچىدە ئەڭ تۆۋەن قاتلامدىكى ھايۋان» دېگەن. بۇ دېگىنى شىركەتتە تىجارەت ئوبوروتى ئەڭ تۆۋەن مال ساتقۇچى دېگەندىك، شىركەت گەرچە خالىمىسىمۇ، ئەمما تېمنى ئىشتىن بوشىتىۋېتىش قارارلىشىپ قالغاندەك قىلاتتى.

بۇ چاغدا تېم تۇيۇقسىز خىزمەتلەرنى ناھايىتى ئاكتىپ ئىشلەپ، كۆپچىلىكنى ناك قالدۇردى. تىجارەت ئوبوروتىمۇ تەدرىجىي ئاشتى. بىر يىلدىن كېيىن، شىركەتتىكى بارلىق مال ساتقۇچىلار ئىچىدە ئەڭ ئاخىردىكى ئورۇندىن ئالدىنقى قاتارغا ئۆتتى، ئىككى يىلدىن كېيىن، مەملىكەت ئىچىدىكى مال ساتقۇچىلار ئىچىدە نەتىجىسى ئەڭ ياخشى مال ساتقۇچى بولۇپ قالدى. كۆپچىلىك بۇنى بىر مۆجىزە دەپ قارىدى.

مەملىكەت بويىچە مال ساتقۇچىلارنىڭ يىللىق چوڭ يىغىلىشىدا، تېم ئەڭ مۇنەۋۋەر مال ساتقۇچى بولۇپ باھالىنىپ، سەھنىگە چىقىپ مۇدىرىيەت باشلىقىنىڭ تەقدىرلىشىگە مۇيەسسەر بولدى. تېم سەھنىگە ناھايىتى قورۇنۇپ چىقتى. مۇدىرىيەت باشلىقى ئۇنىڭغا:

— مەن ئەزەلدىن بىرەر كىشىنى بۇنداق خۇشاللىق بىلەن تەقدىرلەپ باققان ئەمەسمەن، تېم سەن ھەقىقەتەن بىر مۇنەۋۋەر مال ساتقۇچى، تېخىمۇ مۇھىمى سەن ھازىر بىر مەشھۇر شەخسكە ئايلاندىڭ، ھەممىمىزنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىسى بولۇپ قالدىڭ، سېنىڭ تىجارەت ئوبوروتۇڭ ناھايىتى تېز ئېشىۋاتىدۇ، بۇ خىل ئۆزگىرىشنى ھەرگىز سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ، سەن ھەقىقەتەن باشقىچە بىر ئادەم بولۇپ قالدىڭ، بۇ يەردە ئولتۇرغانلارغا بۇنىڭ سىرىنى دەپ بەرگەن بولساڭ،— دېدى.

رو. دېلاننىڭ دېگىنىدەك، تېمنىڭ نۇتۇق قابىلىيىتى تۆ-

ۋەنرەك ئىدى. ئۇ شەلپەردەك قىزارغان هالدا دۇدۇقلاپ تۇرۇپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— مۇدىرىيەت باشلىقى ۋە ئەپەندىلەر، مەن ئۆزۈمنى بىر مەغلۇبىيەتچى دەپ ساناپ، دىمىم ئىچىمگە چۈشۈپ كەتكەن ئىدى. بۇ تەرىپى ماڭا تولىمۇ روشەنكى، باشقىلار دىمىسىمۇ بىلىمەن.

بىر كۈنى كەچتە «مەن بۇنداق كىتۇۋرسەم بولماس» دىگەننى خىيالىمدىن ئۆتكۈزدۈم. ئۇ چاغدا مەن مىهمانخانا ئۆيدىكى كىتاب ئىشكابىدا مۇقەددەس «دىنىي دەستۇر»نى كۆرۈپ قالدىم. گەپنىڭ راستىنى ئېيتقاندا، بۇ دەستۇرنى ۋاراقلاپ باقمىغىنىمغا خېلى يىللار بولۇپ كەتكەن ئىدى.

مەن دەستۇرنى قولۇمغا ئېلىپ، مۇقاۋىسىنى ئۆرۈپلا «تېمىنىڭ سۆيۈملۈك ئاپىسىغا تەقدىم» دىگەن قۇرلارغا كۆزۈم چۈشتى. مەن يەنە ۋاراقلىدىم، بۇ چاغدا «مەن تۈزۈلىمەن، باشقىچە بىر ئادەمگە ئۆزگىرىمەن» دىگەن هېكمەتلىك سۆزلەر كۆز ئالدىمدا توغرا تۇرۇۋالدى، مەن دەرهال بۇ سۆزگە چىن پۈتتىم.

ئىككىنچى كۈنى، ئەتىگەندە بازارغا چىقىپ بېشىمدىن ئايىغىمغىچە يېڭى كىيىم ـ كېچەك سېتىۋالدىم. كاستيۇم ـ بۇرۇلكا، ئىچ كىيىم، ئاسما مايكا، كالتە ئىشتان، پايپاق، كۆڭلەك، ئاياغ، گالستۇك دىگەندەك ئۇچامدىكى هېچنىمنى قويماي ئالماشتۇرۇۋەتتىم. ئۇچامدىكى نەرسىلەرنىڭ هەممىنى سېلىپ تاشلىۋېتىپ، يېڭى كىيىم ـ كېچەكلەر بىلەن ئۆزۈمنى يېڭىلىۋالغان بىلەن يېڭى بىر ئادەمگە ئۆزگىرىپ كەتمەيدىغانلىقىم ماڭا ناهايىتى ئايدىڭ ئىدى.

ئۆيگە قايتىپ بېرىپ دەرهال مۇنچىغا چۈشتۈم، پۈتۈن ئەزايىمنى يۇيۇپ تازىلاپ، خۇددى يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقتەك

پاكلاندىم. باش ـ كۆزۈمنى يۇيۇپ تازىلاش بىلەن بىرگە كاللامدىكى ئىلگىرىكى پاسسىپ ئىدىيىلەرنىمۇ پۈتۈنلەي تازىلاپ چىقىرىۋەتتىم. ئاندىن پاكىز، رەتلىك كىيىنىپ، بىر خىل يېڭى قىياپەت بىلەن مال سېتىشقا كىرىشتىم، تەگرىنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن تىجارەت ئوبوروتۇم جانلىنىپ بارغانسېرى يۈرۈشۈپ كەت-تى. مۇدىرىيەت باشلىقى، مانا بۇ مېنىڭ ئۆزگىرىش جەريانىم.

رو. دىلان ماگا:

— بۇنىڭغا ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ، بۇ بىر مەڭ-گۈ ئادەمنىڭ ئېسىدىن چىقمايدىغان ھېكايە. 700 دىن ئارتۇق تاماشىبىن جەم بولغان، ئارىنى چوڭقۇر سۈكۈت باسقان ئەنە شۇ دەقىقىلەردىن كېيىن، مەن ئىختىيارسىز ھالدا ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئېيتتىم. ئۇنى تەبرىكلىدىم، گەپنىڭ راستىنى ئېيتقاندا كۆپچىلىككە ئوخشاش مەنمۇ قاتتىق ھاياجان ئىلكىدە ئۇنى قۇتلۇقلىدىم،— دېدى.

شۇنداق، بىر ئادەمنىڭ يېڭىچە بىر ئادەمگە ئۆزگىرىپ كېتىشى، ھازىرقى بۇ كىشىنىڭ ئىلگىرىكى شۇ كىشى ئىكەنلىكى-گە ئادەمنىڭ زادىلا ئەقلى يەتمەيدۇ، ئادەمنى ئاڭ قالدۇرىدۇ!

رو. دىلان يەنە:

— تېمىنى ئۆزگەرتكەن ھېلىقى كەلىمىلەرنىڭ قەيەردىن ئېلىنغانلىقىنى كۆپچىلىكنىڭ بىلگۈسى بولسىمۇ، ئەمما ئۇنى دېيىش تازا بىئەپ بولۇپ قالدى. كېيىن مەن تېمىنى ئۇچراتقاندا ئۇنىڭدىن سورىدىم. ئۇ كارتىنىڭ ئارقىسىغا: ھېلىقى كىتابنىڭ ئىسمى ۋە بەت نومۇرىنى يېزىپ، ئاندىن «قېنى تەكشۈرۈپ بېقىڭ» دەپ ئەسكەرتىپ قويۇپتۇ. مەن بىر خىل قىزىقىش ئىچىدە ئۇنى كۆرۈپ چىقتىم. ئۇنىڭدىكى كەلىمىلەر مۇنداق يېزىلغان ئىدى:

«ئەگەر كىمكى ئىخلاسمەن دىن مۇرىتى بولىدىكەن، ئۇ يېڭىدىن يارىتىلغان بولىدۇ، ۋاقىت ئۆتكەنسىرى ئۇ يېپيېڭى بىر ئادەمگە ئايلىنىدۇ».

— ھەي رومان، ـ دېدى ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ،— بىز كىچىك ۋاقتىمىزدا لىنھىن (ئوھىئو شتاتى) دىكى مەكتەپكە كىرگەندە تۇنجى بولۇپ بۇ كەلىمىنى ئۆگەنگەن ئىدۇق. سەن قانداق قىلغان بولغىيتتىڭ، ئەمما مەن ئۇنچە بەك چوڭقۇر ئويلىنىپ كەتمىگەن ئىكەنمەن. تېمىنىڭ ئۆزگىرىشىدىن، ئۇ كەلىمىنىڭ تولىمۇ قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى ھەقىقىي تونۇپ يەتتىم. رو. دىلان ناھايىتى توغرا ئېيتىدۇ. دېمىسىمۇ ئېتىقاد كىشىلەرگە بەرىكەت ئېلىپ كېلەلەيدۇ!

بىرەر ئىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ـ قازىنالماسلىقنى تازا ئاڭقىرالمىغاندا، ئۇنى قەتئىي ئىشەنچ بىلەن قىلىڭ، مەيلى شۇغۇللانغان كەسپىڭىز قانچىلىك خەتەرلىك بولۇپ كېتىشتىن قەتئىينەزەر، سىز چوقۇم ئۇتۇق قازىنالايسىز.

پوزىتسىيە ھەممىنى بەلگىلەيدۇ!

# ئۈچىنچى باب نىشان بەلگىلەش

## ئۈمىدۋارلىق — كۆلپەت ئىچىگە يوشۇرۇنغان ئەڭ ئېسىل پۇرسەت



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى www.uyghurkitap.com

# «ئازاب ـ ئوقۇبەت» بىلەن كەشتىلەنگەن سىرلىق سوۋغا

*گۆردە ياتقانلارنىڭ غېمى بولمايدۇ. مەيلى گېزىت ـ ژۇرنال، رادىئو ـ تېلېۋىزورلاردا قانداقلىكى ئاخباراتلارنى خەۋەر قىلمىسۇن، ئۇنىڭدىن قورقۇپ كەتمەسلىك كېرەك. چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆلگەنلەر، پەقەت غەم ـ قايغۇلا تىرىكلىكنىڭ نىشانىسىدۇر!*

ئاكتىپ تەپەككۇر قىلىشنى بىلىدىغانلىكى كىشىلەر ناھايىتى ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى تولىمۇ كۆپ، بۇنداق كىشىلەر مۈشكۈللەرگە يولۇققاندا، قورقۇپ كەتمەيدۇ، تېنەپ ـ تەمتىرەپ يۈرمەيدۇ. ئۇلار ئەمەلىي، ئاكتىپ كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىغا ئىگە كېلىدۇ، ھەرقانداق قىيىن شارائىتلار ئىچىدىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ يىپ ئۇچىنى تاپالايدۇ. دەرۋەقە، مۈشكۈلچىلىك بولمىغان يەردە تەپەككۇرمۇ بولمايدۇ. شۇڭا ئالغا بېسىش قەدىمى كۆپ ھاللاردا ئاستا بولىدۇ.

ئاكتىپ تەپەككۇر قىلىشنى بىلىدىغان كىشىلەر «قىيىنچىلىق» نىڭ بىر پارچە مۇنبەت تۇپراق ئىكەنلىكىنى، بۇ يەردە ياخشى مېۋە كۆچەتنى يېتىشتۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ.

تەگرى سىزگە ئىنتايىن قىممەتلىك نەرسىلەرنى ئاتا قىلغاندا، قانداق بېرىدۇ؟ چەت ئەلنىڭ ئادەمنىڭ كۆزىنى ئالىچەكمەن

قىلىۋېتىدىغان ئۇراش قەغەزلىرى بىلەن ئوراپ، كۈمۈش تەخ-
سىلەرگە سېلىپ، قوش قوللاپ ئالدىڭىزغا قويامدۇ؟
ئۇنداق ئەمەس، تەڭرى ئىنتايىن قىممەتلىك نەرسىلەرنى
تېخىمۇ مۇرەككەپ، تېخىمۇ ئەپچىل، تېخىمۇ نازاكەت بىلەن
قاتتىق ئازاب - ئوقۇبەت ئىچىگە يوشۇرۇپ قويىدۇ.
ئۇ سىزنىڭ بۇ مەسىلىلەرنى قانداق ھەل قىلىشىڭىزنى
خۇشاللىق بىلەن كۈزىتىدۇ، سىزنىڭ ئاددىيلىق ئىچىدىن چاقناپ
تۇرغان ھەقىقەتلەرنى قانداق بايقىشىڭىزغا دىققەت قىلىدۇ.
دەل مۇشۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەر دائىم: «تەڭ-
رى ناۋادا ھارغىنلىق ۋە ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى يېنىكلىتىۋەتكەن
بولسا، ئەڭ ياخشىسى پۈتۈنلەي كۆتۈرۈۋەتكەن بولسا، بۇ دۇنيا
تېخىمۇ بەك گۈزەللىشىپ كەتكەن بولاتتى» دېيىشىدۇ. دەرۋەقە،
راستىنلا مۇشۇنداق بولۇشى مۇمكىنمۇ؟
مەن تۆۋەندىكى ھېكايە ئارقىلىق بۇ مەسىلىگە جاۋاب بېرى-
مەن:
بىر كۈنى مەن نيۇيوركنىڭ 5 - كوچىسىدا كېتىۋېتىپ
دوستۇم جورجنى ئۇچرىتىپ قالدىم.
ئۇ تولىمۇ مەيۇس، پەرىشان، ناھايىتى سولغۇن كۆرۈنەت-
تى، كەيپىياتى بەكلا تۆۋەن ئىدى.
ئۇنىڭغا ھېسداشلىقىم قوزغىلىپ:
— جورجى، ياخشىمۇ سەن؟— دېدىم.
ئۇ ماڭا يېقىندىن بېرى ئىشلىرىنىڭ تازا كۆڭۈلدىكىدەك
بولمايۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىغانسېرى
ئۇنىڭغا بولغان ھېسداشلىقىم تېخىمۇ ئاشتى.
— ئاز - تولا زەربىگە ئۇچراپلا نېمانچە غەمگە پېتىپ
كەتتىڭ؟

ئۇنىڭ قاتتىق ئاچچىقى كېلىپ:
— بەك كۆپ ئازاب تارتىپ كەتتىم، كەينى - كەينىدىن پالاكەت بېسىپ، زادى ئۇھ دېگۈچىلىكىم قالمىدى،— دېدى.
ئۇ ھاياجانلىنىپ كەتكەنلىكتىن شۇ تاپتا كىم بىلەن پاراڭلىشىۋاتقانلىقىنى ئۇنتۇپ قالغان ئىدى. ئۆزىنىڭ ئازاب - ئوقۇبەتلىك كەچۈرمىشلىرى بىلەن بولۇپ كېتىپ، ھەتتا تەگرىنىمۇ ئېسىدىن چىقىرىپ قويۇشقا تاسلا قالدى. دېمىسىمۇ ئۇنىڭ ھالى ھەقىقەتەن خاراب ئىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىنى مەن خېلى چۈشىنەتتىم.
جورجىنىڭ ئېغىزى بېسىقماي سۆزلەۋاتقاندا، ئۇنىڭ گېپىگە لوقما سالدىم:
— جورجى، مېنىڭ ساڭا ناھايىتى ياردەم بەرگۈم بار، قېنى دەپ باقە، مەن ساڭا نېمىلەرنى قىلىپ بەرسەم بولىدۇ؟
ئۇ داد - پەرياد ئېيتىپ:
— راستمۇ؟ ئۇنداق بولسا ماڭا ياردەم قولۇڭنى سونغىن، مېنىڭ بېشىمغا كەلگەن ئېغىر كۈلپەتلەرنى ھەيدىۋەتكىن، ئەگەر راستىنلا بۇ قولۇڭدىن كەلسە، بىز قىيامەتلىك ياخشى دوستلاردىن بولۇپ كېتىمىز،— دېدى.
مەن ھەرقانداق ۋاقىتتا كىشىلەر بىلەن يېقىن دوستلاردىن بولۇپ ئۆتسەم دەپ ئىستەيتتىم. مەن جورجىنىڭ ھازىرقى ھال ئەھۋالىنى بىر قۇر ئىنچىكە ئويلاپ، ئاخىرى ئۇنى ھەل قىلىشنىڭ ئۇسۇلىنى تېپىپ چىقتىم. مېنىڭ بۇ تەكلىپىم ئۇنىڭغا تازا خۇشاللىق بېغىشلىيالمىغان بىلەن ئەمما ئەڭ بولمىغاندا خېلى ئەمەلىي ئۈنۈم بېرەتتى. مەن ئۇنىڭدىن:
— جورجى، قېنى سەممىمىي جاۋاب بېرىپ باقە، بايام سەن ھەممە ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى ھەيدىۋېتىشىمنى ئۈمىد قىلىدىغان

لىقىڭنى ئېيتتىڭ. ئەمەلىيەتتە، ئەڭ ياخشىسى سەن مۇشۇ يەردىلا ھەممە غەم ـ قايغۇ، ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرنى ھەيدىۋەتسەڭ بولاتتى.

— توغرا، مېنىڭ سەۋرى قاچام توشۇپ كەتتى،— دېدى ئۇ چوڭقۇر سۈكۈت ئىچىدە.

— ئەمدى چۈشەندىم، مەن ساڭا ياردەم قىلالايدىغانلىقىمغا ئىشەندىم، بىر قانچە كۈننىڭ ئالدىدا مەن بىر ئىش بىلەن مەلۇم بىر يەرگە بارغان ئىدىم، ئۇ يەرنىڭ مەسئۇلى ماڭا ئۇ يەردە ھازىر ئون نەچچە مىڭ ئادەم بارلىقىنى، ئەمما ھەممە ئادەمنىڭ غەمسىز ئىكەنلىكىنى ئېيتتى،— دېدىم.

جورجىنىڭ كۆزلىرى تۇنجى قېتىم چاقناپ كەتتى، چىرايىغا قىزىللىق تاراپ سەممىي رەۋىشتە:

— ئۇ دەل مەن ئۈمىد قىلغان جاي ئىكەن، مېنى شۇ يەرگە بىر باشلاپ بارساڭ،— دەپ تۇرۇۋالدى.

— ئۇ ۋۇدرۇن قەبرىستانلىقى بولىدۇ،— دېدىممەن.

شۇنداق، گۆردە ياتقانلارنىڭ غېمى بولمايدۇ. مەيلى گېزىت ـ ژۇرنال، رادىئو ـ تېلېۋىزورلاردا قانداقلىكى ئاخباراتلارنى خەۋەر قىلمىسۇن، ئۇنىڭدىن قورقۇپ كەتمەسلىك كېرەك. چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆلگەنلەر، پەقەت غەم ـ قايغۇلا تىرىكلىكنىڭ نىشانىسىدۇر!

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# روھىي جەھەتتە ساغلام كىشى بولۇش

*مەلۇم بىر ئادەمنىڭ روھىي جەھەتتە ساغلام ياكى ساغلام ئەمەسلىكىنى سىناشتا ھېلىقى ئادەمنىڭ تەقدىرىنىڭ تۈيۈقسىز كەلگەن زەربىسىگە قانداق ئىنكاس قايتۇرغانلىقىغا قاراش كېرەك.*

مەن ھەتتا شۇنداق دېيىشكە جۈرئەت قىلالايمەنكى، غەم - قايغۇ قانچىكى كۆپ بولسا، ئادەم شۇنچىكى غەيرەت - شىجائەتلىك بولۇپ كېتىدۇ. ئەكسىچە، غەم - قايغۇنىڭ بولماسلىقى ئىنتايىن خەتەرلىك، دېمەك غېمى يوق ئادەم ئۆلۈمگە قاراپ يول ئالغان بولىدۇ.

ئاكتىپ تەپەككۇر قىلغۇچىلارنىڭ قەلبى ۋە مېڭىسى تولۇپ - تاشقان ھاياتىي كۈچكە ئىگە كېلىدۇ. ئۇلار ھاياتلىق سەپىرىدە يولۇققان بارلىق مەسىلىلەرگە توغرا يۈزلىنەلەيدۇ ۋە ئۇنى ھەل قىلالايدۇ.

ئەگەر مەسىلىلەرنى ئۆزۈم ھەل قىلالمايمەن دەپ قورقسا، ھەرگىز ياخشى نەتىجىگە ئېرىشەلمەيدۇ. ئاكتىپ تەپەككۇر قىلغۇچىلار، ئەقلىي يوسۇندا تەپەككۇر قىلالايدۇ. قىيىنچىلىققا يۈزلىنىپ، ياخشى نەتىجىگە ئېرىشەلەيدۇ.

كىشىلىك تۇرمۇشتىكى قىيىنچىلىقلارغا مۇشۇنداق يۈزلىنەلىگەن كىشىلەر، روھىي جەھەتتە ساغلام كىشىلەر ھېسابلىنىدۇ. مەلۇم بىر ئادەمنىڭ روھىي جەھەتتە ساغلام ياكى ساغلام ئەمەسلىكىنى سىناشتا ھېلىقى ئادەمنىڭ تەقدىرىنىڭ تۇيۇقسىز

كەلگەن زەربىگە قانداق ئىنكاس قايتۇرغانلىقىغا قاراش كېرەك.

سىز بەختسىزلىككە يولۇققاندا، كىشىلەرگە ئۆزىڭىزنىڭ نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق ئادالەتسىز تەقدىرگە مۇپتىلا بولۇپ قالغانلىقىڭىزنى شىكايەت قىلامسىز ـ يوق؟ ياكى قاتتىق غەزەپكە كېلىپ «مېنى نېمە ئۈچۈن بۇنداق نەس باسىدىغاندۇ» دەمسىز؟

ئەكسىچە، تۇيۇقسىز مۇشكۇللەرگە دۇچ كەلگەندە، قەتئىي، ئاقىلانىلىق پوزىتسىيىنى ساقلاش، ئۆزىمىزنىڭ ھەرقانداق مەسىلىنى ھەل قىلالايدىغانلىقىمىزغا ئىشىنىش، قىيىنچىلىق مۇشكۇللەرگە قەتئىي پىسەنت قىلماسلىق روھىي جەھەتتە ساغلاملىقنىڭ بىر روشەن دەلىلىدۇر!

باشقىچىرەك قىلىپ ئېيتساق، ئاكتىپ تەپەككۇر قىلىشنى بىلىدىغان كىشى روھىي جەھەتتە ساغلام بولغاچقا، مەيلى قانداق قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىشتىن قەتئىينەزەر، مۇقەررەر ھالدا ئەڭ پارلاق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەلەيمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# قىيىنچىلىقنى «ئەقىل - پاراسەت» نىڭ رېتسېپىغا ئايلاندۇرۇڭ

*— ئىشەنچ ئەڭ ياخشى داۋالاش ئۇسۇلى. ئىلاھقا، ئىنسانلارغا، ئۆزىنىڭ خىزمىتىگە ياكى ئۆزىگە ئىشەنچ باغلاش كېرەك.*

بىرقانچە يىلنىڭ ئالدىدا، مەشھۇر روھىي كېسەللىكلەر دوكتورى سىمەير. بولاندۇن ئىككىمىز ئامېرىكا دىنىي ساغلاملىق جەمئىيىتى قۇردۇق. شۇنىڭ بىلەن مەن روھىي كېسەللىكلەر بۆلۈمىنىڭ دوختۇرلىرى، پسىخولوگلار بىلەن ئۇزۇن مۇددەت ئالاقىلىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشتىم. مەن بۇ مۇتەخەسسىلەرگە تولىمۇ قايىل، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار بىلەن كەسىپداش بولۇپ قالغاچقا، ھېسسىيات جەھەتتىمۇ ماسلىشىپ تۇرلۇك خەتەرلىك خىزمەتلەرنى بىرلىكتە ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئىشلىدۇق. بىز بىرلىكتە نىكاھ، ئىسپىرتتىن زەھەرلىنىش، زەھەرلىك بۇيۇملاردىن زەھەرلىنىش، ياش - ئۆسمۈرلەر مەسىلىسى ۋە كىشىلەرنىڭ ئىجادچانلىقىغا توسقۇن بولۇۋاتقان تۈرلۈك مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلدۇق.

بىز شۇنى سەزدۇقكى، يۈكسەك دەرىجىدە تەشكىللەنگەن ھازىرقى زامان كىشىلىرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ ئورتاق ئازابى — تۇرمۇشتا ئادەتتىكى مەسىلىلەرگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنىڭ بولماسلىقى. ئەمما كىشىلەرگە ئىشەنچ بېغىشلاش ئۇ خىل ئىقتىدارنى يېتىشتۈرۈشنىڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلىدۇر. ئە-

شەنچ — ئەڭ ياخشى داۋالاش ئۇسۇلى. ئىلاھقا، ئىنسانلارغا، ئۆزىنىڭ خىزمىتىگە ياكى ئۆزىگە ئىشەنچ باغلاش كېرەك.

مۇستەھكەم ئىشەنچلا ئۆزىگە تازا ئىشەنچ قىلالماسلىق كەيپىياتىنى پۈتۈنلەي تۈگىتىدۇ. كۈندىلىك تۇرمۇشىمىز چوڭقۇر ئازاب ـ ئوقۇبەتكە ئىگە بولغاچقىلا، ئادەم روھىي جەھەتتە ئۆز قاراشلىرىنى يېڭىلىيالايدۇ.

ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ئاجىزلىقلىرىنى ئارتۇقچىلىققا ئايلاندۇرالىغان كىشىلەرنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. ئۇلار ھەرخىل مەسىلىلەرگە تاقابىل تۇرالايدۇ. ئىلگىرى ئۇلارنى ئازابلىغان، ئۇلارغا ئوڭۇشسىزلىق تۇيغۇسى پەيدا قىلغان مەسىلىلەر، ھازىر قانداقتۇر ھەيۋىسىنى يوقاتقان بولىدۇ. ئۇلار ئاشۇ ئوڭۇشسىزلىقلاردىن ھالقىپ ئۆتۈشتە، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش يولىنى تۇتماي، بەلكى ناھايىتى زېرەكلىك بىلەن ئاشۇ ئوڭۇشسىزلىقلار بىلەن ماسلىشالىغان. ئاكتىپ پوزىتسىيە مەسىلىلەرگە ھەرگىز كاشىلا تۇغدۇرمايدۇ، بەلكى ئۇ ئەقىل ـ پاراسەتنى چاقنىتىدىغان ئەڭ ياخشى پۇرسەتتۇر.

مەنمۇ ئەنە شۇنداق روھىي جەھەتتىكى ئۆزگىرىشلەرنى بېشىمدىن كەچۈرگەن. مەن ياشلىق دەۋرىمدە ئاكتىپ تەپەككۇر قىلىدىغان كىشىلەردىن سانالمايتتىم. ئەمەلىيەتتە، مېنىڭ ئۆز ـ ئۆزۈمنى كەمسىتىش تۇيغۇم ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى، قانداق قىلغاندا بۇ خىل ئۆز ـ ئۆزىنى كەمسىتىش تۇيغۇسىدىن قۇتۇلۇپ نورمال تۇرمۇش كەچۈرەرمەن دېگەن ئوي ئۇ چاغدا مېنىڭ ئەڭ چوڭ باش قېتىنچىلىقىم بولۇپ قالغان ئىدى.

مەندىمۇ تولۇپ ـ تاشقان ئارزۇ ـ ئىستەكلەر ۋە ئۇلۇغۋار نىشانلار بولغان. بىر تەرەپتىن زېھنىي كۈچۈم ئۇرغۇپ، قىزغىنلىقىم تېشىپ تۇراتتى، ئەمما يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزۈمنى دەرمان-

سىز سىزەتتىم، ئۆز ـ ئۆزۈمگە بولغان ئىشەنچ كەمچىل بولۇپ، تىنماي ئازابلىناتتىم. مەن ئۆز ـ ئۆزۈمنى «سەن قىلالمايسەن، سەندە ئۇنداق ئىقتىدار يوق» دەپ مەسخىرە قىلاتتىم. مەسىلەن: مېنىڭ نىشانلىرىم (ئەمەلىيەتتە ئەڭ مۇھىم نىشانىم) نىڭ بىرى ناتىق بولۇش ئىدى. ئەمما، كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ئۆرە تۇرۇپ سۆزلەشنى ئويلىسامىلا ماڭا تىترەك ئولىشاتتى. كىشىلەرنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ سۆزلەشنى سىناق قىلىپ باققان چاغلىرىمدىمۇ ئىككى پۇتۇم تىترەپ، گېلىم قۇرۇپ، تىلىم كالۋالىشىپ، گەپلىرىم باغلاشماي قالاتتى. گەرچە ھالىم شۇنداق بولسىمۇ ئەمما ناتىق بولۇش خىيالىم ياتسام چۈشۈمدىن چىقمايدىغان دەرىجىگە يەتكەن ئىدى. ئىچ ـ ئىچىمدىن بىر كۆچلۈك ھاياجان مەلۇم بىر ئىشنى ئورۇنلاپ، نىشانىمنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، تەلۋە ئارزۇلىرىمنى رېئاللىققا ئايلاندۇرسام دەپ كۆۋەجەيتتى.

بىرەر ئىش قىلىشنى شۇنچە ئارزۇ قىلسامۇ، يەنە تۇرۇپ ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرالماسلىقتىن ئەنسىرەيتتىم؛ باشقا بىر ئادەمگە ئايلانسام دەپ ئۈمىد قىلاتتىمىۇ، ئەمما ئۆز ـ ئۆزۈمگە ئىشەنچىم تولىمۇ كەمچىل ئىدى، بۇ روھىي جەھەتتىكى بىر ئازاب ئىدى. بۇ خىل باش قېتىنچىلىق ئەلۋەتتە باشقا نۇرغۇن باش ئاغرىقلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ھەتتا ئۆزۈممۇ ئىشەنچ قىلالمايدىغان بىر مەغلۇبىيەتچى تۇرۇپ، كىشىلىك ھاياتتىكى تۈرلۈك مەسىلىلەرگە قانداقسىگە توغرا ھۆكۈم چىقىرالىدىم؟

# ئۆز - ئۆزىڭىزنى كەمسىتىش تۇيغۇڭىزنى چۆرۈپ تاشلاڭ

*ئى! پەرۋەردىگار، مەن سىنىڭ يامان ئادەملەرنى ياخشى ئادەملەرگە، ھاراقكەشلەرنى ئىنائەتمەن مۇخلىسلارغا، يانچۇقچى، ئوغرىلارنى ئاق كۆڭۈل بەندىلەرگە ئۆزگەرتكىنىڭنى كۆردۈم. مەندەك ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان بىر بىچارە ئۆسمۈرنى ئادەتتىكى ئادەمگە ئۆزگەرتىپ قويساڭ.*

بەختىمگە يارىشا مەن ياشلىق دەۋرىمدە تۆت نەپەر روھىي جەھەتتىكى يېتەكچى ئۇستاز بىلەن ئۇچراشتىم. بىرىنچى ئۇستازىم ئوھىئو شتاتى ۋىس تەبىئىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى بانشۇن بولدۇ.

بۇ پروفېسسور مېنىڭ روھىي قىياپىتىمدىن مېنىڭ باش قېتىنچىلىقىمنى سېزىۋالدى. بىر كۈنى ئۇ دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن مېنى ئېلىپ قالدى. ئۇ ماڭا بىر ھازا تىكىلگىنىچە:

— رومان، ھەل بولمايۋاتقان قانداق مەسىلىلىرىڭ بار؟ مەن سېنىڭ ناھايىتى تىرىشىۋاتقانلىقىڭنى بىلىمەن، سەن مەن ئۆتكەن دەرسلەرنىڭ مەزمۇنىنى تامامەن ئۆزلەشتۈرەلەيسەن، ئەمما مەن ئىسمىڭنى چاقىرمىغىچە ھەرگىز تەشەببۇسكارلىق بىلەن پىكىر بايان قىلمايسەن، پىكىر قىلساڭمۇ قىزىرىپ، كېكەچلەپ كېتىسەن. سەن نېمە ئۈچۈن بۇنچىۋالا جىددىيلىشىپ قورۇنىسەن؟

پروفېسسور مېنىڭ ئىزاھات بېرىشىمگە پۇرسەت بەرمەي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

داۋاملىق سۆزلەيتتى:

— مەن بىلىمەن، سەندە ئۆزۈڭنى كەمستىش تۇيغۇسى ئېغىر، ئەمما سەن ئۇنى يوقاتماقتا، يوق ئۇنىڭ داۋاملىق تەرەق-قىي قىلىشىغا ئىمكانىيەت تۇغدۇرۇپ بەرگەچكە، ئۇ سېنىڭ پۈت - قولۇڭنى چۈشەپلا قويىدى. ئۆزۈڭچە، كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى ماڭا قاراپ تۇرغاچقا، كىشىلەرنىڭ دىققەت - نەزىرىدىكى قىزىق نۇقتىغا ئايلىنىپ قالدىم دەپ ئويلايدىغان ئوخشىمامسەن؟ ئەمە-لىيەتتە، سېنىڭ بۇ ئويۇڭ ئۆزۈڭنى ھەددىدىن ئارتۇق مەركەز قىلىۋالغانلىق بولىدۇ.

پروفېسسور پارتا ئۈستىدىكى ئۆچۈرگۈچنى كۆرسىتىپ:

— قارا، بۇ ئۆچۈرگۈچنىڭ نوچىلىقىغا، ئۇنىڭ خاتا يەرلەرنى ئۆچۈرۈپ، قەغەزنى پاكىز قىلىۋەتكىنىگە.

ئۇ يەنە ئۆچۈرگۈچنى پارتىغا تاشلىۋېدى ئۆچۈرگۈچ قاڭ-قىپ كەتتى:

— قارا، بۇ ئۆچۈرگۈچنىڭ ئېلاستىكلىقىغا! سەنمۇ خۇد-دى بۇنىڭغا ئوخشايسەن! ئۆز - ئۆزۈڭنى كەمستىش تۇيغۇڭنى چۆرۈپ تاشلا! تەڭرى ئاتا قىلغان ئېلاستىكلىقىڭنى پۈتۈن كۈچۈڭ بىلەن جارى قىلدۇر! سەندە ئىشەنچلا بولىدىكەن، قورقۇشنى تۇگىتىسەن. ھازىر سەن قورقۇنچ ئىچىگە قامىلىپ قاپسەن. قورقۇنچنى ئۆزۈڭنىڭ ئىرادىسى بويىچە ئىشقا سالساڭ بولمايدۇ. ئەمما سەن ئۆزگىرىشنى خالىساڭلا ئۆزگىرەلەيسەن.

مەن دەلدەڭشىگەنچە زالغا كىردىم. خىياللىرىم چىگىشلى-شىپ كەتكەن ئىدى. تۇرۇپلا غەزەپلەنسەم، يەنە تۇرۇپ ئاجايىپ ئۈمىدلەرگە چۆمۈلەتتىم. ئۇزۇن پەلەمپەيدىن چۈشۈۋېتىپ، تۇ-يۇقسىز تۆۋەندىن سانىغاندىكى 4 - پەلەمپەيدە توختاپ قالدىم. ئەينى ۋاقىتتىكى ھالەت خۇددى ھازىرقىدەكلا كۆز ئالدىمدا

تۇردۇ. ئەمدى قەدەم ئېلىشىمغا، ھاياتىمدىكى ئەڭ چوڭ ۋەقە يۈز بەردى. پروفېسسورنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى، ئۆزۈمنىڭ نېمە قىلىشىم كېرەكلىكىنى چۈشەنگەن ئىدىم. مەن ئىختىيارسىز ھالدا مۇنداق دۇئا قىلدىم:

«ئى! پەرۋەردىگار، مەن سېنىڭ يامان ئادەملەرنى ياخشى ئادەملەرگە، ھاراقكەشلەرنى ئىتائەتمەن مۇخلىسلارغا، يانچۇقچى، ئوغرىلارنى ئاق كۆڭۈل بەندىلەرگە ئۆزگەرتكىنىڭنى كۆردۈم. مەندەك ئوگۇشسىزلىققا ئۇچرىغان بىر بىچارە ئۆسمۈرنى ئادەتتىكى ئادەمگە ئۆزگەرتىپ قويساڭ.»

تۆۋەندىكى بۇ بىر كۇپلېت شېئىرنى جىمىس. لابىرلوۋىر «دوئومۇ سارىيى»غا رامكىغا ئېلىپ ئېسىپ قويغان ئىدى:

بۇگۈنگىچە سەھەر ـ ئاخشامدا،
قىلىپ كەلدىم ئۈنسىز تىلاۋەت.
چىن تىلاۋەت بولدى ئۈچ نۆۋەت،
ئۈچ نۆۋەتتىن تاپتىم ھىدايەت.

دېمەك، بۇ مېنىڭ ئىلاھنىڭ ھەقىقەتەن مەۋجۇد ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەنلىكىم.

بۇ بىر كۇپلېت شېئىر مېنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇنتۇلماس تەسىراتىمنى تامامەن ئىپادىلەپ بەرگەن ئىدى. قارىماققا مەن شۇ تاپتا ئىلگىرىكىدەك تۇرغان بىلەن ئەمما ئىچ ـ ئىچىمدىن بەخت تۇيغۇسىغا چۆمگەن ئىدىم.

بىر كۈنى پروفېسسور E. شىمېسمۇ دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن مېنى ئېلىپ قېلىپ:

— رومان، «ماكاس. ئوۋلىسنىڭ تەپەككۇر خاتىرىسى» بىلەن «لارفۇ. ۋورد. ئىمرسوننىڭ ئۇزۇندىلىرى» نى بىر كۆ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

رۇپ چىققىن،ــ دېدى.

پروفېسسور شىمىس يەنە:

— سەن بۇ ئىككى كىتابنى ئوقۇغاندىن كېيىن چۈشىنىسەن، ئىدىيىدە ئېتىقاد جەۋلان قىلسا، ئادەمنىڭ روھى ئەرشكە چىقىدۇ،ــ دېدى.

كېيىن مەن كۆپ قېتىم روماكاپىتروم تېغىدىكى ماكاس. ئوۋلىس ھەيكىلىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ، ئۇنىڭ ماگا ساغلام، ئاكتىپ تەپەككۇر ھەدىيە قىلغانلىقىغا رەھمەت ئېيتتىم.

ئۆز - ئۆزۈمنى كەمسىتىش تۇيغۇسىنى تۈگىتىش ماگا ئۇنچە ئاسان توختىمىدى. بۇنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ھەل قىلغىلى بولمايتتى. يىلتىزى چوڭقۇر مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا خېلى ئۇزۇن ۋاقىت كېتىدۇ. بۇنى قاتتىق سەۋرچانلىق ۋە قەتئىي ئىرادە بىلەن ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. قىيىن مەسىلىلەر بىلەن كۈرەش قىلىشتا، قەتئىي چىداملىق بولۇش ھەممىدىن مۇھىم. مەغلۇبىيەتكە ئاسانلا تەن بېرىش، مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى بىر چوڭ كاشىلىدۇر. شۇڭا، مەسىلىلەرگە قەتئىي ئىككىلەنمەي، ئاكتىپ پوزىتسىيىدە بولۇش كېرەك.

مەسىلىلەرنى ھەل قىلالايدىغان ئىرادە ۋە بەل قويۇۋەتمەيدىغان چىداملىق بولغاندىلا، كەلگۈسىگە قاراپ يول ئاچقىلى بولىدۇ.

# مۇشكۇل ئەھۋالدا قالغاندا يېڭى يول تېپىپ ئىلگىرىلەڭ

*مەغلۇبىيەت مەزگىلىدە رىغبەتلەندۈرۈش يۇزىنىسىدىن دېيىلگەن بىر ئېغىز سۆز مۇۋەپپەقىيەت قازانغاندىن كېيىنكى بىر كىتاب بولغۇدەك مەدھىيىنى بېسىپ چۈشىدۇ.*

ئالىي مەكتەپتىن ئايرىلغان ئون يىلدىن بۇيان، مەن نيۇيورك شتاتى سىلچوس ئۇنىۋېرسىتېتى ئىدۋار توماس ۋىليام دىنىي جەمئىيىتىنىڭ يېڭى رەھبىرى بولۇپ قالغان ئىدىم. بۇ دىنىي جەمئىيەتنىڭ پائالىيەت سارىيى ھەشەمەتلىك سېلىنغان ئىدى. ئەمما مۇرىتلىرى يىلدىن يىلغا ئازلاپ، قەرزى كۆنسېرى كۆپىيىپ كېتىۋاتاتتى. قارىغاندا مېنىڭ قىيىن خىزمەتلەرنى ئىشلەش پېشانەمگە پۈتۈۋېتىلگەندەك قىلاتتى. ئەمما مەن بىزارلىق ھېس قىلمىدىم، مېنىڭ ئورنۇم ناھايىتى تۆۋەن ئىدى. ئەمما ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە چۇشلۇق پايدىسى بار ئىكەن، بۇ يەردە ئامال بار يۇقىرىغا ئۆرلەشتىن باشقا يول يوق. مەن تۇنجى قېتىم بۇ دىنىي جەمئىيەتتە ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەندە بەكمۇ چۈشكۈن ھالەتتە ئىدىم.

بۇ چاغدا مېنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغان — ئۆز-ئۆزۈمگە بولغان ئىشەنچىنىڭ كەملىكى يەنە باش كۆتۈرۈشكە باشلىدى. تىجارەت خاراكتېرىنى ئالغان دىنىي جەمئىيەتتە قىيىنچىلىق ھەقىقەتەن ئېغىر ئىدى. ئالدىمىزغا خۇددى بىر تاغنى دۈۋىلەپ قويغاندەك قىلاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇ چاغدا يەنە بىر بەخت ئىلاھى يار ــ يۆلەك بولدى. مۇرىتلارنىڭ ئىچىدە سىلچوس كارخانىسىدا خالو. B. ئاندىلوس ئىسىملىك بىر مەشھۇر كارخانىچى بار ئىدى. ئىپتىشلارغا قارىغاندا ئۇ دىسكا يۇيۇش ماشىنىسىنى ئىجاد قىلغانلارنىڭ بىرى ئىكەن، شۇنداقلا ئامېرىكىدا تۇنجى ئېچىلغان دەرىجىدىن تاشقىرى بازاردا تىجارەت قىلغۇچى ھېسابلىنىدىكەن. ئۇ فلورىدا شتاتى بىلەن كالفورنىيە شتاتىدىن كەرەپشە، مېۋە ــ چېۋىلەرنى يۆتكەپ، سىيېلىنا كوچىسىدىكى دۇكانلارنى تولدۇرۇۋېتەتتى.

ئۇ ناھايىتى ئىخلاسمەن مۇخلىس بولۇپ، سىلچوس ئۆمىكىنىڭ باشلىقى ئىدى. ئۇ سىلچوس بويىچە ئەڭ يۇگۇرۇك ئاتلارنى ئىشلىتەتتى، بۇ ئاتلار تومۇزدا جىموس كوچىلىرىدا، قارا قىشتا ئەينەكتەك مۇز تۇتقان ئۇۋۇنوگدىاگا كۆلى بويلىرىدا تىنىم تاپماي قاتىرايتتى.

يەرلىك بانكىنىڭ مۇتەخەسسىسلىرى ئاندروسنى شەھەر بويىچە سودا ــ تىجارەت ئىشلىرىغا ئەڭ ماھىر كىشى، ئۇ قولىنى بىرلا شىلتىسىلا دوللار دېگەن خۇددى بۇلاق سۈيىدەك ئېتىلىپ چىقىدۇ، دەپ قارايتتى.

مەن ئۇنىڭغا تولىمۇ قىزىقاتتىم. ئەگەر مۇمكىن بولسا ئۇنىڭ تۇغما تالانتىنى ئوغرىلىۋالسام نېمە بولار دەپ ئويلايتتىم. شۇڭا ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن ئالاقە باغلىدىم، ئەپسۇسلىنارلىقى ئۇنىڭدىن ھېچنىمىگە ئېرىشەلمىدىم.

بىر كۈنى، بۇ ئىخلاسمەن زېرەك كىشىنى تېپىپ، ئۇنىڭغا ئۆز مەسىلىلىرىمنى مەسلىھەت سالدىم.

مەن دىنىي جەمئىيەتتىكى باشتىن كەچۈرگەن قىيىنچىلىقلىرىمنى ئۇنىڭغا تەپسىلىي سۆزلەپ بەردىم، ئۇ:

— بارلىق باش قېتىنچىلىقىڭىز مۇشۇمۇ؟ ــ دېدى.

مەن بېشىمنى لىڭشىتىپ «ھە» دېدىم، ئۇ قولى بىلەن ئىشارە قىلىپ:

— پاھ، مەسىلىلەر تاغدەك يىغىلىپ كېتىپتۇ! ئۇنداق بولسا بۇلارنى بىر باشتىن سىناق قىلغاچ بىر تەرەپ قىلايلى! ـ دېدى. ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى قىياپىتى خۇددى ھېلىقى دۆۋلىنىپ كەتكەن تاغنى بىر چېتىدىن كولاۋاتقانغا ئوخشاپ قالغان ئىدى.

مەن ئۇنىڭ قاۋۇل كەلگەن كۆرسەتكۈچ بارمىقىغا قاراپلا قالدىم. ئۇنىڭ بۇ كۆرسەتكۈچ بارمىقى شامال دارىپ ئېگىلمەيدىغان بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما كۆرسەتمەكچى بولغان نەرسىلەرنى يەنىلا ناھايىتى توغرا كۆرسىتەتتى.

ئۇ ئەستايىدىل تۇردە:

— ھەرقانداق مەسىلىنىڭ ئاسانلا قول سېلىپ ئىشلەيدىغان تەرەپلىرى بولىدۇ. بۇ مەن نۇرغۇن يىللىق تەجرىبىلەردە ئىگە بولغان ئەقىل ـ پاراسەت، يالغان دېسىڭىز سىناق قىلىپ باقسىڭىز بولىدۇ، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۇسۇلىنى تېپىپ چىقالىسىڭىزلا، ھەرقانچە قىيىن، مۇرەككەپ بولغان تەقدىردىمۇ ھەل قىلىپ كەتكىلى بولىدۇ،ـ دېدى.

ئاندىن ئۇ يەنە نېمىلەرنىدۇر سۆزلىگەچ، تاغدەك دۆۋلىنىپ كەتكەن مەسىلىلەردىن ئايلىنىپ ئۆتكەن قىياپەتتە:

— ھە تاپتىم، مانا بۇ يەر ئاسان قول تىققىلى بولىدىغان جاي ئىكەن،ـ دېدى ئۇ كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن ھېلىقى جاينى كۆرسىتىپ،— مانا بۇ يەردىن قول تىقىپ ئىشلەيلى، بۇ سىزنى قىيىنچىلىققا چۈشۈرۈپ قويغان يەر، بۇ يەردىكى قىيىن مەسىلىنى ھەل قىلىپ بولۇپ، كېيىنكى قەدەمگە ئۆتىمىز، بۇنىڭغا قەتئىي ئىشەنچ بولۇش كېرەك. بۇنىڭغا تەلتۆكۈس ئىشىنىش، قىزغىنلىق بىلەن تىلاۋەت قىلىش، كۈچلۈك ئېتىقاد

بولۇش كېرەك. بىرىنچىدىن، ياخشى لايىھە بولغاندىلا ياخشى نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ، ياخشى نەتىجىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئىلاھىتىن مەدەت تىلەڭ، سىز مۇشۇنداق سالاھىيەتكە ئىگىسىز.

مەن ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشتىم، ئۇ يەنىلا ھېلىقى ئېگىلمەيدىغان كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن ماڭا ئىشارە قىلىپ مۇنداق دېدى:

— ئىلاھقا قەسەمياد قىلىڭ، ئۆزىڭىزگە ئىشىنىڭ.

كىشىدە ئۇنتۇلغۇسىز تەسىر قالدۇرىدىغان بۇ شەخس ئۆزىگىچە ئىپادىلەش شەكلى بىلەن ماڭا تەربىيە بېرىپ، ئاكتىپ تەپەككۇر قىلىدىغان كىشى چوقۇم ئىنتايىن ياخشى مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ، دېدى.

# بىسىمنى يېنىكلىتىشنىڭ «قەلب»تىكى رېتسېپى

***△ ئىنسانىيەتنىڭ ئەقىل - پاراسىتىدىن ھالقىغان تەڭرى ماڭا تىنچلىق ئاتا قىلغىن.***

***△ مەن يالغۇز ئەمەس، ئاللاھ مېنىڭ ئالدىمدا، كۈن بويى مېنىڭ ئەتراپىمدا.***

***△ مەيلى قانداقلىكى ھۆكۈم چىقىراي، ئاللاھ چوقۇم ماڭا ياردەم قىلىدۇ، مېنىڭ قەلبىمدىن خاتالىقلارنى تازىلىۋېتىدۇ.***

***△ تەڭرىنىڭ ماڭا يول باشلاپ ماڭىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن، مەن تەڭرىنىڭ يېتەكلىشىنى قوبۇل قىلىمەن، قەتئىي ئىككىلەنمەي ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭىمەن.***

بىرقانچە يىلنىڭ ئالدىدا، ئامېرىكا بويىچە كۆلىمى ئەڭ چوڭ بىر شىركەتنىڭ مۇدىرىيەت باشلىقىنىڭ مېنىڭ بىلەن بىر كۆرۈشسەم دېگەنلىكى قۇلىقىمغا يېتىپ قالدى. مەن ئۇ كىشى بىلەن كۆرۈشۈپ باقمىغان بولساممۇ، ئەمما ئۇ كىشىنى، ئۇنىڭ كەسپىي نەتىجىلىرىنى ئاڭلىغان ئىدىم.

بىر كۈنى ئۇ ئىشخانامغا ئۇدۇل كىرىپ كەلدى. ئەڭ بۇرۇن ئۇنىڭ كىشىلەرگە بېرىدىغان تۇيغۇسى روھىنىڭ تولىمۇ ئۇستۇن ئىكەنلىكىدە ئىكەن. ئەگەر ئۇ قەيسەر روھقا ۋە مول ئىقتىدارغا ئىگە بولمىغان بولسا، سودا ساھەسىدە ئالەمشۇمۇل نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەلمىگەن بولاتتى، دەپ ھېس قىلدىم. ئەمما ئۇ چاغدىكى × ئەپەندى ماڭا بىر خىل (ھازىرچە مۇشۇنداق ئاتاپ تۇرايلى) ئاڭقاۋ كۆرۈندى. ئۇنىڭ نىرۋا ئاجىزلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلىقى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى.

ئۇ دوختۇرنىڭ ئۆزىدىكى نېرۋا ئاجىزلىق كېسىلىنى ھەددىدىن زىيادە ئالدىراشلىق ۋە ئېغىر بېسىم كەلتۈرۈپ چىقارغان دەپ ئېيتقانلىقىنى دېدى. ئۇ مېنىڭ بىر پارچە ئەسىرىمنى ئوقۇپتۇ. ئۇ مۇنداق بىر ئۆزگىچە تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى:

— ئادەمنىڭ سالامەتلىكى تازا ياخشى بولمىسا، تەبىئىي ھالدىلا دوختۇرغا كۆرۈنگىلى بارىدۇ، دوختۇرمۇ ئۇنىڭغا دورا يېزىپ بېرىدۇ، مەن ھازىر نېرۋا جەھەتتىلا ئەمەس، ھەتتا روھىي جەھەتتىمۇ ساغلام ئەمەس، شۇڭا سىزنى ئالاھىدە ئىزدەپ كەلدىم. دېمەك مەن ھازىر قەلب ۋە روھنى داۋالايدىغان دوختۇرنى تاپتىم، قېنى، ماڭا بىر دىئاگنوز قويۇپ، رېتسېپ يېزىپ بەرسىڭىز، سىزگە ئىشىنىمەن، چوقۇم سىز يېزىپ بەرگەن رېتسېپ بويىچە ئىش تۇتىمەن.

مەن ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ شىركەتنىڭ بىر مۇدىرىيەت باشلىقى بولۇش سۈپىتىدە، ھەركۈنى مۇھىم مەسىلىلەرگە قارار چىقىرىپ، ئۆزىنىڭ سەل قورقۇش ھېس قىلغانلىقىنى چۈشەندىم.

ئۇ ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنداق ئۆزگىرىپ قالغانلىقىنى چۈشەنمەي، ئىسەنكىرەپ قاپتۇ. ئىلگىرى ئۇنىڭ كاللىسى ناھايىتى سەزگۈر بولۇپ، توغرا، تېز ھۆكۈم چىقىرالايدىكەنتۇق. ھازىر روھىي جەھەتتىن بېسىم ھېس قىلغاچقا، ئېھتىمال بىركۈن بولمىسا بىر كۈنى چوقۇم خاتا ھۆكۈم چىقىرىپ قويارمەنمۇ دەپ ئەندىشە قىلىدىكەن. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئۇ ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشتا بارغانسېرى ئەتراپىدىكىلەرگە تايىنىدىغان بولۇپ قاپتۇ، ئۇ قايغۇرغان ھالدا تولۇقلاپ:

— ئەگەر يەنە مۇشۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولسام چوقۇم

بىر كۈنى شىركەتنىڭ ئىشلىرىنى بېجىرىشكە ئامالسىز قالىمەن، ـ دېدى.

ماڭا ئوخشاش باشقىلارغا مەسلىھەت بېرىشتە، چوقۇم سەز-گۈر تۇيغۇ ۋە تەربىيە ياكى تەجرىبىلەردىن ھاسىل قىلغان بىلىملەر ئارقىلىق قوراللىنىپ، سەممىي پوزىتسىيە تۇتۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن بىر قانچە قېتىم پاراڭلاشقاندىن كېيىن، مەن ئۇنىڭ پەقەت ئىلگىرىكى ئاكتىپ تەپەككۇرنى ئەسلىگە كەلتۈرسىلا چوقۇم يېڭىۋاشتىن ساغلاملىققا ئېرىشەلەيدىغانلىقىغا ئىشەندىم. ئۇنىڭ ئۆز ئىشلىرىنى مېنىڭدەك بىر دىن مۇخلىسىغا مەسلىھەت سېلىشى، تەبىئىي ھالدا ئۇنىڭ بىر ئىخلا-سمەن مۇخلىسلاردىن بولۇشنى تەلەپ قىلاتتى. مەن ئۇنىڭغا مۇشۇ تەرەپلەردىن قول سېلىپ تەربىيە قىلىشنى قارار قىلدىم-دە، ئۇنىڭغا:

— ئەپەندىم، مەن سىزنىڭ ئىچ ـ ئىچىڭىزدىن خاتىرجەم-لىك ھېس قىلىسىڭىزلا چوقۇم ئاكتىپ ئىرادىگە كېلەلەيدىغانلى-قىڭىزغا، ئۆزىڭىزنىڭ ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىڭىزنى ئەسلىگە كەلتۈرەلەيدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن،ـ دېدىم.

مەن شائىر يادۋىن، ماكامىنىڭ مۇنۇ شېئىرىي مىسرالىرىنى نەقىل كەلتۈردۈم:

«ئاسماندىكى قۇيۇننىڭ مەركىزىنى يېرىۋەتكەندىلا، تىنچ-لىققا ئېرىشكىلى بولىدۇ.»

قۇيۇنمۇ تەبىئەت دۇنياسىدىكى مۇتلەق زور كۈچ بولۇپ، ئۇ سۈزۈك، تىنچ كوھقاپ ئېغىزىدىن تارقالغان بولىدۇ. ئارقى-دىن مەن ئۇنىڭغا تۆۋەندىكىدەك رېتسېپ يېزىپ بېرىپ، ھەر كۈنى ئوقۇپ ئاڭلاشنى ئېيتتىم.

△ ئىنسانىيەتنىڭ ئەقىل ـ پاراستىدىن ھالقىغان تەگرى

ماڭا تىنچلىق ئاتا قىلغىن.

△ مەن يالغۇز ئەمەس، ئىلاھ مېنىڭ ئالدىمدا، كۆڭۈل بويىي مېنىڭ ئەتراپىمدا.

△ مەيلى قانداقلىكى ھۆكۈم چىقىراي، ئىلاھ چوقۇم ماڭا ياردەم قىلىدۇ، مېنىڭ قەلبىمدىن خاتالىقلارنى تازىلىۋېتىدۇ.

△ تەڭرىنىڭ ماڭا يول باشلاپ ماڭدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن، مەن تەڭرىنىڭ يېتەكلىشىنى قوبۇل قىلىمەن، قەتئىي ئىككىلەنمەي ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭىمەن.

— كەچتە ياتقاندا بىر كۆڭۈل ئىچىدە چىقارغان توغرا ھۆكۈمىڭىزنى ئويلاڭ، ئاندىن تىنچ، خاتىرجەم ئۇخلاڭ.

— ئەسلىدە مۇنداق ئىكەندە،— دېدى ئۇ چوڭقۇر ئويلىنىپ، ئۇ بۇ رېتسېپنى تېخىمۇ نوپۇزغا ئىگە قىلىش ئۈچۈن، ئۇنى چىرايلىق قاتلاپ ئارخىپلارنىڭ ئارىسىغا قىستۇرۇپ قويۇپ، ماڭا: «چوقۇم بويسۇنىمەن» دېدى.

دېمىسىمۇ ئۇ ھەر كۈنى مۇشۇنداق قىلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنىڭ ئىلگىرىكىدەكلا كۈچ ـ قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ، ئۆز ئىقتىدارىنى تولۇق جارى قىلدۇردى. كىتابىنىڭ بېشىدىلا بىز، ئاكتىپ تەپەككۇر قىلغۇچى كىشىلەر قىيىنچىلىققا يولۇقسا ھەرگىز تەمتىرەپ قالمايدۇ، دېگەن ئىدۇق. چۈنكى ئۇلار مەسىلىنىڭ ئۆزىدىلا ئۇنى ھەل قىلىش يولى بولىدىغانلىقىنى، شارائىت قانچە قىيىنلاشقانچە شۇنچە چىدامىلىق كېلىدىغانلىقىنى، قەيسەرلىك بىلەن ئېلىشىپ، ئەقلىي يوسۇندا بىر تەرەپ قىلغاندىلا، ئاندىن ئەڭ ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەلەيدىغانلىقىنى چۈشىنىدۇ.

# ھاياتتا كۈچلۈكلەر ئۆزگىرىشنى قارشى ئالىدۇ

*ئەگەر قەيسەر روھ بىلەن تەييارلىنىپ چوقۇم مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايمەن، دېگەن ئاكتىپ پوزىتسىيىدە قىيىن مەسىلىلەرگە تاقابىل تۇرغاندىلا، ئاددىي مەسىلىلەرگىمۇ ئاجايىپ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى بېغىشلىغىلى بولىدۇ.*

مېنىڭ قەدىناس ئاغىنەم جورجى. كىرام ئىشلەيدىغان شىركەت ئايرودرومنىڭ يەر ئاستىغا تۇرۇبا ياتقۇزۇش قۇرۇلۇشىنى كۆتۈرە ئالغان ئىدى. بىر كۈنى ئۇ ماڭا:

— تاغ جىنسلىرىدەك قاتتىق قىيىنچىلىقلارغا يولۇققاندا، بىز ئۇنىڭدىنمۇ قاتتىق ئىرادە بىلەن ئۇنى يېڭىشىمىز كېرەك، — دېدى.

ئۇ ھەرقانداق چاغدا تەلتۆكۈس بىر ئاكتىپ تەپەككۇر قىلغۇچىلاردىن ئىدى.

ئەگەر قەيسەر روھ بىلەن تەييارلىنىپ چوقۇم مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايمەن، دېگەن بىر ئاكتىپ پوزىتسىيىدە قىيىن مەسىلىلەر-گە تاقابىل تۇرغاندىلا، ئاددىي مەسىلىلەرگىمۇ ئاجايىپ مۇۋەپپە-قىيەتلەرنى بېغىشلىغىلى بولىدۇ.

كالتەك توپ ساھەسىدىكى مەشھۇر شەخسلەردىن بىلانچ، لىچ بىلەن سىتەن. مىيوجىيار مۇنداق دەيدۇ:

«مەن دائىم توپنىڭ ئۆزگىرىشىنى كۈتىمەن، مەن ئەڭ ئۆزگىرىشچانلىقىقا ئىگە توپنى ياخشى كۆرىمەن، پەقەت توپنى ئۇرالىسىلا كۆڭلۈم جايىغا چۈشىدۇ.»

www.uyghurkitap.com

ئوخشاشلا قىيىنچىلىق مۈشكۈللەر ئالدىدا باش ئەگمەي، قەيسەرلىك بىلەن ئىشلىشقاندىلا، مەسىلىلەرنىڭ ساپىقىدىن تۇتۇپ، ئېسىل نەتىجىلەرنى ياراتقىلى بولىدۇ.

مەن دائىم رەھمەتلىك دوستۇم R. P رادىنجانى ئەسلەپ تۇرىمەن. ئۇ ئۆلۈپ كەتكەنگە قەدەر مېنىڭ كىتابلىرىمنى تارقىتىپ بەرگەن ئىدى. بەزىلەر ئۇنى نيۇيورك بويىچە ئەڭ ئىقتىدارلىق كارخانىچىلارنىڭ قاتارىغا كىرگۈزۈپتۇ. ئۇ راك كېسىلى بىلەن ئۆلۈپ كەتتى.

بىر كۈنى، ئۇنىڭ خانىمى ماڭا تېلېفون بېرىپ:

— دىك سىز بىلەن پاراڭلاشسام دەيدۇ، ئۇ سىزنىڭ «ئاكتىپ تەپەككۇرنىڭ قۇدرىتى» دېگەن كىتابىڭىزنى تارقىتىپ بەرگەن، ئېسىڭىزدىمۇ؟ مۇمكىن بولسا ئۇنىڭغا ئىلھام بولىدىغان گەپلەرنى قىلىپ قويسىڭىز،— دېدى.

مەن ئۇنىڭغا تېلېفون بېرىپ مۇنداق دېدىم:

— يا شىجا ئەپەندى، ياخشىمۇ سىز! مەن سىزنى ئاكتىپ تەپەككۇر قىلىدىغان مەشھۇر شەخسلەر قاتارىغا تىزدىم، ئەڭ مۇھىمى، سىزنى ئاللاھ ياخشى كۆرىدۇ، ئاللاھ سىزنىڭ تەۋرەنمەس ئىشەنچ بىلەن قىيىنچىلىقلارغا تاقابىل تۇرالايدىغان ئادەم ئىكەنلىكىڭىزنى چۈشىنىدۇ. ئىلگىرى سىز سانسىز قىيىنچىلىقلار ئىچىدىن ئاجايىپ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن، بۇ قېتىممۇ چوقۇم شۇنداق مۆۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرەلەيسىز،— دېدىم.

بىر نەچچە يىلدىن كېيىن، ئۇ ماڭا ئۇنى ياخشى كۆرىدىغان ۋە ئۇنىڭغا ئىشەنچ باغلىغان كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە ئىلھام بېرىپ، ئۆزىنى قۇتقۇزۇۋالغانلىقىنى ئېيتتى، بىر كۈنى مەن ئۇنىڭ ناھايىتى نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ ئالدىدا تولىمۇ پەس، ئەمما ئېنىق ئاۋازدا كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان سۆزلەرنى قىلغانلىقى-

نى ئاڭلىدىم. مانا بۇ يەردە مەن ئاكتىپ تەپەككۇر قىلىدىغان كىشىنىڭ چوقۇم بۈيۈك نەتىجىلەرگە ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىدىم.

جورجى. هارىس چىكاكو شتاتى بەياس پۇتبول كوماندىسىنىڭ تىرېنېرى، بۇ كوماندىنىڭ يەڭگەن قېتىم سانى رىۋايەتلەردىكى ياروگسۇ، ستاگوب پۇتبول كوماندىسىدىن خېلىلا ئېشىپ كەتكەن، بۇ كوماندىنىڭ تىرېنېرى جورجى هارىس «مەغلۇبىيەتنى تەن ئالمايدىغان كىشىلەرلا هوزۇرلىنىپ ئۇخلايدۇ» دېگەن هېكمەتلىك سۆزنى ئەينەك رامكىغا ئېلىپ ئىشخانىسىغا ئېسىپ قويۇپتۇ. ئۇنىڭ ياتاق ئۆيىگىمۇ مۇشۇنداق هېكمەتلىك سۆزلەر ئېسىپ قويۇلغان ئىدى.

بۇ قالتىس ياخشى ئۇسۇل. «غالىبىيەتچىلەر هەمىشە سەگەك تۇرۇشى كېرەك» دېگەن سۆزدە هەر خىل يوللار بىلەن هەر خىل نەتىجىلەرگە ئېرىشكىلى بولىدۇ، دېگەن هېكمەت چاقناپ تۇرىدۇ. هەرقانداق ئادەم بۇ ئىككى هېكمەت بويىچە ئاكتىپ تەپەككۇر قىلسىلا چوقۇم ئوڭۇشسىزلىقنى ئوڭۇشلۇققا ئايلاندۇرۇپ، مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلەيدۇ.

ئەكسىچە، پاسسىپ ئىدىيىدىكى كىشىلەر دائىم خەتەرلىك ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولىدۇ، ئۇلار ئىدىيىدە پاسسىپ بولغاچقا، مەشغۇل بولۇۋاتقان ئىشلار ۋە ئەتراپىدىكى دۇنيامۇ پاسسىپ تۇيۇلىدۇ. خۇددى «ياخشى نىيەت نۇرلۇق بىر سەھەرگە ئوخشايدۇ» دېگەندەك.

ئوخشاش ئىدىيە ئۆزئارا قوبۇل قىلىنىدۇ. پاسسىپ خىيال پاسسىپ نەتىجىگە سەۋەب بولىدۇ. بۇ پسىخولوگىيىنىڭ، شۇنداقلا سەۋەب نەتىجە مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆزگەرمەس قانۇنى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# يېشىڭىز چوڭ بولغان تەقدىردىمۇ ئارزۇلارغا باي بولۇڭ

*ئەگەر سىز شەرەپىنىڭ كىمگە مەنسۇپ بولۇشىغا پىسەنت قىلـ- مىسىڭىز، كەلگۈسىدە زور ئىشلارنى قىلالايسىز.*

ئاكتىپ تەپەككۇرغا ئىگە كىشىلەر تامامەن ئوخشىمىغان هالەتلەر بىلەن مەسىلىلەرگە يۈزلىنەلەيدۇ، ھەرخىل ئىشلارنى ئىشەنچ، ئارزۇ ۋە چەكسىز ئۈمىدۋارلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلالايـ- دۇ.

ئەگەر ئۇ روھىي جەھەتتە ئاكتىپ تەپەككۇر قىلغۇچى بولسا، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى دۇنيامۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئاكتىپ ھەرىكەتتە بولىدۇ. «ياخشى نىيەت نۇرلۇق بىر سەھەرگە ئوخـ- شايدۇ» دېگەن قائىدە بويىچە، ئاكتىپ نەتىجە مۇقەررەر ھالدا ئاكتىپ تەپەككۇر قىلغۇچىلارنىڭ ئەتراپىدىن ئايلىنىپ كېتەلـ- مەيدۇ. بۇ پسىخولوگىيىلىك قانۇنىيەت، كىشىلىك ھايات مانا مۇشۇ قانۇنىيەت بويىچە ئايلىنىدۇ.

ياش چاغلىرىدىنلا ئاكتىپ تەپەككۇر قىلىدىغان، ئاكتىپ تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلىنى جانلىق ئىشلىتەلەيدىغان كىشىلەر تولىمۇ بەختلىك كېلىدۇ. ئاما ئاكتىپ تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇ- لىنى ئۆگىنىش ۋە جانلىق تەتبىقلاشتا ھەرگىز ياش چەكلىمىسگە ئۇچرىمايدۇ.

بىر ئۆمۈر ئادۋوكاتلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللانغان، 93

ياشقا كىرگەن بىر ئەر كىشى ماڭا مۇنداق بىر پارچە خەت يېزىپتۇ:

«تۇغۇلغاندىن تارتىپ ھازىرغا كەلگىچە بولغان 93 يىلدا مەن باشتىن ــ ئاخىرى ئۆز ــ ئۆزۈمنى كەمسىتىش تۇيغۇسىدا بولۇپ كەلگەن ئىدىم. ئەمما سىزنىڭ ئىشەنچ ھەققىدىكى تەۋسىيىلىرىڭىزنى ئوقۇپ، كۆچلۈك ئىشەنچكە كەلدىم ھەم شۇ بويىچە ئىش كۆردۈم، مەن ھازىر ئۆز ــ ئۆزۈمنى كەمسىتىش تۇيغۇمنى يەڭدىم، سىزگە رەھمەت!»

خەتنىڭ ئاخىرىغا مۇنداق بىر ئاجايىپ ئىبىسىل سۆزنى قوشۇمچە قىلىپ قويۇپتۇ:

«مېنىڭچە كەلگۈسى ئىنتايىن گۈزەل!»

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

*پوزىتسىيە ھەممىنى بەلگىلەيدۇ!*

# تۆتىنچى باب ئاكتىپ تەپەككۇرنىڭ قۇدرىتى

## — ئارزۇنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشنىڭ ئاجايىپ ئېسىل ئۇسۇلى



www.uyghurkitap.com

# «ئىشەنچ» ئارزۇنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىدۇ

*ئېتىقاد ۋە ئاكتىپ تەپەككۇرغا ئىگە بولۇش، تىرىشىپ ئۆگىنىش، قەتئىي ئىرادىگە كېلىش، كۆڭۈلدە ئۆز نىشانىنى ھەردائىم زىكرى قىلىپ تۇرۇش — ئارزۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ مەخپىي رېتسېپى.*

— مەن «ئاكتىپ تەپەككۇر قىلىش» نى سىناق تەرنقىسدە ئۆگىنىۋاتقان بىر سەھرالىق، سىز بىلەن بىرگە ماڭسام بولامدۇ؟ — دېدى ئۇ ناھايىتى ئۇقايسىزلانغان ھالدا.

ئۇ بىر قانچە يىلدىن بېرى ئەقلىنى ئويغىتىدىغان ھەر خىل كىتابلارنى ئوقۇپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ ئەنە شۇ كىتابلار بىلەن پەخىرلىنەتتى. ئۇ ماڭا مۇنداق دېدى:

— ئەڭ ئاۋال ئوقۇغىنىم سىزنىڭ ئەسىرىڭىز بولدى، ئۇ كىتابنى كىچىك ۋاقتىمدا ئاپام ماڭا روزىدىستۇۋ بايرىمىلىق سوۋغات قىلىپ بەرگەن، مەن سىزنىڭ كىتابىڭىزدىن ئوزۇق ئېلىپ چوڭ بولغان، ئەمدى مەن ئۆزۈم ئارزۇ قىلىپ ئىگە بولغان ئىشەنچىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىمەن.

— سىزنىڭ ئارزۇيىڭىز نېمە؟ — دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن.

— مەن بىر ئادۋوكات بولۇپ يېتىشىپ چىقىپ، سىياسىي ساھەگە ئارىلاشقان بولسام دەپ ئويلايمەن، ئەمما ئۇ ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇمكىن بولمىغان ئارزۇ دەپمۇ بىلىمەن.

— نېمە ئۈچۈن ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇمكىن ئەمەس دەيسىز؟

— چۈنكى مېنىڭ ئائىلە ئەھۋالىم ئىنتايىن نامرات، ئادۋوكات بولۇش ئۈچۈن ئۈنىۋېرسىتېتقا كىرىپ قانۇن فاكۇلتېتىدا ئوقۇشقا توغرا كېلىدۇ، بىزنىڭ ئۆيدىن بىرەرسىمۇ ئالىي مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇپ باقمىدى. ھەممىسى سەھرادا دېھقان.

بۇ گەپلەر مەن نۇتۇقنى تۈگىتىپ مېھمانخانىغا كېتىۋاتقان يولدا بولۇنغان ئىدى. بۇ قېتىمقى ئەقلىنى ئويغىتىشنى مەقسەت قىلغان نۇتۇق سۆزلەش يىغىنى، مال سېتىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئەر ـ ئاياللار بىلەن توشۇپ كەتكەن ئىدى.

ھېلىقى ياش يەنە مۇنداق دېدى:

— مەن بۇ يىل 19 ياشقا كىردىم، نۇتۇق سۆزلەش يىغىنى ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقىنى گېزىتتىن ئوقۇپ، بىر مۇنچە كىرا تۆلەپ ئاپتوبۇس بىلەن كەلدىم. يىغىن تۈگىگەندىن كېيىن سىزنىڭ كەينىڭىزدىن ئەگىشىپ كېلىشىم، ئارزۇيۇمنى قانداق ئەمەلگە ئاشۇرۇش توغرىسىدا بىر يول كۆرسەتكەن بولسىڭىز!

ئۇنىڭ سۆلغۇن روھى ماڭا قاتتىق تەسىر قىلدى. مەن بۇ نامرات ياشقا ياردەم قىلاي دەپ ئويلىدىم، ئۇ تېپىك ئامېرىكىلىق ئىدى. ئىلگىرى ئادۋوكات بولۇشنى ئويلىغان بولسىمۇ، ئەمما يېزىدىن كىرەلمەي شۇ يەرنىڭ تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە بولۇپ كېتىپتۇ.

مەن ئۇنىڭغا:

— سىز ھەممە شەرتلەرنى ھازىرلاپسىز. سىز ئارزۇغا، ئېنىق نىشانغا، قىممەتلىك مەقسەتكە ئىگە بولۇپسىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىز بۈگۈنكى بۇ نۇتۇقنى ئاڭلاش ئۈچۈن يېنىڭىزدىكى بارلىق پارچە پۇللار بىلەن ئاپتوبۇستا ئولتۇرۇپ ئالاھىدە

كەپسىز، بۇ سىزنىڭ ئىرادىڭىزنىڭ قەتئىيلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. سىزنىڭ تۇرقىڭىزدىنمۇ سىزنىڭ ئەقىللىقلىقىڭىز چىقىپ تۇرىدۇ. بايام سىز ئاكتىپ تەپەككۇر قىلىشنى ئۆگىنىۋاتقانلىقىڭىزنى ئېيتتىڭىز. مەن سىزنىڭ ئارزۇيىڭىزنى چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرالايدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن. سىز چوقۇم ئارزۇيىڭىزغا يېتىسىز، — دېدىم — دە، يانچۇقۇمدىن بىر ۋاراق قەغەز ئېلىپ مۇنۇ سۆزلەرنى يېزىپ بەردىم:

«ئېتىقاد ماڭا چەكسىز كۈچ - قۇۋۋەت ئاتا قىلغاچقا، مەن ھەرقانداق ئىشنى قىلالايمەن.»

ئاندىن مەن ئۇنىڭدىن:

— سىز ئىشىنەمسىز؟ — دەپ سورىدىم.

— ھەئە، ئىشىنىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ.

ئېتىقاد ۋە ئاكتىپ تەپەككۇرغا ئىگە بولۇش، تىرىشىپ ئۆگىنىش، قەتئىي ئىرادىگە كېلىش، كۆڭۈلدە ئۆز نىشانىنى ھەردائىم زىكرى قىلىپ تۇرۇش — ئارزۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ مەخپىي رېتسېپى.

ئۇ تولىمۇ كۆتۈرەڭگۈ ھالدا مەن بىلەن خوشلاشتى.

مەن ئۇنى ئاپتوبۇس بېكىتىگىچە ئۇزىتىپ، ئۇنىڭ قارىسى يوقىغىچە كوچا دوقمۇشىدا قاراپ تۇردۇم. ئۇ ماڭا قاراپ توختىماي قول پۇلاڭلىتاتتى. ئېھتىمال كۆرگەن ئادەم ئۇنى كۆڭلى بەك يېرىم بولۇپ كېتىپتۇ دەپ ئويلاپ قېلىشى مۇمكىن، ئەمما ئۇنىڭ ئەشۇ قىياپىتى ئادەمگە ھەقىقەتەن جاسارەت بېغىشلايدۇ.

## «قياس قائىدىسى» قولىدىن ئىش كەلمەيدىغانلارنى مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىغا ئايلاندۇرالايدۇ

*— ئېھتىمال سىز تونۇۋەن كۆرگەن خىزمەتتىن ھاياتىڭىزدىكى ئەڭ ئېسىل پۇرسەتلەرنى تونۇۋېلىشىڭىز مۇمكىن.*

بىر كۈنى مەن تاسادىپىي ئاتلانتا ئايرودرومىدا مەلۇم شىركەتتە ئىشلەيدىغان كونا بۇرادىرىم بىلەن كۆرۈشۈپ قالدىم. ئۇ چاغدا بىز ئاكتىپ تەپەككۇر قىلغاچ ناھايىتى ئەھمىيەتلىك پاراڭلارنى قىلىشتۇق. ئۇ ئۆزىنىڭ كەسپىي ئىشلىرىدا ئىشلىتىدىغان كارتوچكىسىنىڭ كەينىگە مۇنداق سۆزلەرنى يېزىۋاپتۇ: «ئاكتىپ تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلى ئۆزىنى چەكلەشتىن، چېكىنىشتىن ۋە مەغلۇبىيەتكە ئۇچراشتىن ئازاد قىلىپ، ئۆزىنى يېتىلدۈرۈشنى تېزلىتىپ، نىشانغا يېتىشكە داغدام يول ئاچىدۇ.»

ناھايىتى نۇرغۇن كىشىلەر بار، خېلى ئۇزۇن ۋاقىتلارغىچە ئۆز ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمايدىغان، ئەمەلىيەتتە ئۇلار سىرتقى كۈچ كەلتۈرۈپ چىقارغان ئۆزگىرىشكە سەل قاراشتىن سىرت، رېئاللىقنى ئۆزگەرتىشكە قادىر بولالمايدۇ. ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئوي ـ خىيالى خىزمەتتىن بىراقلا ئايرىلىش. ھالبۇكى خىزمەتنى ئۆزگەرتىش ئۆزىنى ئۆزگەرتىشكە يەتمەيدۇ. پەقەت ئۆزىنى ئۆزگەرتكەندىلا خىزمەتتىمۇ ئۆزگىرىش ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ. كۆپ ھاللاردا چېكىنگە يەتتى دەپ قارالغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خىزمەتلەرمۇ ئىنتايىن ياخشى پۇرسەتلەرگە ھامىلە بولۇپ قالىدۇ.

مال ساتقۇچىلارغا ئىلھام بېرىدىغان بىر قېتىملىق يىغىلىشتا بىر ياش مەندىن مۇنداق دەپ سورىدى:

— مەن «ئاكتىپ تەپەككۇر» نى قوۋۋەتلەيمەن، «پوزىتسىيە ھەممىنى بەلگىلەيدۇ!» دېگەنگە ئىشىنىمەن، ئەمما مەن بەك تۆۋەن ئورۇندا ئىشلەيمەن ھەم ئىشلەيدىغان خىزمىتىم بەك مەنىسىز، قانداق قىلسام بولار؟

— ئېھتىمال سىز تۆۋەن كۆرگەن خىزمەتتىن ھاياتىڭىزدىكى ئەڭ ئېسىل پۇرسەتلەرنى تۇتۇۋېلىشىڭىز مۇمكىن. ئۆزىڭىز شۇغۇللىنىۋاتقان خىزمەتكە ھەرگىز سەل قارىماڭ ھەم ئالدىراپ خىزمەتتىن ئايرىلىمەن دېمەڭ، ئەگەر شىركەتتىكى ھەققىي تايانچىلاردىن بىرى بولىمەن دېسىڭىز، ئاۋۋال ئۆزىڭىزنى ئۆزگەرتىڭ، شۇنداق قىلسىڭىز سىز ئېيتقان «پەس، تايىنى يوق خىزمەت» نى مەنىلىك كەسىپكە ئايلاندۇرالايسىز. شىركەتنىڭ سىزنى قانداق شەخس دەپ قارايدىغانلىقىنى بىر ئويلىشىپ بېقىڭ، ئەگەر شىركەت سىزنى بۇ خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ، دەپ قارىغان بولسا، بۇ خىزمەتنى سىزنىڭ ئىشلىشىڭىزگە بەرمەيتتى، شىركەت ئادەملەرنىڭ قانداقلىقىنى بەك چۈشىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە، شىركەت سىزنى ئۆزىڭىزدىنمۇ بەكرەك چۈشىنىشى مۇمكىن. شۇڭا، سىز ئۆز خىزمىتىڭىزنى ئاكتىپ ئىشلەڭ، شۇنداق قىلسىڭىز بىرقانچە كۈنگە قالمايلا خىزمىتىڭىزدىن رازى بولۇپ كېتىسىز،— دېدىمەن ئۇنىڭغا.

ناھايىتى روشەنكى، ئۇنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى تولىمۇ كەمچىل ئىكەن، شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنىڭغا ئۇنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى، قانداق ئىشلارنى قىلالايدىغانلىقىنى ئېيتتىم.

بەختكە يارىشا ئۇنىڭ كۆڭلىدە نىشان بار ئىكەن، شۇغىنىسى تەپەككۇردا تازا مۇكەممەل ئەمەس ھەم بەك پاسسىپ ئىكەن. ئۇ:

— گەپنىڭ راستىنى ئېيتسام مەن غەيرىتى ئۇرغۇپ تۇرغان كىشىلەردىن ئەمەس، رەھبەرلەرنىڭمۇ ماڭا قانداق قارايدىغانلىقىنى بىلمەيمەن،— دېدى.

مەن ئۇنىڭغا مۇنداق تەكلىپ بەردىم:

— سىزنىڭ باشلىقىڭىز سىزنى ئىجتىمائىي ئالاقە ئىشلىرىدا يوشۇرۇن ئىقتىدارى بار، ئۇ بىر ئاكتىپ ئادەم دەپ قارايدۇ. سىز «قىياس قائىدىسى» نى بىلەمسىز؟ مەن ھەر قېتىم كىشىلەر بىلەن مۇشۇ قائىدە ئۇستىدە پاراڭ سېلىشىمەن.

ئۇ بېشىنى چايقاپ:

— ياق، بۇنى تۇنجى قېتىم ئاڭلىشىم،— دېدى.

مەن ئۇنىڭغا مۇنداق چۈشەندۈردۈم:

«قىياس قائىدىسى» ناھايىتى ئەمەلىي، پىسخىك قائىدە. ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىمەن دەپ قارىغانلىكى كىشىلەر بۇ قائىدىنى تەتبىقلىسا، ئۆزىنى تامامەن ئۆزگەرتەلەيدۇ. بۇ قائىدىنى ئەڭ بۇرۇن ئوتتۇرىغا قويغان كىشى ئامېرىكا پسىخولوگىيە ئىلمىنىڭ ئاتىسى دەپ ئاتالغان ۋىلىيام جامىس. بۇ قائىدىنىڭ مەزمۇنى: ئۆزى ياكى خىزمىتىدىن نارازى كىشىلەر ئالدى بىلەن ئۆزىنى ئۆز غايىسىدىكى ئادەم دەپ تەسەۋۋۇر قىلىشى، ئىنتايىن ياخشى خىزمەت پۇرسىتىدىن پايدىلىنىشى، ئاندىن ئۆزىنىڭ ھازىرقى خىزمىتىنى تەسەۋۋۇرىدىكى خىزمەت بىلەن ئوخشاش دەپ قىياس قىلىپ، ھەرىكەت قىلىشى كېرەك. ئەگەر سەۋرچانلىق بىلەن ئۆزىنى ئۆزگەرتسە خاسلىق ئىچىدىكى ئۆزىنىڭ تەبىئىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرالايدۇ، ئۆزى ۋە خىزمىتىنى ئارزۇسى بويىچە تامامەن ئۆزگەرتەلەيدۇ.

مەن ئۆزىنى ئۆزگەرتىمەن دېگەن ناھايىتى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ «قىياس قائىدىسى» نى تەتبىقلاپ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەنلىكىنى ياخشى بىلىمەن. شۇڭا مەن بۇ قائىدىنىڭ ئۈنۈمىگە ئىشىنىمەن دەپ ئېيتالايمەن.

مەن ھاياتىي كۈچى ئاجىز ھەم غەيرەت ـ شىجائىتى كەمچىل كىشىلەرنى قانداق قىلغاندا قىياس قىلىپ ئاكتىپ ھەرىكەت قوللىنىشقا قايىل قىلغىلى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا سۆزلىگىنىمدە، ئۇ مېنىڭ گېپىمنى تولۇپ ـ تاشقان قىزىقىش ئىچىدە ئاڭلىدى. مەن ئۇنىڭغا ھېلىقى كىشىلەرنىڭ كېيىن ئاكتىپ پوزىتسىيە تىكلىگەنلىكىنى، ئىچكى مايىل ئومۇمىچان كىشىلەرنىڭ تىرىشىپ ئىجتىمائىي ئالاقە خاراكتېرىنى يېتىلدۈرۈپ، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ماھىرلىرىغا ئۆزگەرگەنلىكىنى چۈشەندۈردۈم.

مېنىڭ ئېيتقانلىرىمنى ئۇ ھەقىقىي يوسۇندا چۈشەندى. ئەڭ مۇھىمى ئۇ ئۆزىنى قەتئىي زورلىمىدى.

ئۇ ئىككىنچى كۈنى سەھەردىن باشلاپ تولۇپ تاشقان غەيرەت ـ شىجائەت ۋە بىر خىل جۇشقۇن كەيپىيات ئىچىدە شىركەتكە ئىشقا ماڭدى. ئۆز خىزمىتىگە ۋە ئىشداشلىرىغا سەمىمىي كۆڭۈل بۆلدى. بولۇپمۇ كىشىلەرنى كۆرسە قىزىرىپ ـ تاتىرىپ كېتىدىغان ئادەم خىزمەتداشلىرى بىلەن تەشەببۇسكارلىق بىلەن پاراڭ قىلىشىپلا قالماي بەلكى ئىرادىسى ئاجىز، چۈشكۈن كىشىلەرگە ئىلھام بەردى. ھەممىدىن مۇھىمى، ئۇ ئاستا ـ ئاستا ئىلگىرىكى نارازىلىق كەيپىياتىدىن قۇتۇلۇپ،

ئاكتىپ ۋە ئىجتىمائىي ئالاقە ئىقتىدارىغا باي بىر خىل يېڭى قىياپەت بىلەن ھەرىكەتكە كەلدى، كېيىن ئۇنىڭ خاراكتېرى ھەقىقەتەن ئۆزگەردى. ئۇنىڭ شىركىتىدە مەملىكەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن چوڭ نۇتۇق سۆزلەش يىغىلىشىدا بىز يەنە بىر قېتىم كۆرۈشتۇق. ئۇ ماڭا ئۆزىنىڭ شىركەتنىڭ مۇدىرىيەت باشلىقى بولغانلىقىنى ئېيتتى. دېمەك، ئۇ ئۆزىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق تەدرىجىي ھالدا يەتكىلى بولمايدىغان نىشانغا يەتكەن ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# «ئۇچۇشنى بىلگەن ئىكەنسىز، نېمىشقا ئېگىز ئۇچمايسىز؟»

*ئۆزىدىكى تەبىئىي ئىقتىدارنى جارى قىلدۇرۇشنى بىلىدىغان كىشىلەرگە دۇنيانىڭ قوچىقى تولىمۇ كەڭرىدۇر. ئەمما ئىقتىدارى تۇرۇپمۇ جارى قىلىشنى ئايايدىغان كىشىلەرگە دۇنيا تولىمۇ پىخسىق.*

ئۆزىدىكى بار ئىقتىدارنىمۇ جارى قىلدۇرالمايدىغان، بۇنىڭ بىلەن خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىيەلمەيدىغان كىشىلەر نۇرغۇن، بۇ بىر ناھايىتى ئېچىنىشلىق پاجىئە. بۇنداق كىشىلەر ھەپىسىلىسىنى يوقىتىپ، ئەھمىيەتسىز ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ئاتاقلىق يازغۇچى جىمىس. M. بارى مۇنداق دەپ يازىدۇ: «بۇ دۇنيادا ئادەمنى ئەڭ سۆيۈندۈرىدىغىنى، تېخىچە ھاڭغا چۈشۈپ كەتكەن ھېچكىم ئۇچرىمىدى دېيىش؛ ئەڭ ئېچىنىشلىقى، تەبىئىي ئىقتىدارغا ئىگە تۇرۇقلۇقمۇ، ئەمما ئۇنى جارى قىلدۇرالايدىغانلارنىڭ تولىمۇ ئاز ساندا ئىكەنلىكى.»

باشقىچە ئېيتساق، بىز ئۆزىمىز تەشەببۇسكارلىقنىڭ ئاددىي قۇربانلىقىغا ئايلىنىپ قالدۇق. ئەسلىدە بىر پۈتۈن ھاياتىمىزنى ئۇنداق ئاددىي ئۆتكۈزمەسلىكىمىز كېرەك ئىدى. ئەمما ئاددىيلىقنى ئۆز ئىختىيارىمىز بويىچە تاللىۋالدۇق.

ئىقتىدار بولسىمۇ نېمە ئۈچۈن جارى قىلدۇرالمايمىز؟ بۇنىڭ جاۋابى نۇرغۇن، ئاساسلىقى: خىزمەت ۋە سىناق قىلىشقا بار ۋۇجۇدىمىز بىلەن ئاتلىنالمىدۇق.

ئۆزىدىكى تەبىئىي ئىقتىدارنى جارى قىلدۇرۇشنى بىلىدىغان كىشىلەرگە دۇنيانىڭ قۇچىقى تولىمۇ كەڭرىدۇر. ئەمما ئىقتىدار تۇرۇپمۇ جارى قىلىشنى ئايايدىغان كىشىلەرگە دۇنيا تولىمۇ پىخسىق. بۇ مەڭگۈ ئۆزگەرمەس ھەقىقەت.

مەن بىلىدىغان، ئارزۇسىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مەلۇم خىل ئورتاق خاراكتېرگە ئىگە. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئېنىق نىشانغا ئىگە. ئۇلار ئۆز نىشانىنى توغرا ئىگىلەپ، قەتئىي ئىرادە بىلەن، نىشانىنى بويلاپ ئېگىلمەي ـ سۇنماي ئىلگىرىلىگەن. ھەممە ئادەمنىڭ گۈلدەك چىرايلىق ئارزۇلىرى بولىدۇ، ئۇلار ھەرقانداق قىيىنچىلىققا يولۇقسا، كۈرەش قىلىش ئىرادىسىنى سۇندۇرۇپ قويمايدۇ. ئەڭ ئاخىرى ئۇلۇغۋار نىشانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرالىغان كىشى، ھەرقانداق قىيىن، جاپالىق شارائىتلاردىمۇ ئۆز ئارزۇسىدىن ھەرگىز ۋاز كەچمەيدۇ.

ئۇلار پايدىلىق ئىقتىدارنى ھازىرلىغان، ئەڭ چوڭ ئارتۇقچىلىقى ئۇلار ئىشەنچكە ئىگە بولغان. ئادەتتە ئۇلار ھەرگىز ئىككىلەنمەيدۇ. شۇنداقلا پاسسىپ ئىدىيەدە بولمايدۇ. مەن تونۇيدىغان، ئارزۇلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان كىشىلەر ئاكتىپ تەپەككۇرغا ئىگە بولغاچقا، ناھايىتى زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# «مۇمكىن ئەمەس» دېگەن يالغان ـ ياۋىداق گەپنىڭ تېگىگە يېتىش

*تالاي كىشىلەر ئاجايىپ تالانتقا ئىگە تۇرۇقلۇقمۇ، گۈزەل ئارزۇ ـ ئارمانلىرىغا يېتەلمەيدۇ، بۇ نېمە ئۈچۈن؟*

چىكاگو شەھەر رايونىنىڭ نەرىگىلا قارىسا رابروف دېگەن نامدىكى مېھمانسارايلارنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. ياس. رابروف دۇنياۋى دەرىجىلىك كۆچمەس مۈلۈك سودىگىرى. ئۇنىڭ ئۇلۇغ-ۋار ئىشلىرىنىڭ نامايەندىسى بولغان مېھمانسارايلىرى دۇنيا بويىچە ئەڭ مەشھۇر كوچىلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن. ئۇنىڭ مال سېتىۋېلىش مەركىزى يېڭى ھاياتىي كۈچكە تولۇپ، كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان. ئۇنىڭ چاكچىنىڭ مەيدانى بولسا كونا شەھەر رايونىدىكى ئەركىن كارخانىلارنى تىرىلدۈرگەن ھەشەمەتلىك مال سېتىۋېلىش مەركىزى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇ ھەم گۈزەل ـ سەنئەت بۇيۇملىرىنى يىغىپ ساقلىغۇچى، ھەم ئىنسانىيەتنىڭ بەختى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ مال ـ دۇنياسىنى ئىئانە قىلىۋەتكەن بىر ساخاۋەتچى. ئۇ ئادەتتىكى بىر ئائىلىدە تۇغۇلغان بولسىمۇ، ئەمما پۈتۈنلەي ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقىغا تايىنىپ ھاياتىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىققان. ئۇ ئىلگىرى كوچىلاردا گېزىت ساتقان، مايلامچىلىق قىلغان، يۈك پاراخوتلىرىدا ھامماللىق، ئاشخانىلاردا قاچا ـ قۇچا يۇغۇچى بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇ ئىلگىرى نامرات بولسىمۇ، ئەمما كۆڭلىگە گۈزەل ئارزۇ

ۋە يۈكسەك غايىلەرنى پۈكۈپ، تىرىشىپ ئىشلىگەن. ئۇ مۇۋەپپە-
قىيەت قازانغۇچىلار ھازىرلاشقا تېگىشلىك شەرتلەرنى ھازىرلىغان-
دىن سىرت، قەتئىي ۋاز كەچمەس كۈچلۈك ئىرادىگە، ھاياتقا
قارىتا ئوتلۇق مۇھەببەتكە، زېرەك كاللا ۋە ئاكتىپ پوزىتسىيىگە
ئىگە بولغان. دېمەك، ئۇ مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلار ئىگە بولى-
دىغان سالاھىيەتكە ئىگە بولغان.

W . كرىمىنت. سىدون بولسا چېكاگودا تۇغۇلغان يەنە بىر
مەشھۇر مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچى. ئۇ كلاسسىك ئەسەر «خى-
لىس. ياركا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش توغرىسىدا» دېگەن ھېكايى-
دىكى باش قەھرىمان تىپىدىكى شەخسكە كىرىدۇ. ئۇ بۇرۇن
ئىنتايىن نامرات تۇرمۇش كەچۈرگەن، گېزىت سېتىش بىلەن
ئىجادىي ھاياتىنى باشلىغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇ ھازىر 300
مىليون ئامېرىكا دوللىرىدىن ئارتۇق بايلىققا ئىگە ئىكەن.

ئۇ بىر مېھرىبانلىق تەرەپدارى. ناۋادا ھەربىر ئادەم ئۆزىنىڭ
يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى تولۇق جارى قىلدۇرسىلا، ھايات ئۇنىڭغا
چەكسىز خۇشاللىق ئاتا قىلىدۇ.

ئۇ ئۆزى مەسئۇل بولۇپ چىقارغان «مۇۋەپپەقىيەت قازى-
نىش» دېگەن ژۇرنالدا: «بۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش مۇمكىن ئەمەس
دېگەن ئۈمىدسىز، چۈشكۈن كىشىلەرگە پىسەنت قىلماسلىق
كېرەك» دېگەن. ئاندىن ئۆزگىچە ئۇسۇلنى ئوتتۇرىغا قويۇپ:
«ئۇ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇمكىن ئەمەس دېگەن يالغان
گەپ» دېگەننى ئىسپاتلىغان. تۆۋەندىكىلەر ئۇنىڭ بەرگەن تەك-
لىپى:

تالاي كىشىلەر ئاجايىپ تالانتلارغا ئىگە تۇرۇقلۇقمۇ، گۈ-
زەل ئارزۇ — ئارمانلىرىغا يېتەلمەيدۇ، بۇ نېمە ئۈچۈن؟ ئۇ
باشقىلارنىڭ «ئۇ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇمكىن ئەمەس»

دىگەن گېپىنى ئاڭلاپ ئىشىنىپ قالغان. ھەرگىز «ئاكتىپ تەسەۋۋۇر قىلىش» نى ئۆگىنىپ ۋە ئۆز تۇرمۇشىغا تەتبىقلاپ ئۆزىنى روھلاندۇرمىغان، ئەگەر ئۇلار ئاڭلىق ھالدا ئاكتىپ تەپەككۇر قىلىش پوزىتسىيىسىنى تىكلىسىلا، ئەتراپى چاتقال، تىكەن بولغان تەقدىردىمۇ، باشقىلارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتىگە دەخلى تەرۇز قىلمىغان ئاساستا بارلىق ئارزۇلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ.

ئەگەر ئۇلار تۆۋەندىكى ھەرىكەتنى قوللانسا، ھاياتىدىكى يۈكسەك نىشانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ئەڭ قىيىن مەسىلىلەرنىمۇ ھەل قىلالايدۇ:

بىرىنچىدىن، ئۆزى ئوقۇغان، ئاڭلىغان، كۆرگەن، ھېس قىلغان ۋە تەجرىبىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى يەنىمۇ تەھلىل قىلىپ، ئۆزلەشتۈرۈش ھەم جانلىق تەتبىقلاش.

ئىككىنچىدىن، يۈكسەك غايىۋى نىشان بەلگىلەپ، ئۇنى يېزىپ چىقىش، ئاندىن ھەر كۈنى 30 مىنۇت ۋاقىت ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك ۋاقىت سەرپ قىلىپ، شۇ نىشان بويىچە ئۆگىنىش، تەپەككۇر قىلىش، پىلان تۈزۈش. مۇشۇنداق بىر نەچچە قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن، ئادەمنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىدا تەلەپ قىلغان جاۋاب نامايان بولىدۇ.

# «ئارزۇ» — «مۇمكىن ئەمەس» دېگەن پولات ئىستىھكامىنىمۇ بۆسۈپ ئۆتۈپ كېتەلەيدۇ

*ئەگەر بىز تۇرمۇشقا قەدەم قويغاندا، كەلگۈسىگە نىسبەتەن پىشقان كۆز قارىشىمىز بولمىسا، كېيىنكى ئىستىقبالىمىزنى بەلگىلەپ ئېرىشەلمەيمىز.*

مېنىڭ كونا بۇرادىرىم يوھان. W گرىبلسىنىڭ ئوھىئو شتاتىنىڭ كولۇمبۇ دېگەن جايدا 4400 ئىنگلىز مو كېلىدىغان دابىنەت دېگەن بىر بېغى بار، مەن دائىم ئۇ يەرگە بېرىپ تۇنەيمەن.

يوھان شەھەر رايونىدىكى مەركىزىي كوچا بىلەن دەريا بويىدىكى رايوننى ئۆزگەرتىپ قۇرۇپ، دۇنيا بويىچە كەڭ كۆلەمدىكى شەھەرلىك ھۆكۈمەت مۇئەسسەسەلىرىنى قۇرۇشتىكى پېشۋا بولۇپ قالغان، بولۇپمۇ شىكاگىنىڭ مېيخۇ رايونىدىكى قۇرۇلۇشى تېخىمۇ مەشھۇر. ئۇ «پىزبۇ دېڭىز قاراقچىلىرى» توپ ئەترىتىنىڭ خوجايىنى.

ئۇ ئوھىئو شتاتىدىكى مىنت. ستالىن رايونىنىڭ سىرتىدىكى 20 ئىنگلىز مو يېرى بار بىر نامرات دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇمۇ خۇددى ئىلگىرىكى ئامېرىكا ئۆسمۈرلىرىگە ئوخشاش، مەكتەپكە پىيادە بېرىپ ـ كېلىپ ئوقۇغان. ئۇ كىشىلەرگە تولىمۇ سەمىمىي، بولۇپمۇ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ شۆھرەت تاپقاندىن كېيىن يەنىلا شۇنداق كەمتەر ۋە كەڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قورساق بولغان. ئۇ ئەنە شۇنداق كەمتەر پەزىلىتى ۋە سەگەكلىكى بىلەن تېگىشلىك ئىجتىمائىي ئورۇنغا ئېرىشكەن. ئۆز ۋاقتىدىكى يېزىلىق بۇ نامرات ئۆسمۈر بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ھەرقايسى دۆلەتتىكى زوڭتۇڭلارنىڭ ۋە ئايال پادىشاھ ئېلىزابېتنىڭ دوستى بولۇپ قالدى. دابتەن دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى خۇسۇسىي ئايرودرومدىن كۆتۈرۈلگەن ئايروپىلان ئۇنى ئېلىپ ئۇنىڭ دادىسى قان ـ تەر تۆكۈپ ئىشلەپ، بىر ئائىلىنىڭ تۇرمۇشىنى قامدىغان يەرلەردىن، ئۇ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا تاش ياتقۇزۇلغان 20 ئىنگلىز مو كېلىدىغان دېھقانچىلىق ئېتىزىنىڭ ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتتى.

مۆجىزە خاراكتېرلىك بۇ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى ئۇ قانداق ئەمەلگە ئاشۇرالىدى؟

بەزىلەر يوھان. W گرېلىستىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى ئەڭ مۇھىم سەۋەب نېمە دەپ سورىغاندا، ئۇ جاۋاب بېرىپ، ئاساسلىقى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىمەن دېگەن كۈچلۈك ئارزۇ، ئۇندىن قالسا كەمتەر ۋە سەممىي خاراكتېر، باشقىلارنى ياخشى كۆرۈش ئىستىكى تۈرتكە بولغان، دېدى.

بۈگۈن كىشىلەر ئۇنىڭغا بەس ـ بەستە ھۆرمەت بىلدۈرمەكتە. كىشىلەر ئۇنىڭ پۇلى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرمەيدۇ، بەلكى ئۇ قەدىرلەشكە ئەرزىيدىغان كەمتەر پەزىلىتى ۋە ئادەتتىكى ئىقتىدارى بولغانلىقى ئۈچۈن ھۆرمەتكە سازاۋەردۇر.

ئۇمۇ كىتابىمىزدا تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەن ياكى تونۇشتۇرماقچى بولغان نۇرغۇن مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلارغا ئوخشاش ئاكتىپ پوزىتسىيىگە، ئاكتىپ تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە شەخسلەردىن ھېسابلىنىدۇ.

# كىشىلىك ھايات خۇددى ئانىنىڭ «يارايسەن!» دەپ ئىلھام بېرىشىگە ئوخشايدۇ

*ھەرقانداق ۋاقىتتا ئېتىقادىڭىزدىن تەۋرەنمە، چۈنكى ئېتىقاد سىزنى ئۇلۇغۋار مەنزىللەرگە يېتەكلەپ ماڭىدۇ.*

كۆزلىگەن نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرىمەن دەيدىكەنمىز، چوڭقۇر كۈچلۈك ئارزۇ ۋە مۇقەررەر غەلىبە قىلىش ئىشەنچىسىگە ئىگە بولۇش بىلەن بىرگە يەنە كىشىنى ئىلھاملاندۇرىدىغان روھقا ئىگە بولۇشىمىز كېرەك.

مەن قولۇمغا قەلەم ئېلىپ مۇشۇ بابنى يېزىۋاتقاندا مېنىڭ كونا بۇرادىرىم ھەم خىزمەتدىشىم ئابراخام. سېپىيكتا ئىشخانامغا كىرىپ كەلگەن ئىدى. ئۇ ناھايىتى قابىلىيەتلىك بىر جامائەت گۇۋاھلىق ئىشلىرى بوغالتىرى. ئۇ بۇ ساھەدە باشلامچىلىق ئورۇنغا ئىگە، ئۇزۇن يىللاردىن بۇيانقى مېنىڭ ئەڭ ياخشى مەسلەكدىشىم، بىز بىرگە خىزمەت قىلغان، مەن ئۇنى بىر مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچى دەپ قارايمەن.

مەن ئۇنىڭدىن:

— ئابراخام، سەن قانداق مۇۋەپپەقىيەت قازاندىڭ؟ ماڭا سۆزلەپ بەرگەن بولساڭ، — دەپ سورىدىم.

ئۇ مۇنداق جاۋاب بەردى:

— مەن بروكستا تۇغۇلغان، نامرات ئائىلىدە ئۆسۈپ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى www.uyghurkitap.com

چوڭ بولغان، گەرچە يوقسۇل دەپ ئېيتىشقا بولمىسىمۇ، بۇ كېيىنكى تەسىراتىم. ئەينى ۋاقىتتا مەن ئۆزۈمنى نامرات ئائىلىدە چوڭ بولغان دەپ قارايتتىم.

ئۇ سەل ـ پەل ئىككىلەنگەن هالدا مۇنداق دېدى:

— مەن يەنە مۇشۇنداق نامرات كېتىۋەرسەم بولمايدۇ دەپ ئويلىغان.

ئامېرىكىدا قانچىلىغان كىشىلەرنىڭ ئابراخام. سېپىيكىتاغا ئوخشاش نامراتلىق دەستىدىن زەرەتلىنىپ ۋە روهلىنىپ كەتكەن-لىكى سىر ئەمەس.

ئابراخام. رېگانمۇ خېلىلا نامرات، ئامېرىكىلىقلار نامراتلىق-نى ئانچە ياقتۇرمايدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا رېگاننىڭ ئانىسى ئوغلىغا دائىم: «ئابراخام سەن بۈيۈك ئادەملەردىن بولىسەن» دەيدىكەن.

مەن ئۆزۈممۇ نامرات ئائىلىدە تۇغۇلغان. نامراتلىق گەرچە پايدىسىز شارائىت بولسىمۇ، ئەمما ئۇ كۆپلىگەن كىشىلەرنى كۈرەشكە ئاتلاندۇرىدىغان بىر چوڭ سەۋەب. ئۇلار نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، نىشاندىن يالتايماي، ئاكتىپ پوزىتسىيىدىكى كىشى-لەرگە ئايلىنىشنى ئىستەيدۇ. قېتىرقىنىپ خىزمەت ۋە تەپەككۇر قىلىپ، «چوقۇم قىلالايمەن» دېگەن كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى بويىچە هايات كەچۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ كىشىلىك هايات نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ هەممىسىدە مۇۋەپپەقىيەتكە ئىنتى-لىشتەك كۈچلۈك ئىرادە بار.

تىرىشىپ يۇقىرى ئۆرلەيدىغان، ئاكتىپ تەپەككۇر قىلىدى-غان كىشىلەر قانداق ئۇلۇغۋار نەتىجىلەرنى يارىتالايدۇ؟ ئەڭ جانلىق مىسال، كىشىدە ئۇنتۇلغۇسىز تەسىر قالدۇرىدىغىنى جىس. ئوۋىنسىنىڭ ئولىمپىك تەنهەرىكەت يىغىنىدا چېمپىيون بولۇشى.

گەرچە جىس. ئۇۋنىس بۇنداق ماختاشنى رەت قىلسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئەلا دەرىجىدىكى تەنھەرىكەت تالانتى ۋە ئالاھىدە خاراك-تېرىگە گەپ توغرا كەلمەيدۇ.

بىر قېتىم ئوھىئو شتاتى كولۇمبۇ ئوھىئو گېزىتچىلىق جەمئىيىتىنىڭ كەچلىك زىياپىتىدە، مەن جىس. ئۇۋنىسنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭدىن، كىشىلىك تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرىنى سورىغىنىمدا ئۇ ماڭا تۆۋەندىكىلەرنى ھېكايە قىلىپ بەردى:

ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئۇ كىچىكىدە ناھايىتى ئورۇق ئىكەن، بەدەن ئېغىرلىقى ئۆلچەمگىمۇ توشمايدىكەن. ئۇنىڭ ئاكتىپ تەپەككۇر قىلىدىغان، ئىخلاسمەن ئانىسى دائىم ئۇنىڭغا، ئۇنىڭ خېلى ئىشلارنى قىلالايدىغانلىقىنى، بۈيۈك ئادەملەردىن بولالاي-دىغانلىقىنى ئېيتىدىكەن، ئەمما ئۇ بۇ ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇ-رۇشنى ئويلاپمۇ باقمايدىكەن. ئۇنىڭ ئائىلە ئەھۋالى شۇنچىلىك نامرات بولۇپ، ھېچقانداق ئارقا تىرىكى يوق، ھەممە شەرت ــ شارائىتلار ئۇنىڭغا تولىمۇ پايدىسىز ئىكەن، شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ ئانىسى ئۇنى مۇنداق ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرىدىكەن:

«ھەرقانداق ۋاقىتتا ئېتىقادىڭدىن تەۋرەنمە، چۈنكى ئېتىقاد سېنى ئۇلۇغۋار مەنزىللەرگە يېتەكلەپ ماڭىدۇ.»

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى «تۆت پەلەمپەي»

*سىلەر ئاللاھنىڭ سۆيۈملۈك بەندىلىرى. سىلەر بۈيۈك ئادەملەردىن بولالايسىلەر، سىلەردە نىشان، ئىشەنچ بولسىلا، تىرىشىپ ماھىر بولساڭلارلا، ئۇلۇغ شەخسلەردىن بولالايسىلەر. ئاللاھ سىلەرگە مەدەت بېرىدۇ.*

ئەينى ۋاقىتتىكى ئەڭ ياخشى تەنھەرىكەت ماھىرى چارى. پادىك باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوتتۇق سۆزلەش ئۆيۈشمىسىنىڭ لىكتورى بولغان. ئۇرغۇن گېزىتلەرنىڭ تەنھەرىكەت ئىستونىدا ئۇنى «دۇنيا بويىچە ئەڭ تېز يۈگۈرەيدىغان ئادەم» دەپ ئاتىغان.

بىر قېتىم مەن ئۇنىڭ بوستۇن تەنھەرىكەت مەيدانىدا قويۇندەك تېز يۈگۈرگەنلىكىنى كۆرگەن ئىدىم. ئۇ ھەربىي سەپتىن چېكىنگەندىن كېيىن ھەرقايسى جايلاردا باللارنى تەربىيىلىگەن، ئۇرغۇن ياش ـ ئۆسمۈرلەرنى تەسىرلەندۈرگەن.

بىر كۈنى مەكتەپنىڭ يىغىن زالىغا بۇ ئاتاقلىق ماھىرنىڭ نۇتۇقىنى ئاڭلاشقا مىڭدىن ئارتۇق ئۆسمۈر بالا يىغىلىپتۇ. زالنىڭ ئەڭ ئالدىنقى رېتىدە كىچىك جىس. ئوۋېنس ئولتۇرۇپتۇ. ئوۋېنس ئۆزىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ھالىتىنى ماڭا مۇنداق سۆزلەپ بەردى!

چارى. پادىك مۇنبەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئىككى قولىنى شىمىنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ، يىغىن مەيدانى تىنچلانغاندىن كې-

يىن، جاراڭلىق، كۈچلۈك ئاۋازدا:

— سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىڭلارنى بىلەمسىلەر؟ مەن بۇ يەرگە مۇشۇ ئىشنى دەپ قويغىلى كەلدىم. سىلەر ئىلاھنىڭ سۆيۈملۈك بەندىلىرى. سىلەر بۈيۈك ئادەملەردىن بولالايسىلەر، سىلەردە نىشان، ئىشەنچ بولۇپ، ئۆگىنىشكە ماھىر بولساڭلار ئۇلۇغ شەخسلەردىن بولالايسىلەر. ئىلاھ سىلەرگە مەدەت بېرىدۇ. سىلەر راستىنلا قالتىس ئادەملەردىن بولۇپ چىقالايسىلەر، — دېدى.

جىس. ئوۋىنسىنىڭ دېيىشىچە، ئۇ ئاشۇ دەقىقىلەردە ئۆزىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن نېمە قىلىدىغانلىقىنى، ئۆز نىشانىنى بەلگىلىۋالغان، ئۇ بولسىمۇ ئىككىنچى چارى. پادىك بولۇپ، دۇنيا بويىچە ئەڭ تېز يۈگۈرەيدىغان كىشى بولۇش. ئۇنىڭ نۇتۇقى ئاخىرلاشقاندا، ئۇ دەرھال ئالدى ـ كەينىگە قارىماي مۇنبەرگە چىقىپ پادىك بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەن.

جىس. ئوۋىنس بىر تەرەپتىن ئەينى ۋاقىتتىكى مەنزىرىلەرنى ئەسلىگەچ، بىر تەرەپتىن تولۇپ ـ تاشقان بىر خىل ئەيمىنىش تەلەپپۇزىدا ماڭا مۇنداق دېدى:

— چارىسىنىڭ قولىنى تۇتۇشۇمغا خۇددى ئېلېكتر ئېقىمىغا ئوخشاش بىر خىل ئىسسىق ئېقىم مېڭەمدىن كىرىپ، تاپىنىمىدىن چىقىپ كەتتى.

ئاندىن مەن يۈگۈرگەن پېتى تىرېنېرنى تېپىپ:

— تىرېنېر، مەن بىر ناھايىتى ياخشى ئارزۇغا ئىگە بولدۇم، ئۇ بولسىمۇ ئىككىنچى چارى. پادىك بولۇپ، دۇنيا بويىچە ئەڭ تېز يۈگۈرەيدىغان ئادەمگە ئايلىنىش، — دېدىم.

تېرىنېر تولىمۇ ئەقىللىق ئادەم ئىدى. ئۇ باللارغا ئىلھام

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

بىرىشنى ۋە بىتەكچىلىك قىلىشنى ياخشى بىلەتتى، ئۇ مېنىڭ ئورۇق مۈرەمنى تۇتۇپ:

— توغرا، جىس، سەن ياخشى بىر ئارزۇغا ئىگە بولۇپسەن، بۇ ناھايىتى ئۇلۇغ ئارزۇ. ئادەم گەرچە ئۆز ئارزۇسىدىكى ئادەمـدىن ھالقىپ كېتەلمىگەن تەقدىردىمۇ، ئەمما ئارزۇسى ئۈچۈن تىرىشسا، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىغا ئىشەنسە، ئۆز ئارزۇسىغا سادىق بولسا، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرماي قالمايدۇ. ئارزۇ ـ ئارمانلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن مۇنداق تۆت پەلەمپەيـنى بېسىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ، ئېسىڭدە بولسۇن، بۇ تۆت پەلەمپەي: ئىرادە، زېھنىنى قويۇش، چېنىقىش، پوزىتسىيە،— دېدى.

تىرېنېر يەنە گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە پوزىتسىيە قالغان ئۈچىنى يىغىنچاقلىغاندىنمۇ مۇھىم،— دېدى. ئۇنداق بولۇشى پوزىتسىيە ئادەمنىڭ ئىدىيىسى ۋە ئىشەنچى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئاندىن ئۇ يەنە— ئىرادە تىكلەش، زېھنىـنى قويۇش، چېنىقىشتىن ئىلگىرى نىشانغا بولغان تونۇشنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، نىشان تىكلەشتىن ئىلگىرى نىشانغا ئاكتىپ پوزىتسىيىدە بولۇشنى داۋاملاشتۇرۇش،— دېدى.

جىس. ئوۋېنسنىڭ ئۆزى توغرىسىدا ئېيتقان مۇمكىنچىلىكـلىرىنى، ئۇنىڭ نىشان ۋە ئارزۇلىرىنى قانداق ئەمەلگە ئاشۇرغانـلىقلىرىنى ئاڭلاپ، قالتىس مەستلىكىم كەلدى.

ئۇ 1936 ـ يىلىدىكى ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىدا تۆت ئالتۇن مېدال ئېلىپ، پۈتۈن دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتتى. ئۇ ئەرلەرنىڭ 100 مېتىرغا يۈگۈرۈش بويىچە دۇنيا رېكورتى بىلەن تەڭلىشىپلا قالماي، 200 مېتىرغا يۈگۈرەش بويىچە دۇنيا

رېكورتىنى يېڭىلىدى. ئەينى ۋاقىتتا ئۇ ياراتقان يىراققا سەكرەش دۇنيا رېكورتىنى 22 يىلدىن كېيىنمۇ بۇزۇلدىغان ئادەم چىقمىدى. كۆچ ئۆلاپ يۈگۈرەش تۆرىدىمۇ ئۇنىڭ نەتىجىسى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ.

تەنھەرىكەت شان ــ شەرەپ سارىيى قۇرۇلغاندىن كېيىن، تۇنجى قېتىم تىلغا ئېلىنغىنى كىرىراندا تۇغۇلغان ئاجىز ئۆسمۈر — جىس. ئوۋېنس بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى ئون مۇھىم نۇقتا

*مېنىڭدە تاللاش ئەركىنلىكى بار، مەن ھاياتىمنى نابۇت قىلىۋەتمەيمەن، ئۇنىڭ مەغلۇبىيەت، ئۈمىدسىزلىكنىڭ قورام تاشلىرى ئارىسىدا ئېزىلىپ، خارلىنىپ قېلىشىغا قاراپ تۇرمايمەن.*

جىس. ئۇۋنىسنىڭ ھېكايىسىنى ئىنچكە ئويلاپ باقسىڭىز ۋە يادىڭىزدا ساقلىسىڭىز، ئەگەر ئاكتىپ تەپەككۇر قىلىدىغان كىشىلەردىن بولسىڭىز، چوقۇم كۆزلىگەن مەقسىتىڭىزگە يېتەلەيسىز.

تۆۋەندە كۆرسىتىلگىنى «مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى ئون مۇھىم نۇقتا».

1. نىشانىنى كاللىدا مەھكەم ساقلاش، ھەرگىز ئۇنتۇلۇپ قالماسلىق كېرەك.

2. كۆڭلىمىزدە مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئۆزىمىزنى سۈرەتلەپ چىقىشىمىز كېرەك.

3. كاللىمىزدا پاسسىپ ئىدىيە پەيدا بولغان ھامان دەرھال ئاكتىپ ئىدىيە ئارقىلىق ھەيدەپ چىقىرىشىمىز كېرەك.

4. ئىمكان بار قىيىنچىلىقلارنى ئازايتىپ، ئۆز ئىقتىدارىمىزنى كۈچەيتىشىمىز كېرەك.

5. نۆۋەتتىكى قىيىنچىلىقلارغا ئادەتتىكى ھالىتىمىز بويىچە مۇئامىلە قىلىپ، قىيىنچىلىقلارنى ئىشەنچىنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىگە

تايىنىپ ھەل قىلىشقا ئىشىنىشىمىز كېرەك.

6. ئۆزىمىزگە ئىشەنچ قىلىشىمىز لازىم.

7. كىشىلەرگە ھەرۋاقىت سەمىمىي مۇئامىلىدە بولۇشىمىز كېرەك.

8. ھەردائىم ئۆگىنىپ، ئۆزىمىزنى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز كېرەك.

9. ئارزۇيىمىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىرادە تىكلەش، زېھىن قويۇش، چېنىقىش، قىزغىن پوزىتسىيە قاتارلىق تۆت پەلەمپەي ھازىرلاش كېرەك.

10. ھەركۈنى «مەن ھەرقانداق ئىشنى قىلالايمەن» دېگەن ئاكتىپ ئىبارىنى ئوقۇپ تۇرۇش كېرەك.

دۇنيادا ئادەمنى ئەڭ سۆيۈندۈرىدىغىنى، تېخىچە ھاڭغا چۈشۈپ كەتكەن ھېچكىم ئۇچرىمىدى دېيىش؛ ئەڭ ئېچىنىشلىقى، تەبىئىي ئىقتىدارغا ئىگە تۇرۇقلۇقمۇ، ئۇنى جارى قىلدۇرالايدىغانلارنىڭ تولىمۇ ئاز ساندا ئىكەنلىكى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېتى
www.uyghurkitap.com

پۇرسەتتە ھەممىنى باغلايدۇ!

# بەشىنچى باب تەقدىرنىڭ قانۇنىيىتى

## — تەسەۋۋۇر — تەقدىرىڭىزنى ئۆزگەرتەلەيدۇ



[illegible]

[illegible]

[illegible] — [illegible] —
[illegible]



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# باشقىلارنىڭ سىزنى باھالىشى ئەمەلىيەتتە ئۆز - ئۆزىڭىزنى باھالىشىڭىز بولىدۇ

*ئۆز - ئۆزىگە جەڭ ئېلان قىلالىغۇدەك جاسارەتنىڭ بولۇشى — ئەڭ ياخشى قوغدىنىش ئىستىراتېگىيىسىدۇر.*

«ئاينى قارغا ئالسىڭىز، ئايغا تەگكۈزەلمىگەن تەقدىردىمۇ يۇلتۇزغا تەگكۈزەلەيسىز». بۇ شتات پارلامېنت يىغىنىنىڭ پارلامېنتى، نۆۋەتتە ياش - ئۆسمۈرلەرگە تەربىيە بەرگۈچى، قىزغىن قارشى ئېلىشقا سازاۋەر ناتىق لىس. بوراندىنىڭ سۆزى، — مەشھۇر ساخاۋەتچى سىتەنلى. كىرىچمۇ: «بىر نەچچە پاي ئوقنى ئارتۇق ئېتىڭ، قورالىڭىز ناچار بولسىمۇ، قارغا ئالالايسىز» دېگەن.

ئۇلارنىڭ بىرى نىشان يۈكسەكرەك بولۇش كېرەك دەپ تەشەببۇس قىلسا، يەنە بىرى نىشانغا قاراپ ئۈزلۈكسىز تىرىشىش كېرەك، دەپ قارىغان.

ئىلگىرى مەن ئاز - تولا مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بىرەيلەننى تونۇيتتىم. ئۇنىڭ خىزمەت ئورنى ۋەيران بولۇش تەرىپىگە قاراپ مېڭىپ، خادىملارنى قىسقارتقان ئىدى، نۇرغۇن خادىملار ئىشتىن توختاپ ئائىلىسىگە قايتقان بولۇپ، ئۇ مۇشۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى ئىدى.

ئۇنىڭ ئائىلىدە ئىش كۈتۈپ تۇرۇش ۋاقتى ئۇزىرىشى بىلەن، ئىقتىسادىي ئەھۋالى كۈنسېرى ناچارلىشىشقا قاراپ يۈزلە-

ىپ، روھىي دۇنياسىدىمۇ ئۆزگىرىش يۈز بەردى. ئاخىرى ئىجتىمائىي ئورنى بىر قەدەر تۆۋەن خىزمەت بىلەن مەشغۇل بولۇشقا مەجبۇر بولدى. ئەمما ئەينى ۋاقىتتا شۇنىڭغا ئوخشاش بىرەر خىزمەت تېپىپ ئىشلەشمۇ ئاسانغا توختىمايتتى. ئۇنىڭ ئاكىسى كەسپىي ئىشلاردا مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بىر مەشھۇر زات ئىدى. بەلكىم ئاكىسىنىڭ تەسىرىدىن بولسا كېرەك، ئۇ بىر خىل ئاكتىپ پوزىتسىيە بىلەن ھازىرلاندى.

بىر قېتىم مەن تەكلىپ بىلەن ئۇ تۇرۇشلۇق شەھەرگە بېرىپ نۇتۇق سۆزلىدىم. ئۇ مېنى ئىزدەپ كەپتۇ، بىز مەن ماشىنا قويغان مېھمانخانىنىڭ قەھۋەخانىسىدا كۆرۈشتۇق. ئۇ ئىلگىرى مېنىڭ كىتابىمنى ئوقۇغان ئىكەن، مېنى ئۆزىگە ئىلھام بېرەلەيدۇ، دەپ قارايدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئۇنىڭ نۆۋەتتىكى مەسىلىسى: بىر ئوغلى ئۇنىۋېرسىتېتقا كىرىشكە تەييارلىق قىلىۋېتىپتۇ، يەنە ئىككى بالىسى ئىككى ـ ئۈچ يىلدىن كېيىن كىرىدىكەن. ئەمما ئۇنىڭ باللىرىنى ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇتقۇدەك قۇدرىتى يوق ئىكەن! ئومۇمەن ئۇ ئائىلىدە خۇددى ئۇرۇشتا يېڭىلگەن قالدۇق ئەسكەرلەردەك بولۇپ قاپتۇ، ئاكىسىنىڭ ئامىتى ئوڭدىن كېلىپ كۈندىن ـ كۈنگە روناق تېپىپتۇ.

مەن ئۇنىڭغا مۇنداق دېدىم:

— بۇ مەسىلە بىلەن ئاكىڭىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق مۇناسىۋەت يوق ئىكەنغۇ؟ بۇ پەقەت سىز بىلەن باللىرىڭىز ئوتتۇرىسىدىكى مەسىلە ئىكەن.

ئۇ مۇنداق دېدى:

— مەن بىر كېرەكسىز ئادەم، پېشانەم داۋاملىق مۇشۇنداق تەتۈر، ئاكام بەك ئەقىللىق، بۇ دۇنيادىكى بەخت ـ ئامەتنىڭ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ھەممىسى خۇددى شۇنىڭغىلا ئاتا قىلىنغاندەك.

— سىزنىڭ ھازىرقى كىرىمىڭىز يەتمەمدۇ؟ — دەپ سورىدىم مەن ئۇنىڭدىن، ئۇ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. مەن يەنە ئۇنىڭغا مۇنداق دېدىم:

— سىز ئېھتىياجلىق كىرىمگە ئېرىشىشكە ئامالسىز قالغانلىقىڭىزنى ماڭا سۆزلەپ بەردىڭىز. بىرىنچىدىن، سىز ئۆزىڭىز بىلەن ئەمەس، قېرىنداشىڭىز بىلەن رىقابەتلىشىۋېتىپسىز، ئىككىنچىدىن، سىز ئۆزىڭىزنى ھەددىدىن زىيادە كىچىك چاغلايدىكەنسىز. سىز ئەجىبا باشقىلارنىڭ سىزگە بەرگەن باھاسىنىڭ ئۆز - ئۆزىڭىزنى باھالىشىدىن كەلگەنلىكىنى بىلمەمسىز؟ سىز ئۆزىڭىزگە ئەھمىيەت بېرىشىڭىز كېرەك. سىز ئاكىڭىزدىن قاتتىق پەخىرلىنىڭ. ئەگەر سىز ئاكىڭىزغا كەڭ قورساق بولسىڭىز، ئۆزىڭىزنىڭ كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ، ئىچىڭىز پاللىدە يورۇپ كېتىدۇ.

ناھايىتى روشەنكى، بۇ ئادەم ئىقتىدار جەھەتتە ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇر قىلغىنىدىنمۇ ئارتۇق ئىكەن. ئەمما، ئۇزۇندىن بۇيان ئۆزىنى ناھايىتى سەل چاغلاپ كەلگەن، ئۆزىنى ئاقىنانچى دەپ قارىغاچقا، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئۆزىنى پەس كۆرۈش خاھىشى ئىگىلەپ كېتىپتۇ.

ئۇ دائىم مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىدىن بىرى بولغان «ئىشلارنىڭ يامان تەرىپىنىلا ئويلىماسلىق كېرەك» دېگەنگە خىلاپ ئىش قىلىپتۇ. چۈنكى ئۇ ھەمىشە ئىشلارنىڭ يامان تەرىپىنىلا ئويلىغاچقا، ئاخىرى ئۆزىدە تەلتۆكۈس بىر مەغلۇبىيەتچىگە ئايلىنىپ قالغانلىق تەسىراتى پەيدا بولۇپ قاپتۇ. بۇنداق كۈچلۈك پاسسىپ ئاڭ ۋە ئاكىسى مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقى ئۈچۈن پەيدا بولغان ئازابلىق ھېسسىيات

ئۇنىڭدا ناھايىتى چوڭ پىسخىك توسالغۇ پەيدا قىلغان.

شۇنىڭ بىلەن بىر تەرەپتىن ئۇنىڭدا ئاكىسى بىلەن رىقابەتلىشىش ئېڭى پەيدا بولغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ ئۆزىنى ئىقتىدارسىز، قىلچە قىممىتى يوق دەيدىغان ئىدىيىۋى قورشاۋغا چۈشۈپ قالغان ـ دە، مەغلۇپ بولغۇچىلاردىكى بىر خىل پاسسىپ پوزىتسىيىنى يېتىلدۈرۈۋالغان. شۇنداقتىمۇ كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرىدە ئۈمىدنىڭ غۇۋا شولىسى نۇر چېچىپ، ئۆزىگە ياردەم قىلالايدىغان بىر كىشىنى تېپىپ مەسلىھەتلەشمەكچى بولغان.

www.uyghurkitap.com

## «خىيال» نى «ئەمەلىيەت» كە ئايلاندۇ- رۇشنىڭ ئىلمىي قائىدىسى

*بۈگۈندىن باشلاپ، بېشىمنى كۆتۈرۈپ، ئالدىمغا قارايمەن، خۇددى ئاچ شىر ئوزۇقلۇق ئىزدىگەندەك، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن پۇرسەت ئىزدەيمەن.*

مەن ئۇنىڭغا بىر پىلان كۆرسەتكەن ئىدىم، ئۇ قوبۇل قىلدى ھەم مۇشۇ پىلان بويىچە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش يولىغا قاراپ ماڭدى. بۇ پىلاننىڭ بىرىنچى قەدىمى ئاكىسىغا، ئۆزىگە ۋە خىزمەتكە بولغان پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت.

ئۇ ئاكىسى بىلەن رىقابەتلىشىش پسىخىكىسىدىن ۋاز كېچىپ، ھەسەتخورلۇق قىلمايدىغان بولدى. ئەمما ئۆزى بىلەن رىقابەتلىشىشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە كۆڭلىدە ئۆزىنىڭ خىزمەتلىرىنى كۈندىن كۈنگە ياخشى ئورۇنلاۋاتقانلىقىنى سۈرەتلەپ چىقتى. يەنى ئۆز ئىقتىدارىغا جەڭ ئېلان قىلىپ، ئۆزىگە ئىشەنچ باغلاپ، ئۆزىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى مەنزىللىرىنى ناھايىتى ئېنىق كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. مەن ئۇنىڭغا ئىلھام بېرىپ، ئۆزىنىڭ خاراكتېرى، ئەقىل ـ پاراسىتى، تەجرىبىسى ۋە ئۆزىدىكى تەبىئىي ئىقتىدارغا تايىنىپ، بارلىق ئارتۇقچىلىقلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ھەرگىز كېرەكسىز ئادەم ئەمەسلىكىنى، بەلكى قالتىس بىر تالانت ئىگىسى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشنى ئېيتتىم. ئۆزىدە مۇشۇنداق ئىشەنچ پەيدا بولسا، ئىدراك جەھەتتە ئۆز ئىقتىدارىنى تونۇش پەيدا بولىدۇ ـ دە،

مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلارغا ئوخشاش ئۆزىدە ئىشەنچ پەيدا بولىدۇ.

ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنىڭدا بولۇشقا تېگىشلىك ئىقتىدار نامايان بولۇشقا باشلىدى. ئۆز ـ ئۆزىنى كەمسىتىش پسىخىكىسىدىن ۋاز كېچىپ، جاسارىتىنى ئۇرغۇتۇپ، ساغلام غۇرۇرغا ئىگە بولدى. تەبىئىي هالدا ئۆزىگە ئىشەنچ باغلىدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە كۆڭلىدە ئاكىسىغا نىسبەتەن ياخشى تۇيغۇ پەيدا بولدى. ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت كۈنسېرى قويۇقلىشىپ، ئۆزئارا بىر ـ بىرىگە كۆيۈنىدىغان بولدى. ئۆزىدە بىر ساغلام ئىدىيە ۋە قەدىر ـ قىممەت تۇيغۇسىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگە ئەگىشىپ، باشقىلارنىڭ يۇقىرى باهاسىغا ئېرىشىپ، خېلىلا ئابرۇي تاپتى.

ئەلۋەتتە، بۇلارنى بىر كېچىدىلا ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمايدۇ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بۇنداق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس، كىشىلىك هاياتىدىكى ئۆز ـ ئۆزىنى پەس كۆرۈش خاهىشىدىن قۇتۇلۇش ئۇنچە ئاسان ئەمەس. ئەمما ئادەمدە ئالغا ئىنتىلىش روهى بولسا، پىلان تۈزۈپ، سەممىي يوسۇندا خىزمەت قىلسا، ئۈمىد قىلغان نەتىجىگە ئېرىشمەي قالمايدۇ. كۆڭلىدە يۇقىرىغا ئۆرلەيمەنلا دەيدىكەن، هەممە ئىشلارنى ياخشىلاپ كەتكىلى بولىدۇ.

ئۇ ئۆز ئىشلىرىنى ماڭا مەسلىهەت سېلىش ئۈچۈن مېنى ئىزدەپ كەلگەن چاغلار ئۇنىڭ ئۆزىنى ئۆزگەرتىۋاتقان ئازابلىق مەزگىللەرگە توغرا كەلگەن ئىدى. ئەمما باللىرىنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتقا كىرىشىنى بىر مىنۇتمۇ كېچىكتۈرگىلى بولمايتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنىڭغا تەسەۋۋۇرنى كېڭەيتىش ئۇسۇلىنى ئۆگەتتىم.

مەن ئۇنىڭغا تەكلىپ بېرىپ، هەربىر بالىڭىزنىڭ ناهايىتى تىرىشىپ ئۇنىۋېرسىتېتقا كىرگەنلىكىنى، ئوقۇش پۇلىنى ئىشلەپ

تېپىپ تاپشۇرغانلىقىنى، ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىدا بېشىغا باكلاۋۇر بۆكى، ئۇچىسىغا باكلاۋۇر كىيىمى كىيىپ ئوقۇش پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسى ئېلىۋاتقان مەنزىرىلەرنى خۇددى ئۆز كۆزىڭىز بىلەن كۆرگەندەك تەسەۋۋۇر قىلىڭ، دېدىم.

بىر نەچچە يىلدىن كېيىن ئۇ ماڭا مۇنداق دېدى:

— بۇلارنى قانداق ئىشقا ئاشۇرغانلىقىمنى تاكى بۈگۈنگە قەدەر چۈشەنمەيمەن. ئېھتىمال بۇنىڭدىن كېيىنمۇ چۈشەنمەسلىكىم مۇمكىن. ئەمما بىز داۋاملىق ئاشۇنداق تەسەۋۋۇر قىلساق، كېيىن دەرۋەقە تەسەۋۋۇرىمىزدىكىدەكلا بولۇپ قالىدىكەن، بۇ ھەقىقەتەن بىر مۆجىزە.

ئۇ بۇنى قەتئىي ئويلاپ يېتەلمەپتۇ.

مەن ئۇنىڭغا مۇنداق ئىزاھات بەردىم:

— سىز خىيالىڭىز ۋە پوزىتسىيىڭىزدە گۇمان قىلىشقا بولمايدىغان ئىلمىي قانۇنىيەتلەرنى ئىشقا سالدىڭىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىز كۈچلۈك ئېتىقادقا ئىگە بولغاچقا، ۋۇجۇدىڭىزدا ئىنتايىن كۈچلۈك روھىي كۈچ ـ قۇۋۋەت بارلىققا كەلدى.

ئۇ ئۆزىنى ۋە ئائىلىسىدىكىلەرنى تېخىمۇ ياخشى تۇرمۇشقا ئىگە قىلىش ئۈچۈن، ئىنتايىن مۇھىم سىرنى تېپىۋالدى.

# «تەقدىم قىلىپ — قانۇنىيەتكە ئىگە بولۇش» — مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش- تىكى ئەڭ چوڭ سىر

*بارلىق قانۇنىيەتلەرنى بەرپا قىلىشتىكى تەبىئىي كۈچ شۇن- داقلا چەكسىز مەنبەدىن بىزگە ھېكمەت ئاتا قىلىدىغىنى يەنىلا مۇقەددەس «دىنىي دەستۇر»لاردۇ.*

ئەھۋاللار ئۆزگىرىپ ئىشلار تازا كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغان- دا، ئۇنى ئۆزگەرتمەكچى بولسىڭىز، تۆۋەندىكى ئۇسۇلنى سىناپ بېقىڭ. ئۇ بولسىمۇ ئۇلۇغ «تەقدىم قىلىپ — قانۇنىيەتكە ئىگە بولۇش» نى ئۇزلۇكسىز داۋاملاشتۇرۇش، مۇشۇنداق قىلسىڭىز چوقۇم مۆجىزە يۈز بېرىدۇ.

بۇ خىل قانۇنىيەت ماڭا مۆجىزە ئېلىپ كېلەلەيدۇ، شۇڭا مەن بۇنىڭغا ئىشىنىمەن. ھازىرغا قەدەر، «تەقدىم قىلىپ — قانۇنىيەتكە ئىگە بولۇش» مەن بايقىغان مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش- تىكى ئەڭ ئېسىل مەخپىيەتلىكنىڭ بىرى. ناھايىتى كۆپ كىشى- لەر بۇ تەكلىپكە ئىتائەت قىلىپ، ئۇنى ئەمەلدە كۆرسىتىپ، بۇ ئۇلۇغ خىيال ۋە ھەرىكەتنىڭ تامامەن توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

مېنىڭ ئايالىم لوس مەن بىلەن توي قىلغاندىن باشلاپلا بۇ قائىدىنى يولغا قويدى. بىز توي قىلغاندىن كېيىن تولىمۇ تېجەشلىك بىلەن ياشىدۇق. لوس بىر تۇغما ئاكتىپ تەپەككۇر قىلغۇچى بولۇپ، قەتئىي تەۋرەنمەس ئېتىقادقا ئىگە ئىدى. ئۇ

www.uyghurkitap.com

قەتئىي ئىككىلەنمەي كەسكىن هالدا، مەيلى قانچىلىك قىيىن شارائىتلاردا قالمايلى، ئاللاھ بىزگە مەدەت بېرىدۇ، دەيتتى.

ئۇ دائىم، بىز پەقەت بار ئىمكانىيىتىمىز بويىچە ئۆز بۇرچىمىزنى ئادا قىلىپ، ئىشەنچ ۋە ئېتىقادتا چىڭ تۇرساقلا، ئاللاھنىڭ هىممىتىگە مۇيەسسەر بولۇپ، ھەرقانداق ئەھۋالدا قىيىنچىلىقلاردىن هالقىپ ئۆتۈش قۇدرىتىگە ئىگە بولالايمىز، دەيتتى.

بىز مۇشۇنداق كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنى قانات يايدۇرغاندا، ئۇ تۇيۇقسىز بارلىق قائىدىلەر ئىچىدىن ئەڭ ئەپچىل بىر قائىدىنى بايقىدى. ئۇ بولسىمۇ «تەقدىم قىلىپ — قانۇنىيەتكە ئىگە بولۇش».

ئوغلىمىز يوھان ماسسا چوستېس شتاتى دىيافىد تەتقىقات ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا كىرمەكچى ئىدى، شۇنىڭ بىلەن بىز ئامېرىكا تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن ئەڭ مۇنەۋۋەر مەكتەپ مۇدىرلىرىدىن بىرى، كۆزگە كۆرۈنگەن ئوقۇتقۇچى دوكتور فرانكا بويىد بىلەن تونۇشۇش پۇرسىتىگە ئېرىشتۇق. فرانكىنىڭ كاللىسى قاتتىق ئىشلەيتتى، شۇنداقلا ئۇ كۆزگە كۆرۈنگەن ئاكتىپ تەپەككۇر قىلغۇچىلاردىن ئىدى.

ئۇ مېنى باشلاپ مەكتەپنىڭ چىرايلىق ياتاقلىرىنى ۋە ئۇسكۇنە ـ ئەسلىھەلىرى مۇكەممەل بولغان مەكتەپ باغچىلىرىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدۇردى. مەن ئۇنىڭ ئەسلىدىكى كىچىككىنە مەكتەپنى كېڭەيتىپ بۈگۈنكىدەك هالەتكە يەتكۈزگەنلىكىنى بىلىپ، ئۇنىڭغا راستىنلا قايىللىقىم ئاشتى.

— سىز بۇلارنى قانداق ۋۇجۇدقا چىقاردىڭىز؟ — دەپ سورىدىم مەن ئۇنىڭدىن.

ئۇ كۈلۈپ كېتىپ مۇنداق جاۋاب بەردى:

— بانكا كۆپ قېتىم قەرزلىرىمنى ئاز ـ ئازدىن كۆتۈرۈۋەت-
كەن بولدى. مەن تاكى بۈگۈنگە قەدەر ياشلارغا ياردەمدە بولۇپ
مۇنەۋۋەر مۇۋەپپەقىيەتچىگە ئايلىنىش تەڭرىگە خىزمەت قىلغانلىق
دەپ قارايمەن، شۇڭا مەن تەڭرىنىڭ مېنى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرى-
تىشىغا ئىشەنمەيمەن. مەن چوقۇم مەبلەغكە ئېرىشىمەن. مەندە
مەبلەغ ھەرگىز ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ. مەن «تەقدىم قىلىپ —
قانۇنىيەتكە ئېرىشكۈچى». بىز پەقەت ئىمكانىيىتىمىزنىڭ بارىچە
بەدەل تۆلىسەكلا تېخىمۇ نۇرغۇن نەرسىلەرگە ئېرىشىمىز.
مەن فرانكىنىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلىغاچ، ساماۋى كىتابلار-
دىكى مۇنۇ كەلىمىلەرنى يادىمغا ئالدىم:
«ئالەمدىكى بارلىق شەيئىلەرنىڭ ئىگىسى ئائىلەمنى يېمەك
ـ ئىچمەكتىن ئۈزۈپ قويماسلىق ئۈچۈن مەندىن ئۇندىن بىر
ئۈلۈش باج ئېلىپ سىناۋاتىدۇ. مېنى سىلەر جەننەتنىڭ ئىشىك-
نى ئاچالامسىلەر ـ ئاچالماسىلەر، سىلەرگە ناھايىتى نۇرغۇن
مېھرى ـ شەپقەت بەرسەم ئېلىپ كېتەلەمسىلەر؟ دەپ سىناۋاتى-
دۇ».

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئوڭۇشسىزلىقنى ئوڭۇشلۇققا ئايلاندۇرۇشتا «تەقدىم قىلىپ — قانۇنىيەتكە ئىگە بولۇش»

*«دىنىي دەستۇر» لاردا ئەڭ گۈزەل شەيئىلەر ئەڭ گۈزەل، نەپىس تىللار ئارقىلىق بايان قىلىنىدۇ. ئەمما ھەممىگە قادىر تەڭرىنىڭ بىزگە ئاتا قىلغان بايلىقلىرىنى تىل بىلەن بايان قىلىش تولىمۇ قىيىن.*

لوس ئىككىمىز توي قىلىپ ماددىي جەھەتتە ئىنتايىن نامرات ئۆتكەن چاغلاردىمۇ ئوخشاشلا خەيرى ـ ساخاۋەت قىلىپ، تەڭرىنىڭ چەكسىز مېھرى ـ شەپقىتىگە ئېرىشىپ كەلدۇق. فرانكا. بويىد بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبەتتىن شۇنى سەزدىمكى، بىز ئەر ـ خوتۇن ئىككىمىز 20 يىلنىڭ ئالدىدا ئەڭ ئادەتتىكى گۈللىنىش قائىدىسىنى يولغا قويۇپ كەپتۇق.

ماشىنا بىلەن دىيافىدتىن قايتىپ كېلىۋېتىپ لوس تارتىنغان ھالدا ماڭا مۇنداق دېدى:

— «تەقدىم قىلىپ — قانۇنىيەتكە ئىگە بولۇش» نى بىز ھازىرغا كەلگىچە يولغا قويۇپ كېلىۋاتىمىزغۇ؟ ئۇ بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزدىكى بۈيۈك ئەقىل ـ پاراسەت.

مەن:

— ئۇ بىزنىڭ ئەمەس، سېنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىڭ، مەن سەندىن ئۆگەنگەن، ئىلاھ سېنىڭ دىلىڭغا سالغان،ـ دېدىم.

بىز ئۇزۇن يىللاردىن بېرى بارلىقىمىزنى ۋەتىنىمىز ۋە قېرىنداشلىرىمىز ئۈچۈن تەقدىم قىلىپ كەلدۇق، ھېلىھەم تەقدىم

قىلىمىز. ئەمما بۇلار ۋەتىنىمىزنىڭ بىزگە بەرگەنلىرىگە سېلىش- تۇرغاندا دېڭىزدىن تامچە، خالاس.
مەن ھەرگىز بۇ خىل ئادەتنى ئۆزگەرتىشنى خالىمايمەن. چۈنكى مەن «تەقدىم قىلىپ — قانۇنىيەتكە ئىگە بولۇش» نىڭ ئۇزۇپ قويۇشقا بولمايدىغان ئۇسۇل ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن. بۇ كىشىلەرگە پۇل ياكى ماددىي نەرسىلەرنى بېرىش بىلەن چەكلەنمەيدۇ، كىشىلەرگە مۇھەببەت ئاتا قىلغاندا ياكى ياردەم قولىنى سۇنغاندا، مۇقەررەر ھالدا تېخىمۇ نۇرغۇن نەرسىلەرگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.
ئىشلار تازا يۈرۈشمىگەندە، ئۇنى ئوڭۇشلۇق تەرەپكە بۇ- راشتىكى ئەڭ ياخشى جاۋاب، شۇنداقلا ئوڭۇشسىزلىقنى ئۆزگەر- تىشتىكى ئاساسىي ئۇسۇل — «تەقدىم قىلىپ — قانۇنىيەتكە ئېرىشىشتۇر» . ساماۋى كىتابلاردا مۇنداق دېيىلىدۇ:
«سەۋرچان بولۇش، چوڭقۇر تەپەككۇر قىلىش كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا ئۇ كىشى بەختلىك بولىدۇ.
كىشى گويا سۇ بويىغا تىكىلگەن مېۋە كۆچىتىگە ئوخشاي- دۇ،
ۋاقتى كەلگەندە مېۋە بېرىدۇ.
ياپراقلىرىمۇ قۇرۇپ كەتمەيدۇ.
ئۇ نېمىلا ئىش قىلمىسۇن، يۈرۈشۈپ بېرىدۇ.»
«دىنىي دەستۇر» لاردا ئەڭ گۈزەل شەيئىلەر ئەڭ گۈزەل، نەپىس تىللار ئارقىلىق بايان قىلىنىدۇ. ئەمما ھەممىگە قادىر تەڭرىنىڭ بىزگە ئاتا قىلغان بايلىقلىرىنى تىل بىلەن بايان قىلىش تولىمۇ قىيىن.
شەرق پەيلاسوپلىرى مۇنداق دەيدۇ:
«ئۆزىنى سۆيمىگەن كىشى، رەببىنى سۆيمەيدۇ. ئۆزىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سۆيگەنلىك، رەببىنى سۆيگەنلىك».
بارلىق قانۇنىيەتلەرنى بەرپا قىلىشتىكى تەبىئىي كۈچ شۇنداقلا چەكسىز مەنبەدىن بىزگە ھېكمەت ئاتا قىلىدىغىنى يەنىلا مۇقەددەس «دىنىي دەستۇر»لاردۇر.
شۇڭا، ئىشلارنى تازا كۆڭۈلدىكىدەك ئېلىپ بارالماسلىقىمىز، بىزنىڭ «تەقدىم قىلىش — قانۇنىيەتكە ئېرىشىش»تىن ئايرىلىپ قالغانلىقىمىزدۇر. ئىشلارنى ياخشى تەرەپكە بۇرايمىز دەيدىكەنمىز، چوقۇم دىيانەتلىك كىشىلەرنىڭ مول تەجرىبىلىرى بىلەن تېخىمۇ تولۇق بىرلەشتۈرۈشىمىز كېرەك.

# «ھەممە غايىۋى نىشانغا قاراپ تەرەققىي قىلماقتا»

***بايلىق ۋە خۇشاللىق گۇمانغا تولغان قەلبنى ماكان تۇتمايدۇ، گۇماندىن ئىمان قاچىدۇ دېگەننى ھەرگىز ئۇنۇتماڭ.***

دوكتور سامىر. جونسون مۇنداق دېگەن:
«ئۇچۇق – يورۇق كۆز قاراشنىڭ قىممىتى ئالتۇنغا تەڭ»
.

مېنىڭچە ئۇنىڭ قىممىتى ئالتۇندىنمۇ ئارتۇق، چۈنكى پاسسىپ قاراشنىڭ ئىنكار قىلىش ئېغى كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ نۇرلۇق تەرىپىنىڭ تەتۈرسى بولۇپ، ئۇ يورۇقلۇقنى توسۇۋالىدۇ.

بايلىق ۋە خۇشاللىق گۇمانغا تولغان قەلبنى ماكان تۇتمايدۇ، گۇماندىن ئىمان قاچىدۇ دېگەننى ھەرگىز ئۇنۇتماڭ.

ھەر كۈنى ئەتىگەندە كۆڭلىڭىزدە، بارلىق شەيئىلەر غايىۋى نىشانغا قاراپ ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ، شۇڭا ئىشكنى ئۇلۇغ ئېچىۋېتىش كېرەك، يېڭى پۇرسەت كېلىش ئالدىدا تۇرماقتا، بارلىق ئىشلار ياخشى بولۇپ كېتىدۇ، دەپ ئويلاڭ.

تىنچسىز بۇ كۈچلۈك كۈشەندىنى كۆڭلىڭىزنىڭ چوڭقۇر قېتىدىن سۈپۈرۈپ چىقىرىۋەتسىڭىز، ئىجادىي تەپەككۇرىڭىز قوزغىلىپ، ئىشلىرىڭىز سىز ئويلىغان نىشانغا قاراپ تەرەققىي قىلىدۇ. ئويىڭىزنى ئۆزگەرتمەكچى بولسىڭىز، چوقۇم مۇشۇنداق

ئىشەنچكە ئىگە بولۇشىڭىز كېرەك. ئەگەر ئىشەنچىڭىزدە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرسىڭىز، ھەممىگە قادىر تەڭرى زېمىنلەرگە شىپالىق يامغۇر ئاتا قىلغاندەك، سىزگىمۇ چەكسىز خۇشاللىق ئاتا قىلىدۇ».

# «ئىشلار قانچە ئوڭ كەلمىگەن» سىرى، شۇنچە ئاسان پاكىتقا ئايلىنىپ قالىدۇ

*تىل دېگەن پىسخىك تەسەۋۋۇرنى ئىپادىلەيدۇ، ئىشلار تازا يۇرۇشمىگەندە، ئۆز كەسپىڭىزگە بىر مەغلۇبىيەتچى سۆيپىتىدە مۇئامىلە قىلىسىڭىز، شەك ـ شۈبھىسىزكى يۇلسىرات كۆۋرۈكىدىن ئۆتكەندەك قىيىن ئەھۋالدا قالىسىز.*

سىز ھەرگىز تەگرىدىن ماڭا تولىمۇ بىخىللىق قىلىپ كەتتى ياكى پۇل، مىلىم يېتىشمەيۋاتىدۇ، دەپ ئاغرىنماڭ. چۈنكى «يېتىشمەيدۇ» دېگەن بۇ گەپنىڭ ئۆزىمۇ ياخشىلىقنىڭ بېشارىتى ئەمەس. «يېتىشمەيدۇ» دېگەنسىرى يېتىشمەيدىغان گەپ، «يې-تىشمەيدۇ» دېگەن بىلەن «يېتىشىدۇ» دېگەن گەپ ئوتتۇرىسىدا بىر نەچچە ھەرپلا پەرق قىلىدۇ. كۆپ بويىچە ھەرگىز ھالىم خاراب دەپ يۇرۇۋەرمەسلىك كېرەك. ئەقىللىق چارلىس. فىموبا مۇنداق دېگەن:

«‹يوق› دېيىش ھەمىيىنىڭىزنىڭ ئاغزىنى چىڭ ئېتىۋېتى-دۇ، ھەممىگە قادىر ئىلاھمۇ ھەمىيىنىڭىزغا بىر تىيىن پۇل سې-لىشنى خالىماي قالىدۇ، شۇڭا، كاللىمىزنىڭ ھەربىر بۇلۇڭلىرىنى مول، گۈزەل، بار دېگەن سۆزلەر بىلەن تولدۇرۇۋېتىشىمىز كې-رەك.»

ھەركۈنى ئەتىگەندە: «مول، مول، مول» دەپ، ئاندىن «پۇرسەت، پۇرسەت، پۇرسەت» دەپ ئۈنلۈك دېكلاماتسىيە قى-لىپ بېرىشىمىز كېرەك.

www.uyghurkitap.com

بۇ چاغدا «مول» دېگەن سۆز بىلەن «پۇرسەت» دېگەن سۆزنىڭ ئوبرازىنى ئېنىق تەسەۋۋۇر قىلىپ كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈشىمىز، پاسسىپ قاراڭغۇ ئىدىيىلەردىن ۋاز كېچىپ، قەلبىمىزنى يورۇق، ئۈمىدۋار، ئاكتىپ تەپەككۇر بىلەن سۇغۇرۇشىمىز كېرەك.

«يېتىشمەيدۇ» دېگەن سۆزنى ئويلاشقىمۇ، دېيىشكىمۇ بولمايدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا «يېتىشمەيدۇ» دېگەن سۆز خەتەرلىك رېئاللىققا ئايلىنىپ قالىدۇ. ئەگەر سىزدە ئاشۇ خىل ئىنكار خاراكتېرلىك ئوي باش كۆتۈرسە، ئۇنداقتا سىزنىڭ روھىي دۇنيارىڭىز پاسسىپ تەرەپكە قاراپ سىلجىيدۇ. «ھەممە ئۆز خىلى بىلەن» دېگەن گەپنى ھەرگىز ئېسىڭىزدىن چىقارماڭ.

ئەگەر سىزدە ئىنكار خاراكتېرلىك ئاڭ بولىدىكەن، ئىنكار خاراكتېرلىك نەتىجىمۇ يۈز بېرىدۇ. خەيرىلىك بولمىغان ئىشنى ھەرگىز ئويلىماڭ ياكى ئېغىزىڭىزدىن چىقارماڭ. «دىنىي دەستۇر»لاردا مۇنداق ۋەدە بېرىلگەن:

«سىز ئېغىزىڭىزدىن مەلۇم خىتابنى چىقارسىڭىز، ئۇ سىزگە نىسبەتەن ئۆزگەرمەس رېئاللىققا ئايلىنىپ قالىدۇ».

ئۆزىڭىزنى «نامرات» دېسىڭىز، بۇ ئۆزىڭىزنى نامرات دەپ جاكارلىغان بىلەن تەڭ. تىل دېگەن پسىخىك تەسەۋۋۇرنى ئىپادىلەيدۇ، ئىشلار تازا يۈرۈشمىگەندە، ئۆز كەسپىڭىزگە بىر مەغلۇبىيەتچى سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلسىڭىز، شەك ـ شۈبھىسىز پۇلسىرات كۆۋرۈكىدىن ئۆتكەندەك قىيىن ئەھۋالدا قالىسىز.

قانداق ئويدا ئىكەنلىكىڭىزنى پۈتۈنلەي ئۆزىڭىز قارار قىلىسىز، ناۋادا سىزدە مەغلۇبىيەتچىلەردىكى تەسەۋۋۇر بولسا، دەرھال ئۇنى ئاۋۋالقى تەسەۋۋۇرىڭىز بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، تالاش ـ تارتىش قىلمايدىغان پاكىتقا ئايلاندۇرۇڭ. ئادەم ئۆزىنى چېنىق-

تۇرۇپ، تەپەككۇر قىلىپ، بارلىق ئىشلارنى غايىۋى نىشانغا تەرەققىي قىلدۇرغانغا يەتمەيدۇ.

تىل ۋە تەپەككۇر سىزنىڭ كەلگۈسىڭىزگە نىسبەتەن ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۆزىڭىزنى ھەممە نېمەم يېتىشمەيدۇ دەپ قارىسىڭىز ۋە «يېتىشمەيدۇ» دېگەن گەپنى دەۋەرسىڭىز بۇ گەپنىڭ ئەمەلىيەتكە ئايلىنىپ قالىدىغانلىقىنى ھەرگىز ئۇنۇتماڭ.

شۇنداقلا گۈزەل ئارزۇ ـ ئۈمىدلەرنىڭ سىزنى مۇۋەپپەقىيەت يولىغا باشلاپ بارىدىغانلىقىنى ھەرگىز ئەستىن چىقارماڭ، چۈنكى «تىلىسەڭ تاپارسەن» دېگەندەك، ئىشلار ھەمىشە بىز ئويلىغاندەك، بىز دېگەندەك، بىز تىلىگەندەك، بىز تەسەۋۋۇر قىلغاندەك بولۇپ چىقىدۇ.

بۇ كىتابتا بايان قىلىنغان ئومۇمىي قائىدىلەرنىڭ ھەممىسى ئېنىق پاكىت، شۇنداقلا نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ تەجرىبىلىرى ئارقىلىق ئىسپاتلانغان ھەقىقەت. بۇ پرىنسىپلارغا ئىشەنگەن ۋە بۇ پرىنسىپلارنى ئەمەلىي تۇرمۇشتا جانلىق قوللانغان كىشىلەرگە ئايانكى، ئۇلار مۇشۇ پرىنسىپلار ئارقىلىق ئىشلىرىنى ھەقىقەتەن ياخشى ھەل قىلغان.

ئەگەر سىز مۇشۇ پرىنسىپلارغا ئىشەنچ قىلالىسىڭىزلا، ئىشىنىشكە جۈرئەت قىلسىڭىزلا، ھەرقانداق ئىش ئۈستىدىن غەلىبە قىلالايسىز. ئۇ بىر تۇرلۇك ھەقىقەت، ئۇ بىر بەخت.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

# «روھ» نىڭ بىلىنى رۇسلاڭ

*ئادەم ھاياتتا ئۇنداق ـ مۇنداق خاتىرجەمسىزلىكلەردىن، روھىي جەھەتتە ئاز ـ تولا تەۋرىنىشلەردىن خالىي بولغىلى بولمايدۇ. شۇڭا ئادەم ئۆزىنى ئۆزگەرتمەي تۇرۇپ ھال ـ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ.*

بىر قېتىم مەن شەھەر رايونىدىكى بىر ئۇيۇشمىنىڭ زالىدا نۇتۇقۇمنى تۈگىتىپ چىقسام، روھى ناھايىتى چۈشكۈن بىرەيلەن دەم ئېلىش ئۆيىدە ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ ئەمدىلا 30 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان ياش بولسىمۇ، ئەمما ئۈمىدسىزلىك پاتقىقىغا پېتىپ قاپتۇ. ئۇ مېنى ئۆزىنىڭ «ئەڭ ئاخىرقى نىجاتچىسى» دەپ، مەندىن قانداق قىلغاندا ھازىرقى ئەھۋالنى ئۆزگەرتكىلى بولىدىغانلىقىنى، قانداق قىلغاندا كىشىلىك تۇرمۇشنى يېڭىۋاشتىن بەرپا قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى سورىدى.

مەن دەرھال ئۇنىڭغا ئۆزۈمنىڭ ئۇنىڭ «ئەڭ ئاخىرقى نىجاتچىسى» ئەمەسلىكىمنى، ئۇنىڭ ئۆزىگە تايىنىش كېرەك ئىكەنلىكىنى ئېيتتىم. ئەمما مەن ئۇنىڭغا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ياردەم قىلىشنى خالايدىغانلىقىمنى بىلدۈردۈم.

مەن ئۇنىڭ دىل غەشلىكىنى تىڭشىغاچ، بويىنىڭ 180 ـ 190 سانتىمېتىر كېلىدىغانلىقىنى بايقىدىم.

مەن تۇيۇقسىز ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ:

— مېنىڭچە سىز بىر ئىشنى ئورۇنلاڭ، ـ دېدىم.

ئۇ تولىمۇ ھەيران بولغان ھەم غەمگە پاتقان ھالدا:

— نېمە ئىشنى دەيسىز؟ — دەپ سورىدى.
— ئىمكان بولسا بېلىڭىزنى بىر رۇسلاپ، قەددىڭىزنى تىك تۇتۇڭ، — دەپ تەلەپ قويدۇم.
ئۇ مېنىڭ گېپىمگە قوشۇلغان بولسىمۇ، ئەمما ئىككى مۈرىسى يەنىلا دەرمانسىزلىقتىن چۈشۈپ كېتىپ باراتتى. مەن ئۇنىڭدىن:
— بويىڭىز قانچىلىك كېلىدۇ؟ — دەپ سورىدىم.
— تىك تۇرسام 180 سانتىمېتىر كېلىدۇ، — دېدى.
مەن ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئېيتىپ:
— قالتىسكەنسىز، 180 سانتىمېتىر بوي دېگەن ھەقىقىي ئەركەكلەردىلا بولىدۇ، — دېدىم.
ئۇنىڭ چېھرىدە يەنىلا ھەيرانلىق ئالامەتلىرى ئۆچمىگەن ئىدى. ئۇ بېلىنى تېخىمۇ رۇسلاشقا ئۇرۇناتتى، ئۇنىڭ شەمشادتەك قەددى - قامىتى ھەقىقەتەن كىشىنىڭ ھەۋىسىنى قوزغايتتى.
— بايامقىدەك مۈكچىيىپ تۇرغاندىن ھازىرقىدەك گەۋدىڭىزنى كۆتۈرۈپ تۇرسىڭىز كۆڭلىڭىزمۇ كۆتۈرۈلۈپ قالىدۇ ئەمەسمۇ؟ — دېدىمەن، ئۇنىڭغا.
— توغرا، ئاجايىپ ئىش، ھازىر روھىي ھالىتىم خېلى كۆتۈرۈلۈپ قالدى، — دېدى ئۇ.
شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا تۆۋەندىكى تەكلىپنى بەردىم:
— مەن سىزگە قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلۇشنىڭ ئۇسۇلىنى ئۆگىتىپ قوياي، ئۇ بولسىمۇ تۆۋەندىكى ئۈچ ئىشقا دىققەت قىلىڭ: بىرىنچىدىن، ھەر كۈنى بېلىڭىزنى رۇسلاپ قەددىڭىزنى بىر نەچچە قېتىم تىك تۇتۇڭ، ئىمكان بار بېشىڭىزنى ئاسمانغا تاقاشقىدەك ئېگىز كۆتۈرۈپ يۈرۈڭ، ياراتقۇچى ئىگەم سىز بىلەن

بىزنى ياراتقاندا، قىلىچ دەستىدەك تىك تۇرسۇن دەپ ياراتقان. سىزگە باش ئاتا قىلغاندىن كېيىن، بېشىڭىزنى ئېگىز كۆتۈرۈپ يۈرۈشىڭىز كېرەك. ناۋادا بىر ئادەم دائىم مۇشۇنداق توغرا قىياپەتنى ساقلىسا، مەيلى ئۇنىڭ بويىنىڭ قانچىلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممىسى ئۆزىنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشىنى ۋە يولۇقتۇرغان مۇشكۇل ئەھۋاللارنى ئۆزگەرتىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلەيدۇ. شۇڭا بەلنى رۇسلاپ قەددىمىزنى تىك تۇتۇشىمىز كېرەك. ئىككىنچىدىن، دائىم خۇشاللىق ئىشلارنى، ئۇلۇغۋار نىشان ۋە مۆۋەپپەقىيەتلەرنى ئويلاپ تۇرۇشىمىز كېرەك. بۇ روھىي جەھەتتە بەلنى رۇسلاش دەپ ئاتىلىدۇ. سىزنىڭ بايام ئېيتقانلىرىڭىز ئىنتايىن پاسسىپ، ئادەمنى قايغۇغا سالىدىغان مەغلۇبىيەتلىك ئىشلار ئىكەن. مانا ئەمدى سىز بېلىڭىزنى رۇسلاپ قەددىڭىزنى تىك تۇتىسىز، ئەڭ ياخشىسى روھىي جەھەتتىمۇ مانا مۇشۇنداق قەددىڭىزنى تىك تۇتۇڭ، ئاندىن كەسكىن ھالدا: «ھەرقانداق ئىشنى چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرالايمەن» دەڭ.

مەن ئۇنىڭغا ھەرقانداق چاغدا قەددىڭىزنى تىك تۇتۇپ تۇرۇڭ، قەددىڭىزنى تىك تۇتۇش توغرىسىدا كۆپرەك ئويلىنىڭ، ئۆزىڭىزنى جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتە مۇئەييەنلەشتۈرىدىغان يۈكسەكلىكتە تۇرۇڭ، دېدىم.

مەن يەنە ئارقىدىن ئۇنىڭغا مۇنۇلارنى دېدىم:

— ئۈچىنچىدىن، روھنىڭ بېلىنى رۇسلاڭ، ئىلاھىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى يادىڭىزغا كەلتۈرۈڭ، ھەر كۈنى ئەڭ مۇئەييەنلەشتۈرىدىغان تەلەپپۇز بىلەن: «مەن ھەرقانداق ئىشنى قىلالايمەن، ئىشنى ھازىردىنلا باشلايمەن» دەپ ئۈن قېتىم دەڭ.

مەن سۆزلەپ بۇ يەرگە كەلگەندە، ئۇ مېنىڭ گېپىمنىڭ مەنىسىنى ھەقىقىي چۈشىنىپ يەتتى، شۇنداقلا ئۇ غەلىبە قازد-

نشقا بولغان ئارزۇنى ھەقىقىي ھېس قىلدى.
— پېيىر ئەپەندى، مەن چۈشەندىم، سىزگە كۆپتىن كۆپ رەھمەت، مەن ئۆزۈمنىڭ نېمە قىلىش كېرەكلىكىمنى چۈشىنىپ يەتتىم.
ئۇ گېپىنى تۈگىتىپلا ناھايىتى كۆتۈرەڭگۈ ھالدا تۈن قوينىغا كىرىپ كەتتى.
بۇ كىشى ھەقىقىي يوسۇندا ئۆزگىچە قايتىپ، يېڭى ھاياتقا ئېرىشتى. ۋەھالەنكى ھاياتتا ئۇنداق ـ مۇنداق خاتىرجەمسىزلىك-لەردىن، روھىي جەھەتتە ئاز ـ تولا تەۋرىنىشلەردىن خالىي بولغىلى بولمايدۇ، ئەمما ئۇ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى، چۈنكى ئۇنىڭ ئويى ئۆزگەردى، پوزىتسىيىسىمۇ ئۆزگەردى. ئۇ ئۆز قەلبىدىكى خۇش خەۋەرنى سەزگەن ئىدى.
ئومۇمەن، ھەرقانداق ئادەم ئۆزىنى ئۆزگەرتمەي تۇرۇپ ھال ئەھۋالىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۆز ئەتراپىدىكى ئەھۋال-لار ئۇنىڭ روھىي ھالىتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولىدۇ. ئەگەر ئۆزىڭىزنىڭ ئىچكى دۇنيارىڭىزنى ئۆزگەرتىپ، ئۆزىڭىزنى يېڭى ھاياتقا ئېرىشتۈرسىڭىز، ھەرقانداق ئەھۋالغا يۈزلىنەلەيسىز، ئۇنى ئۆزگەرتەلەيسىز. بۇ ئىنتايىن ئەپچىل، توغرا، ئەمەلىي پاكىت.
ئىلاھ ئۆزىنى سۆيگەنلەر ئۈچۈن ھازىردۇر، ئەمما نۇرغۇن كىشىلەر تېخىچە ئۇنى ئويلاپ يەتمىدى.

www.uyghurkitap.com

پوزىتسىيە ھەممىنى بەلگىلەيدۇ!

# ئالتىنچى باب بۈگۈننى چىڭ تۇتۇڭ

## — «بۈگۈن» دىن تولۇق پايدىلىنىڭ



www.uyghurkitap.com

# بۈگۈننى ئىشلارنىڭ ھەممىسى ناھايىتى ياخشى

*«بۈگۈن» ھەممىگە قادىر تەڭرى ياراتقان، بىز «بۈگۈن» دىن تولىمۇ خۇشال.*
*«بۈگۈن» ، مۇشۇ بىر كۈن پەقەت 24 سائەت، ئۇ ھەش ـ پەش دېگۈچە ئۆتمۈشكە ئايلىنىپ كېتىدۇ. شۇڭا ئۇنى چىڭ تۇتۇشىمىز كېرەك.*

«بۈگۈن» دىن ئىبارەت بۇ بىر كۈن پۇرسەت، خۇشاللىق، ھەۋەس ۋە مۇۋەپپەقىيەتلەر بىلەن مۇجەسسەملەنگەن بولىدۇ. ھەتتا ئۇ ئاز دېگەندە 16 سائەتتىن ئارتۇق سەگەك ۋاقىتلار بىلەن تەمىن ئېتىلگەن بولىدۇ. «بۈگۈن» بىزنىڭ ئەھمىيەتلىك ئۆتكۈزۈشىمىز ئۈچۈن ئاتا قىلىنغان، شۇنداقلا بارلىق كىشىلەر ئۈچۈن قىلىنغان بىباھا سوۋغىدۇر.

«بۈگۈن» پۈتۈنلەي ئۆزىمىزگە تەۋە. شۇڭا بۇ گۈزەل بىر كۈننى ئىجادچانلىق بىلەن ئۆتكۈزۈشىمىز كېرەك. «بۈگۈن» نى ياخشى داۋاملاشتۇرغاچ، ئۇنىڭ كەينىدىن كېلىدىغان ھەربىر كۈننى ئۈمىدۋارلىق بىلەن كۈتۈۋېلىپ، ھەربىر كۈننى بىر ئېسىل ئامىلغا ئايلاندۇرۇشىمىز كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، ھەر كۈنى كۆڭلىمىزگە پۈكۈپ چىققان ئۇلۇغۋار مەنزىرىلەرنى روياپقا چىقارغىلى بولىدۇ.

يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان، مېنىڭ ھەر كۈنى سەھەر ئورنۇمدىن تۇرۇپ قىلىدىغان بىرىنچى ئىشىم ئىجادىي

كىتابلاردىن كۆچۈرۈۋالغان ئۇمىدۋارلىققا تولغان، ئەڭ كۈچلۈك ھېكمەتلىك ئىبارىلەرنى دېكلاماتسىيە قىلىش. ماڭا كۆپ قېتىم مۆجىزە خاراكتېرلىك مۆۋەپپەقىيەتلەرنى ئاتا قىلغان ھېكمەتلىك سۆزلەرنى بەزىدە تېشىمدا، بەزىدە ئىچىمدە ئوقۇپ، بۇ ئارقىلىق ئىدىيە ۋە ئېتىقادىمغا ئىلھام بېرىش، «بۈگۈن» كى خىزمەت ۋە تۇرمۇشقا پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن ئاتلىنىشتىن ئىبارەت. مەن نۇتۇق سۆزلىگەندە، ئەسەر يازغاندا ياكى شەخسىي سۆھبەتلەر-دە، نەچچە مىڭ ئادەمگە سەھەر تۇرۇپ بۇ ئادەتنى يېتىلدۈرۈشنى تەۋسىيە قىلدىم. شەك شۈبھىسىزكى، بۇ ئادەت بىزنىڭ بىر كۈنىمىزنى تېخىمۇ گۈزەل، تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك قىلىدۇ. تۆۋەن-دىكىلەر بولسا ماڭا تولۇپ – تاشقان ھاياتىي كۈچ بېغىشلىغان سۆزلەردۇر:

«بۈگۈن» نى ھەممىگە قادىر ئاللاھ ياراتقان، بىز «بۈ-گۈن» دىن تولىمۇ خۇشال.

«بۈگۈن» ، مۇشۇ بىر كۈن پەقەت 24 سائەت، ئۇ ھەش – پەش دېگۈچە ئۆتمۈشكە ئايلىنىپ كېتىدۇ. شۇڭا ئۇنى چىڭ تۇتۇۋېلىشىمىز كېرەك. بىر ئادەم 80 يىل ياشىدى دېسەك، ئۇ 29200 كۈن بولىدۇ. ھەربىر كۈن «سىزنىڭ ۋاقتىڭىز» نىڭ سىمۋولى.

«بۈگۈن» سىزگە مەنسۇپ، «بۈگۈن» دىن چوقۇم ماھىر-لىق بىلەن پايدىلىنىڭ.

بۇ ھېكايە ياۋروپادا يۈز بەرگەن، ۋاقتى سائەت بىر، تېمپې-راتۇرا نۆلدىن تۆۋەن 18 گرادۇس. ھاۋانىڭ سوغۇقلۇقىدىن قوللار مېتالغا تەگسە چاپلىشىپ قالاتتى. بەستلىك، گىرۋى كەل-گەن بىر ئامېرىكا ئەسكىرى ماي باكقا يۆلەنگىنىچە، كىچىك قەلەمتىراش بىلەن پۇرچاق مۇراباباسىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ يەۋا-تاتتى.

بىر مۇخبىر بىر چەتتە قاراپ تۇراتتى. ئۇ يېقىندا يۈز بەرمەكچى بولغان بىر مەيدان كەڭ كۆلەملىك ئۇرۇشنى يادىغا ئېلىپ، ئۇنىڭغا مۇنداق بىر پەلسەپۋى مەسىلىنى قويدى.

— ناۋادا مەن سىزنىڭ ھەرقانداق ئارزۇيىڭىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا قادىر ئىلاھ بولغا بولسام، سىز مەندىن نېمىنى ئۈمىد قىلغان بولاتتىڭىز؟

ھېلىقى ئەسكەر كىچىك قەلەمتىراش بىلەن سېرىق پۇر-چاقنى ئېلىپ يېگەچ ماڭا:

— مەن «بۈگۈن» گە ئېرىششنى ئارزۇ قىلاتتىم- دەپ جاۋاب بەردى.

مېنىڭچە ھەممە ئادەم مۇشۇنداق جاۋاب بېرىشى مۇمكىن. ھەممىمىز ئۆزىمىزنىڭ نىشانىغا قاراپ توختىماي ئىلگىرىلىمەكتى-مىز. مەيلى بىزنى قانداق كۆلپەتلىك تەقدىر، مەغلۇبىيەت، قىيىنچىلىقلار كۈتۈپ تۇرمىسۇن، ئۆز نىشانىمىزنى ئەمەلگە ئا-شۇرۇپلا قالماستىن، يەنە بۇ جەريانلارنى خۇشال - خۇرام ئۆتكۈزۈپ، غەلىبە قازىنىشقا بولغان قانائەت تۇيغۇسىدىن بەھرە ئېلىشىمىز كېرەك.

# «بازغان ئەينەكنى ئۇۋۇتىۋەتكەن بىلەن، پولاتنى تاۋلاپ چىقىدۇ»

*ناۋادا سىز ياخشى ماتېرىيال بولسىڭىز، ئوڭۇشسىزلىق سىزنى ۋەيران قىلىۋەتمەي، ئەكسىچە سىزنى پولاتتەك مۇستەھكەم قىلىپ تاۋلاپ چىقىدۇ. ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، كۆڭلىڭىزدە ناخۇش كۈنلەرنى شېرىن، ئېسىل دەملەر دەپ خىيال قىلىڭ.*

مەن ئايالىم لوس بىلەن نويابىرنىڭ مەلۇم بىر كۈنى، كانادانىڭ ياربات رايونىغا زىيارەتكە باردىم. ئۇ ئىنتايىن گۈزەل جاي ئىكەن. بىپايان يايلاقلار لەرزان شامالدا دېڭىزدەك تەۋرىنىپ تۇراتتى. يىراقتىكى لوس ئانژېلىس تاغ تىزمىلىرى مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. كالگىرىدىكى نۇتۇقنى تۈگىتىپ، بىر كۈن تۇرۇپ ئەتىسى لوس بىلەن ئايرودرومغا قاراپ ماڭدىم.

ئايروپىلان ئۇچۇشقا يەنە بىر سائەتتىن ئارتۇقراق ۋاقىت بار ئىدى. شۇ تاپتا كۆڭلىمىز شۇنچىلىك كۆتۈرەڭگۈ ئىدى. بىز پىيادە سەيلە قىلىپ كەلمەكچى بولۇپ چەكسىز كەتكەن بىر يايلاققا كەلدۇق. ئالدىمىزدا ھەيۋەتلىك لوس ئانژېلىس تاغ تىزمىلىرى يىلاندەك سوزۇلۇپ ياتاتتى. تاغلار قېلىن قار بىلەن چۈمكەلگەن بولۇپ، قۇياش نۇرىدا گويا سانسىزلىغان ئالماسلاردىن نۇر چاقنىغاندەك نۇر چاقنايتتى. بىز كۈمۈشتەك ئاپپاق قار بىلەن پۈركەنگەن تاغ چوققىلىرىدىن جەمئىي 62 نى ساناپ چىقتۇق. مەن: «نېمىدېگەن گۈزەل!» دەپ ماختاپ كەتتىم. ئەتىگەندىكى خۇشاللىق ۋە ئەتراپتىكى گۈزەل مەنزىرىلەردىن لوسنىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى.

يامغۇردىن كېيىن بىز ئولتۇرغان ئايروپىلان پاكار جىلغىلا-
ردىن كېسىپ ئۆتتى. دېرىزىدىن قارايدىغان بولساق ئاقۋاش
چوققىلار كۆپكۆك ئاسمان ئاستىدا دەريا ئۆركەشلىرىدەك ئۇزۇل-
مەيتتى.

مەن بۇ مەنزىرىلەردىن تولىمۇ ھاياجانلىنىپ ئايالىمغا:
— مەن بۇ يەرنىڭ مەنزىرىلىرىگە كۆيۈپلا قالدىم، مىنىڭ
بۇ بېھىشتەك گۈزەل دىياردىن ئايرىلغۇم كەلمەيۋاتىدۇ، يەنە
ئۇزۇنراق ياشىسام بوپتىكەن. نېمىدېگەن سېھرىي كۈچكە تولغان
ئۇلۇغ مەنزىرىلەر — ھە!— دېدىم.

ئەمەلىيەتچىل لوس ماگا مۇنداق جاۋاب بەردى:
— شۇنداق، ئۆزىڭىز داۋاملىق ئاغزىڭىزدىن چۈشۈرمەيدى-
غان ئاكتىپ تەپەككۇردا بولسىڭىز چوقۇم ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرە-
لەيسىز. كۆڭلەر ناھايىتى ئۇزۇن، بىز بۇنىڭدىن كېيىنكى ھەربىر
كۈننى ياخشى كۆتۈۋېلىپ، ھەربىر كۈننى گۈزەل ۋە رومانتىك
ھېسلاردا ئۆتكۈزەيلى، ئىلاھ بىزگە ئاتا قىلغان ھايات خۇشاللىق-
لىرىدىن بەھرە ئالايلى!

دوستۇم، «بۈگۈن» سىزگە مەنسۇپ! «بۈگۈن» نى ھەقى-
قىي چىڭ تۇتۇڭ، «بۈگۈن» نى قەدىرلەڭ، «بۈگۈن» ئىچىدە
ياشاڭ.

بۇنداق دېسەم ئېھتىمال بەزىلەر مېنى سىز خۇددى سەبىي
قىزچاقلاردەك بەك رومانتىك ئىكەنسىز، دەپ ئەيىبلىشى مۇمكىن.
بەزىلەر ئېھتىمال مەندىن:
— ئېغىر كۆلپەتلىك قىسمەتلەرگە يولۇقسىڭىز قانداق
قىلىسىز؟ زۇلمەت باسقان پاجىئەلىك كۈنلەرنىمۇ شاد — خۇراm-
لىق ئىچىدە ئۆتكۈزمەكچىمەن دەپ ئېيتالامسىز؟— دەپ سورىشى
مۇمكىن.

ئەمەلىيەتتە، ھېچكىم مەندىن بۇنداق مەسىلەرنى سوراپ

باقمىدى. بۇ پەقەتلا ئۆز ـ ئۆزۈمگە سوئال قويۇپ، ئۆز ـ ئۆزۈمنى سوراققا تارتىشىم.

ئەلۋەتتە مەن نۇرغۇن ئوڭۇشسىزلىقلارنى باشتىن كەچۈردۇم. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، ھايات سەپىرىدە ئوڭۇشسىزلىقلارغا يولۇققاندا، ئاكتىپ كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىغا ئىگە بولۇشنىڭ مۇھىملىقىنى تەشەببۇس قىلىۋاتىمەن. گەرچە ئادەم ھاياتتا بەزىدە نۇرغۇن مۈشكۈللەرگە ئۇچرىسىمۇ، ئەمما كۆپىنچە ھاللاردا تەسەۋۋۇردىكىدەك ئۇنداق ئېغىر ئەھۋاللارغا قالمايدۇ.

«بۈگۈن»، بىزگە نېمىنىلا سوۋغا قىلمىسۇن ھەممىسى ئۆزىمىزگە مەنسۇپ، خۇددى ئوسال ئەھۋالدىمۇ ئېسىل نەتىجىلەرگە ئېرىشكەنگە ئوخشاش، مۇشۇ بىر كۈندىن تولۇق پايدىلىنىشىمىز كېرەك. بۇ يەردىكى مەخپىي سىر، ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئۈمىدكە ئىنتىلىش، ئوڭۇشسىزلىق ئىچىدە ئىشەنچكە ئېرىشىش!

نيۇيورك يانكى ئەترىتىنىڭ مەشھۇر دىرېكتورى، مەرھۇم كاتى. سېتىنجېر ئەنە شۇنداق ئويدا بولغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، كاتى مەغلۇبىيەتتىن قورقمىغان. ھەر قېتىم مەغلۇپ بولغاندا، كېيىنكى قېتىمقى غەلىبىگە بولغان ئۈمىدىنى ئۇنتۇپ قالمىغان. مەغلۇبىيەت ئۇنى تېخىمۇ ھاياجانلاندۇرغان. بۈگۈن ئۇ ئىنتايىن ئازابلىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان بولسا، ئىككىنچى كۈنى مەغلۇبىيەتنى پۇرسەتكە ئايلاندۇرغان.

ئۆزۈمنى ئېلىپ ئېيتسام، مەيلى قانداق ئوسال ئەھۋالدا قالماي ياكى قانداق ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرىماي، ھامان «بازغان ئەينەكنى ئۇۋۇتىۋەتكەن بىلەن پولاتنى تاۋلاپ چىقىدۇ» دېگەن ھېكمەت بىلەن ياشاپ كېلىۋاتىمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# «بوگون»كى مەخپىي سىردىن چىۋەرلىك بىلەن پايدىلىنىڭ

*ئى! پەرۋەردىگار ماڭا ئۆزگەرتىش مۇمكىن بولمايدىغان ئىشلارنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلالايدىغان تىنچ قەلب ئاتا قىلغايسەن.*

لېيتېنانت ماكس. كرىران ئەسلىدە ناھايىتى ساغلام بىر ياش ئىدى. ئۇ قىسمەن مەجبۇرىيەت ئۆتەۋېتىپ، گىرانات پارتلاپ كېتىپ، سول بېلىكى بىلەن ئىككى پۇتىدىن ئايرىلىپ قالدۇ. بىر نەچچە ئاي تولىمۇ ئېغىر ئازاب تارتىدۇ. ھېچكىم ئۇنى بۇنىڭدىن كېيىن ئىجادىي خاراكتېرلىك تۇرمۇش يارىتار دەپ ئويلىمايدۇ.

كرىران ئېتىقادتا ناھايىتى كۈچلۈك ئادەم، ئۇنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى جاراڭلىق كۈلكىلىرى بىلەن باشقىلارنى تەسىرلەندۈرەلەيدۇ، باشقىلارنى كۈلدۈرەلەيدۇ، ئۇ تالاپەتكە ئۇچرىغاندىن كېيىنمۇ بۇ ئالاھىدىلىكنى يوقىتىپ قويمىدى. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭمۇ ئۈمىدسىزلەنگەن ياكى قاتتىق مەيۈسلەنگەن چاغلىرى بولغان.

ئۇزۇن ئۆتمەي، كرىران يۇرتى جورجىيە شتاتىغا بېرىپ، ئىككى نۆۋەت شتات پارلامېنت يىغىنىنىڭ ئەزاسى بولدى.

كېيىن ئۇ مۇئاۋىن شتات باشلىقلىق ۋەزىپىسىگە رىقابەتلىشىپ ئوتتۇرىغا چىقىشتا مەغلۇپ بولۇپ، يەنە بىر قېتىم زەربە يېدى. شۇ ھالەتتىمۇ بەختلىك تۇرمۇشنى يەنە ئەسلىگە كەل-

تۇردى.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ پارلامېنت ئەزالىقىغا سايلانغاندىن كېيىن، قاتتىق يامغۇردا ماشىنا بىلەن ۋاشىنگتونغا كېتىۋېتىپ:

«مەن تۇيۇقسىز ئۆزۈمنىڭ كۈچىگىلا تايىنىپ ھېچنېمە قىلالمايدىغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. ئەشۇ يامغۇرلۇق يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولدا، يۇقىرى ئاۋازدا: ئاھ، پەرۋەردىگار، ماڭا كۈچ ـ قۇدرەت ئاتا قىلغىن، ماڭا مەدەت بەرگىن! مەن گەرچە سول قولۇمدىن، ئىككى پۇتۇمدىن ئايرىلغان بولساممۇ، ئەمما مەن يەنە ساغلام روھتىن ئايرىلمىدىم، مەن يەنە تېخىمۇ كۆپ ئىشلارنى قىلىشنى ئىستەيمەن، دەپ ۋارقىرىدىم. مەن قولۇمنى ئۇزارتىپ، تېنىچلانغاندىن كېيىن ئاجايىپ بىر قۇدرەتلىك كۈچ-نىڭ ۋۇجۇدۇمدا پەيدىنپەي كۈچىيىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. شۇندىن كېيىن، پۇت ـ قولۇمدىن ئايرىلىپ قالغان بولسام-مۇ، ئەمما ۋۇجۇدۇمدا غالىب بىر كۈچ جەۋلان قىلدى. ھاياتنىڭ ئەھمىيىتى، مەقسىتى ۋە كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ خۇشاللىقلىرىنى بۇرۇنقىدىن تېخىمۇ بەك ھېس قىلىۋاتىمەن» دەپ ئويلىغان.

كرىران گەرچە چاقلىق ئورۇندۇققا چۈشۈپ قالغان بولسى-مۇ، داغدام يولغان قاراپ كېتىپ باراتتى.

كېيىن ئۇ ھۆكۈمەتتىكى ئەڭ چوڭ ئاپپارات — قىسمدىن قايتقان ھەربىيلەرنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىق ۋەزى-پىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ناھايىتى ياخشى ئىشلىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئالاھىدە پەرق بىلەن گېئورگىيە شتاتىنىڭ باشلىقى بولدى.

ئۇ چەكسىز سەممىيەت، كىشىنى قايىل قىلىدىغان سۆز-لەش ماھارىتى ۋە ئوچۇق ـ يورۇق، ئاكتىپ ئېتىقاد بىلەن سانسىز كىشىلەرنى جەلپ قىلغان، مەن ئۇنىڭغا تولىمۇ قايىل.

ئەگەر مەن دوستلىرىمنىڭ ئىچىدىن ئەڭ بەختلىك ئون كىشىنى تاللىسام، ماكس. كرىران شۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرسى بولىدۇ.

ئۇ قانداق قىلىپ بىر گۈزەل تۇرمۇشنىڭ مۇتەخەسسىسگە ئايلىنالىدى؟ يەنە قانداق قىلىپ غەلىبە قازىنىشتىكى تالانتلىق شەخسگە ئايلاندى؟ ئۇنىڭ دېيىشىچە ئۇ مۇنداق ئۈچ مەسىلىككە ئىگە ئىكەن:

1. مەسىلىلەرنى تىرىشىپ خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىش.

2. يەنە بىر ئىشىكنىڭ ئېچىلىدىغانلىقىنى بايقاش. مەلۇم بىر ئىشىك تاقاقلىق تۇرغاندا، يەنە بىر ئىشىكنى ئاچقىلى بولىدۇ. ئەگەر تاقاقلىق ئىشىك بىلەنلا بولۇپ كەتسەڭ، ئېچىلىدىغان ئىشىكنى سەزمەي قالىمىز. «مەندە يەنە تەپەككۇر قىلىدىغان كۈچ ـ قۇدرەت بار، چاقلىق ئورۇندۇقنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ ماڭىدىغان قاۋۇل بىلەككە ئىگىمەن.»

3. ئېتىقادتىن مەدەت تىلەش. ئۇ ئازابلانغاندا ھەمىشە ئېتىقادىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىپ بەختكە مۇيەسسەر بولغان، بۇ تەرىپىنى ئۇنى تونىغانلىكى ئادەمنىڭ ھەممىسى بىلىدۇ. قورقۇنچلۇق قىسمەتلەرگە يولۇققان تەقدىردىمۇ قەتئىي باش ئەگمەيدۇ.

ئۇ چەكسىز ئاكتىپ روھقا ئىگە. «بۇگۈن» نىڭ ئۆزىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ، شۇڭا ئۇ «بۇگۈن» نى ئىگىلىيەلىگەن ۋە «بۈگۈن» دىن چېۋەرلىك بىلەن پايدىلىنالىغان.

# ئاغرىپ يېتىپ قالغان ھالەتتىمۇ، قىزغىنلىق ئوتىنى يالقۇنلىتىڭ

*شەخسنىڭ كوللېكتىپقا تىرىشىپ - تىرمىشىپ قوشقان تۆھپىسى كوللېكتىپنى گۈللەندۈرۈپ، جەمئىيەتنى ھەرىكەتلەندۈرىدۇ ھەم مەدەنىيلىكنىڭ تاكامۇللىشىشىغىمۇ بىر ئۈلۈش كۈچ قوشىدۇ.*

ئان. پارسون كونا بويى دوختۇرخانىنىڭ كېسەل كارىۋىتىدىن چۈشمەيتتى. يولدىشى خىبمۇ كېسەل بولۇپ قالغان ئىدى. ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن ئىنتايىن نامرات بولۇپ، ئۇلارنىڭ كەلگۈسى تولىمۇ قاراڭغۇ ئىدى. ئەمما پارسون بۇنىڭ بىلەن ئۈمىدسىزلىنىپ قالمىدى. چۈنكى ئۇ مۇنداق ئىككى مۇھىم ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرغان، ئۇ بولسىمۇ تەپەككۇر قىلىش ۋە تىلاۋەت قىلىش. مۇشۇنداق قىلسا ئۈمىدسىزلىنىپ قالمايتتى.

ئان. پارسوننىڭ كاللىسىدا بارا - بارا كونكرېت بىر ئوي پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭغا قالتىس مۇۋەپپەقىيەتلەرنى ئېلىپ كەلدى. ئۇنىڭ بۇ ھېكايىسى «ئىقتىساد، سىياسەت» دېگەن ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان. بۇنى ھازىر سىلەرگە ئالاھىدە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز:
مەن ئورېۋان شتاتىدىكى دوختۇرخانىنىڭ تۈۋېركۇليوز بۆلۈمىدە ئازابلانغانچە تورۇسقا قاراپ ياتاتتىم. كېسەل بولغاندىن بېرى مېنىڭ روھىي ھالىتىم بەكمۇ ناچارلىشىپ كەتكەن ئىدى. ئۆزۈمنى 40 يىلدىن بېرى ئەرزىگۈدەك بىرەر ئىش قىلىپ باقماپتىمەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دەپ ھېس قىلدىم. تازا قۇرامىغا يەتكەن ۋاقىتلار ئەھمىيەتسىز ئىشلار بىلەن ئۆتۈپ كەتكەن ئىدى. نېمىلا ئىش قىلسام قىززىق ھېس قىلالاتتىميۇ، ئەمما ئەزەلدىن چىن نىيەت بىلەن كىرىشىپ كېتەلمەيتتىم.

كىچىك ۋاقتىمدا تۇنجى قېتىم قونچاققا كۆيىنەك تىكىپ بەرگەندە، كەلگۈسىدە چوڭ بولغاندىن كېيىن دۇنيا بويىچە ئەڭ داڭلىق كىيىم لايىھىلەش ئۇستىسى بولسام دەپ ئۈمىد قىلغان ئىدىم. ئۇزۇن يىللاردىن بېرى شۇنى ئارزۇ قىلىپ كېلىۋاتاتتىم. ئەمما قاچاندىن بۇيان بۇ قىزغىنلىقىمنىڭ سۇسلاپ قالغىنىنى بىلمەيمەن. كەسپىي ئارزۇلىرىممۇ تەدرىجىي سۇسلاپ، ھېرىقى خىزمىتىم مۇقىملىشىپ قالغان ئىدى. ئىلگىرىكى ھاياتىي كۆچكە ۋە گۈزەل ئارزۇلارغا تولغان ھاياتىم، ئۆزۈمگە مەنىسىز تۇيۇلۇپ، ھەتتا سالامەتلىكىممۇ ناچارلىشىپ كېتىپ باراتتى. دوختۇرخانىدا يېتىشتىنىمۇ ئارتۇق يېگانىلىق ۋە مەنىسىزلىك يوقتەك ھېس قىلدىم.

مەن ئاستا تىلاۋەت قىلىپ: «مەن قورقۇنچلۇق ھېس قىلىۋاتىمەن. ئەگەر مەن بۇ يەردىن سالامەت چىقىپ كېتەلىسەم، ھاياتىم بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، چوقۇم ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى قىلىمەن» دېدىم.

تىلاۋەتتىن كېيىن، مەن تىل بىلەن ئىپادە قىلغۇسىز چەكسىز تەسەللىگە ئېرىشتىم. مەن بارلىقىمنى تەڭرىگە تاپشۇرۇپ، ئۆزۈم خۇددى ئەڭ چوڭ تىرىشچانلىق كۆرسەتكەندەك بولۇپ قالدىم. روھىي ھالىتىم يېنىكلەپ، ئۇيقۇممۇ ناھايىتى ياخشى بولۇپ كەتتى.

ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆزۈم ياشىرىپ قالغاندەك ھېس قىلدىم.

كەلگۈسىدىكى ئىشلارغا خۇشاللىق ھېسسىياتىم ئۇرغۇپ تاشتى. ئۆزۈم قىلغان تىلاۋەتنى ئويلىساملا، ئىشەنچىم ئوت ئالاتتى. يېقىن كەلگۈسىدە ئۆزۈمگە مۇۋاپىق كەلگۈدەك ئىش تاپالايدىغان-لىقىمغا ئىشىنەتتىم.

بىر كۈنى مەن كىيىم تىكىش سىنىپىدا دەرس سۆزلەۋې-تىپ، ئىلگىرىكى ئارزۇيۇمنىڭ قەلبىمنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قېتىدا تىنىمسىز ئۆركەشلەۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. يەنە بىر كۈنى، بىر مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچۇم چوڭ قەغەز يەشكىتە زاۋۇتتا ئىشلەپچى-قارغان ئىلمە توقۇلما رەختنىڭ پۇرۇچلىرىنى ئەۋەتىپتۇ. ئەينى ۋاقىتتا، رەخت ئىشلەش ئەمدىلا دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، تېخى بىرەر كىيىم تىكىش دۇكىنى ئىلمە توقۇلما رەختلەردىن قانداق پايدىلىنىشنى بىلمەيتتى. ئىلمە توقۇلما رەختلەرنى بىلىدىغان كىشلەر گەرچە ئىلمە توقۇلمىنىڭ ئىستىقبالى يوق دېمىگەن بولسىمۇ، ئەمما تىككۈچىلىك ئاسان ئەمەس، دەپ قارايتتى. مەنمۇ دوستلىرىمدىن كۆپ قېتىم ئىلمە توقۇلما كەسپىنىڭ خېلىلا قىيىن ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم. ئەھۋال شۇنداق بولسىمۇ، مەن يەنىلا ھېلىقى قەغەز ساندۇقتىكى رەڭگارەڭ ئىلمە توقۇلما رەختلەرنىڭ سېھرىي كۈچىگە تاقابىل تۇرالمىدىم. ئەشۇ رەخت پۇرۇچلىرى گويا: «مېنى بىر سىناپ باقمامسىز!» دېگەن-دەك ماڭا قاراپ كۆز قىساتتى. مەن يېشىل رەڭدىكى يوغان بىر پۇرۇچنى ئېلىپ كىيىم تىكىش ماشىنىسىدا تىكىشنى سىناق قىلدىم. ھە دېگەندە تازا قاملاشتۇرالمىدىم. ھەرقېتىم يېڭىلىق ھېس قىلغاندا باشقىچە ھاياجانلىنىپ كېتەتتىم. ئاخىرى شۇنى سەزدىمكى رەختنى ئۆزۈن تارتىپ چوڭراق يىگىندە ماشىنىنى پۈت بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈپ تىكسە، ئۇنىڭ ئۈنۈمى ھەممىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ياخشى بولىدىكەن. مېنىڭ بۇ خىل تىكىش ئۇسۇلۇم كىشىلەر ئارىسىغا تارقالغاندىن كېيىن، ئۆزۈم تېخى سەزمىگەن ئەھۋالدىلا، ئوقۇغۇچىلىرىم مېنىڭ «رەختنى ئۇزۇن قويۇپ تىكىش ئۇسۇلۇم» غا دىققەت قىلغان. بۇ چاغدا، كىچىك بىر شەھەردە ئولتۇرىدىغان بىر ئايال ماڭا تېلېفون بېرىپ، مېنى دوستلىرىمغا تەجرىبىگىزنى سۆزلەپ بەرسىگىز دەپ تەكلىپ قىلدى. مەن بارسام باراي دېگەن ئوي بىلەن ماقۇل بولدۇم.

مەن ھېلىقى ئايال دېگەن يەرگە بېرىپ، 70 نەچچە ئايالنىڭ مېنى ساقلاپ تۇرغانلىقىنى بىلدىم، بۇ قېتىمقى تەجرىبە سۆزلەش نۇتۇقىدىن كېيىن بىر يىل ئىچىدە ھەر ھەپتىدە دېگۇدەك بىر قېتىم نۇتۇق سۆزلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈپ تۇردۇم.

يېشىمنىڭ ئۇلغىيىشى بىلەن بىر مەھەل ئۇنتۇلۇپ كەتكەن خىزمەت ۋە ھاياتقا بولغان قىزغىنلىقىم مېنى باشقىدىن روھلاندۇرۇۋەتتى. تۇغۇلغاندىن بۇيان مەن ئاخىرى ئۆزۈم قىلىدىغان ئىشنى قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشتىم، ئۆزۈمگە باب كېلىدىغان يولنى تاپتىم.

مەن «رەختنى ئۇزۇن قويۇپ تىكىش ئۇسۇلى» دىن ئىبارەت مەخسۇس پاتېنت ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈردۈم ــ دە، «دەسلەپكى كىيىم تىكىشتىكى سەككىز خىل ماھارەت» دېگەن دەرسنى ئۆتۈشكە يېتەكچىلىك قىلىپ، ئوقۇغۇچىلارغا گۇۋاھنامە تارقاتتىم. ئالتە ئايدىن كېيىن تۇنجى بولۇپ، «رەختنى ئۇزۇن قويۇپ تىكىش مەركىزى» قۇردۇم. دەرس ئۆتۈشتىن سىرت، مۇستەقىل تۈردە كىيىم تىكىش قورالى، مودېل قەغەزلىرىنى ساتتىم.

ئاندىن مەن ئىلمە توقۇلما رەختلەر بىلەن كىيىم ـ كېچەك تىكىش ھەققىدە بىر پارچە كىتاب يازدىم. كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى، مېنىڭ بۇ كىتابىم بىر مىليون نۇسخىدىن ئارتۇق سېتىلدى. بۇ كىتابنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى بىلەن تېلېۋىزىيىدە «ئان. پارسوننىڭ كىيىم ـ كېچەك تىكىش سىنىپى» دېگەن پروگراما ئۇدا بەش يىل كۆرسىتىلدى.

كېيىن يولدىشىم خىب «كىيىم ـ كېچەك تىكىش مەركە-زى» نى زەنجىرسىمان «مەركەز» گە ئايلاندۇردى. ھازىر ئامېرى-كا ۋە كانادادا بۇ مەركەزدىن جەمئىي 239ى بار بولۇپ، نەچچە يۈز مىڭلىغان ئاياللار «رەختنى ئۈزۈن قويۇپ تىكىش» تېخنى-كىسىنى ئۆگەنمەكتە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# شېرىن ئۇيقۇدىكى يوشۇرۇن ئىقتىدارىڭىزنى ئويغىتىڭ

*سىزنىڭ ۋۇجۇدىڭىزدا تېخى سەرپ قىلىنمىغان، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئىجادىي كۈچ شېرىن ئۇيقۇدا ياتقان بولۇشى مۇمكىن. مانا شۇ يوشۇرۇن كۈچىڭىزنىڭ ئۈن - تىنسىز نابۇت بولۇپ كېتىشىگە ھەرگىز يول قويماڭ.*

ئادەم مانا شۇنداق مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش توغرىسىدىكى مىساللارنى ئوقۇغانسېرى، ئۆزىنىڭ كۈچ - قۇدرىتىگە تايىنىپ ھەرقانداق ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ.

سىز قىلىشقا تېگىشلىك ئىش، پاسسىپ ئىدىيىدىن ۋاز كېچىش، ئۆزىڭىزگە ئاكتىپ، مۇئەييەنلەشتۈرۈش پوزىتسىيىسى قوللىنىپ، ئىشەنچ تىكلەش، يەنى ئۆزىڭىزنىڭ يوشۇرۇن تالانتىغا ۋە ئىقتىدارىغا ئىشەنچ قىلىش.

ئىنچىكە تەپەككۇر قىلىش، تەپەككۇردىن كېيىن يەنە تىلاۋەت قىلىش كېرەك. مۇشۇنداق تەپەككۇر ۋە تىلاۋەت مۆجىزە يارىتىدۇ. بۇ ئىككى ئامىلغا جاسارەت ۋە باش ئەگمەس روھ قوشۇلسا، ھەتتا ئۆزىمىزمۇ تونۇپ يەتمىگەن ئەقىل - پاراسەتنى بايقايمىز ۋە بۇ خىل ئىقتىدارنى تولۇق جارى قىلدۇرالايمىز.

پەقەت مۇشۇنداق قىلغاندىلا، كۆڭلىمىزدە قانداق ئادەمگە ئايلىنالايدىغانلىقىمىزنى، مۇشۇنداق بىر گۈزەل كۈننىڭ مۇقەررەر يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى ئېنىق سېزىپ چىقالايمىز. ئۇ چاغقا

بارغاندا سىز چوقۇم شادلانغان ھالدا: «بۆگۈن ماڭا مەنسۇپ!» دېيەلەيسىز. شۇڭا چوقۇم بۆگۈننى چىڭ تۇتۇشىمىز كېرەك.

ئان. پارسون ئەسلى ئۆزىدىكى يوشۇرۇن ئىگىلىك يارىتىش ئىقتىدارىنى بىلمەيدۇ، ئەمما ئۇ بايامقى تونۇشتۇرۇشلار ئارقىلىقلا، ئۆزىدىكى بۇ خىل ئىقتىدارنى بايقايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئوڭۇشسىزلىق ئىچىدىكى مۇۋەپپەقىيەت ھەقىقىي مۇۋەپپەقىيەت

*مەغلۇبىيەت بىر ھاياتنى ئېزىۋېتىشىمۇ ياكى مۇستەھكەملەپ، تولۇقلىشىمۇ مۇمكىن.*

مەن، باشلىنىشىدىنلا كۆڭۈلدىكىدەك خىزمەتكە ئېرىشىش بىر خىل بەخت دەپ قارايمەن. ئەگەر خېلى ئاساسى بار خىزمەت بىلەن شۇغۇللانسىڭىز، ئۇ سىزدىن چوقۇم خىزمەت سەۋىيىسىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەگەر خىزمەت ئورنىڭىز تۆۋەنرەك بولسا، نەتىجە يارىتىشىڭىز تېخىمۇ ئاسانلىشىدۇ. ئۇ سىزنى تېخىمۇ كۆپ مۇۋەپپەقىيەت خۇشاللىقىغا ئېرىشتۈرىدۇ.

مەن، باستىر بولۇش سۈپىتىدە ھاياتىمدا تۆت دىنىي جەمئىيەتكە رىياسەتچى بولدۇم. ھەربىرى ئەمدىلا ئىش باشلىشى بىلەن ۋەيران بولۇش ھالىتىگە قاراپ يۈزلىنەتتى. ئەمما مەن بىر مەزگىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق ھەربىر دىنىي جەمئىيەتتە بۇرۇلۇش ھاسىل قىلىپ، ئۇنى ياخشى ھالەتكە يۈزلەندۈردۈم. بۇ تەجرىبىلەر مېنىڭ كەسپىي ھاياتىمدا بەختكە مەنسۇپ. ئەمەلىيەتتە، مەن ھەربىر ئادەمگە تەكلىپ بېرىپ، ئۇنىڭ ئوڭۇشلۇق خىزمەتلەرنى تاللىغىنىدىن كۆرە، ئوڭۇشسىز خىزمەتلەرنى تاللىغىنىغا يەتمەيدىغانلىقىنى ئېيتتىم. ئوڭۇشسىز خىزمەت سىزنى مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىغا ئايلاندۇرىدۇ. ئومۇمەن، مەن مانا مۇشۇنداق تەلەيلىك بەندە. ھەرقېتىم شەرت —

شارائىتى ناچار خىزمەتلەرگە يولۇققاندا، ئۇلار مېنىڭ ئالدىمدا ئەڭ ياخشى پۇرسەتكە ئايلىنىدۇ.

«ئاكتىپ تەپەككۇر» قىلغۇچى كىشى نېمىشقا قىيىن ئەھۋالدا قالغاندىمۇ ناھايىتى زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشەلەيدۇ؟

بۇ ئىشنى ئويلىسام‌ىلا ئوتتۇرا غەربىي قىسىم شەھەرلىك مائارىپ كومىتېتى تاللاپ كۆرسەتكەن دوكتور مائارىپچى لاگا. چۇپورا كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ.

CBS تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «60 مىنۇتلۇق» خەۋەرلەر پروگراممىسىدا خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېگەن: بۇ شەھەردە 22 باشلانغۇچ مەكتەپ، بەش تولۇقسىز ئوتتۇرا ۋە ئىككى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بار. ئەمما بۇلارنىڭ ئوقۇتۇش نەتىجىسى كۆڭۈلدىكىدەك ئەمەس، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش سەۋىيىسى شتات بويىچە ئەڭ تۆۋەن. دوكتور چوپورا بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، بۇ خىزمەت ئۆز ئىقتىدارىنىڭ تىرىشىش نىشانىنى باھالىيالامدۇ ـ يوق دېگەننى ئىگىلەش ئۈچۈن، ئۆزى بىۋاستە بېرىپ تەكشۈرگەن، ئۇ ئاكتىپ تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغاچقا، قىيىن خىزمەتلەرنى ئىشلەشنى ياقتۇرىدۇ.

ئۇنى كۈتۈپ تۇرغىنى خېلىلا پايدىسىز شارائىت ئىدى. ھەر قېتىم ئۇ مېھمانخانىدا يېتىش رەسمىيىتىنى بېجىرىشتە، پوكەيدىكى مۇلازىمەتچى چېغىدا ئۇنىڭ ئىسمىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ يېغىرىغا تېگىپ: «سىزگە ئامەت تىلەيمەن، سىز چوقۇم ئىلاھنىڭ ياردىمىگە موھتاج بولىسىز» دېگەن.

ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، جەڭگىۋارلىقىنى يوقاتقان بىر مۇئەللىم كەينى ـ كەينىدىن خىزمەتتىن يۆتكىلىشنى تەلەپ قىلغان. دوكتور شەھەر ئىچىدىكى نۇرغۇن ئادەملەر بىلەن پاراڭلىشىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ بۇ شەھەردىن ئىشەنچىسىنى يوقاتقانلىقىنى، ئۆزى تۇرۇشلۇق شەھەرگە نىسبەتەن ياخشى تەسىراتقا ئىگە ئەمەسلىكىنى ھېس قىلغان. بۇ ئېھتىمال تېلېۋىزوردا بەرگەن خەۋەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. ھېچكىمنىڭ بۇ جايدىكى مەكتەپ بىلەن خوشى قالمىغاندەك قىلاتتى. ھەتتا بەزىلەر ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ ۋە ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ، مائارىپ باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىمىگىن، بولمىسا «ئازار يېيىشتىن باشقىغا ئېرىشەلمەيسەن» دېگەن.

كېيىن دوكتور چوپورا يەنە بىرەيلەننى ئۇچرىتىدۇ، ھېلىقى ئادەم دوكتورنى خىزمەتتىن چېكىندۈرمەكچى بولىدۇ. ئۇ ئادەمنىڭ ئۆيى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ يېنىدا ئىدى. بىر كۈنى، ئۇ ئادەم ئىشىكنىڭ ئالدىدا پىۋا ئىچىپ ئولتۇراتتى، دوكتور چوپورا بۇ ئادەمدىن سىز بۇ رايوندىكى مەكتەپكە نىسبەتەن قانداق تەسىراتقا ئىگە دەپ سورىدى. ئۇ ئادەم دوكتورنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە بىر قارىۋېتىپ، قولىدىكى پىۋىنى قويۇپ، مەكتەپكە قارىغىنىچە، قىلچە پەرۋا قىلمىغان ھالدا:

— ناۋادا بۇ مەكتەپكە ئوت كېتىپ قالسا، بىرەر چېلەك سۇمۇ چاچمايمەن،— دەپ جاۋاب بەردى. ئۇنىڭ بۇ گېپى ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى. دوكتور كۆڭلىدە بۇ مەكتەپتىن قەتئىي چېكىنەي، دېگەن ئوي بىلەن ئۆيىگە قايتتى.

دوكتور كەچلىك تاماقتا بۇ ئىشنى ئۆيىدىكىلىرىگە دەپ بەردى. ئۇ بۇ رايوندىكى مەكتەپتە قەتئىي ئۈمىد قالمىغانلىقىنى چۈشەندۈردى. ئائىلىسىدىكىلەر ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بەكمۇ ئېچىندى، بىر ھازادىن كېيىن ئوغلى دېدى:

— قېنى، دادامنىڭ ئىشەنچىسىنى بىر سىناپ باقايلى، سىز دائىم بىزگە قىيىنچىلىقنى پۇرسەتكە ئايلاندۇرۇش كېرەك، دەيت-

تىڭىزغۇ؟ ــ دېدى.

دوكتور بالامنىڭ دېگەن گېپى توغرا دەپ قاراپ، قارارىنى ئۆزگەرتىپ، ئاشۇ ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىشقا ماقۇل بولدى. دوكتور بۇ قېتىمقى تەجرىبىگە ئىگە بولۇشتا تۆۋەندىكى سۆھ-بەتلەرگە شاھىت بولغان:

مەن مەكتەپكە بېرىپ، ئەڭ ئاۋۋال ئوقۇغۇچىلار ۋە مۇئەل-لىملەر بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدۈم. بىر كۈنى، ئەتىگەندە مەك-تەپ كارىدورىدا بىر مۇئەللىمە بىلەن سوركۈلۈشۈپ ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۇنىڭدىن تىنچلىق سوراپ:

— چوڭ ئىس مۇئەللىم ياخشىمۇ سىز؟ ــ دېدىم. مۇئەللىمە جاۋابەن:

— ياخشى دېسىڭىز ياخشى، بىراق ياخشى دەيدىغان نېمە ئىش بار دەيسىز! — دېدى.

— چۈنكى سىزنىڭ گۈلدەك چىرايىڭىزنى كۆرۈپ شۇنداق ھېس قىلىۋاتىمەن، ــ دېدىم. مېنىڭ گېپىمدىن ئۇ بىر ئاز ھەيران-لىق ھېس قىلدى. مەن ئۇنىڭ ئىنكاس قايتۇرۇشىغا پەرۋا قىلماي سۆزۈمنى داۋاملاشتۇرۇپ:

— چوڭ ئىس مۇئەللىم، مېنىڭ ياخشى دېيىشىم بىز ئىككە-مىز بۈگۈن ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىرلىكتە خۇشال ــ خورام ئۆگىنىش قىلىشقا تەييارلىق قىلغانلىقىمىز.

ئۇ دەرگۇمان بولغان ھالدا ماڭا قاراپ قويدى.

— شۇڭا سىز بۇ كۈننى ناھايىتى گۈزەل بىر سەھەر دەپ قارىمامسىز؟ ــ دەپ سورىدىمەن ئۇنىڭدىن. ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ھە، ھەقىقەتەن شۇنداق، ــ دېدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرىسى

# پۇرسەت هامان «قىيىنچىلىق» يېتىپ كەلگەندەك قىياپەتكە كىرىۋالىدۇ

*— قىزغىنلىق دائىم بىر ئادەمدىن يەنە بىر ئادەمگە تەسىر قىلىدۇ. ئەمما ئادەم ئۆزىدە قىزغىنلىق بولمىسا، باشقىلاردىمۇ قىزغىنلىق قوزغاش مۇمكىن ئەمەس.*

قىزغىنلىققا ئىگە بولۇش ئۈچۈن، ياخشى ئامىلنى ئىزدەشمۇ بىر خىل ئۇسۇل. مەيلى ئەھۋال قانچىلىك ئېغىر بولۇشتىن قەتئىينەزەر، ئالغا ئىلگىرىلەش ئۈچۈن قارشى يۆنىلىشتىن ئىنچىكە كۆزىتىش كېرەك. ناۋادا 20% ئوقۇغۇچى خەت تونۇمىسا، ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرىنى 80% ئوقۇغۇچى خەت تونۇيدۇ دەپ خەۋەرلەندۈرۈشمىز كېرەك. ئاندىن 20% ئوقۇغۇچىنى قانداق تەربىيىلەش توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىش كېرەك.

مەيلى قايسى خىل قىيىنچىلىق ئەھۋالدا بولۇشتىن قەتئىينەزەر، مۇئەييەنلەشتۈرىدىغان تەرەپنى چىقىش قىلىش ئۈمىد پەيدا قىلىدىغان ئەڭ ياخشى ئۇسۇل.

مەن تۈنجى قېتىم تاشلىنىپ قالغان سىنىپقا كىرگىنىمدە، هەر خىل قىزىقىش ـ ھەۋەسلەرگە تولغان چىرايلار مەندە تولىمۇ كۈچلۈك تەسىر قالدۇردى. ئۇلار سىناقلاردا نەتىجىسى شۇنچىلىك ناچار ئوقۇغۇچىلارمىدۇ؟ ئۇلار باشقا شەھەردىكى باللار بىلەن تامامەن ئوخشاشقۇ؟ ئەمەلىيەتتە، مېنىڭ كۆزىتىشىمچە ئۇلارنىڭ ھەممىسى ناھايىتى ئەقىللىق. شۇڭا بىلەن مەن ئۇلارغا تەسىراتلىرىمنى سۆزلەپ بەردىم:

— مەن، مەن يولۇقتۇرغان باللار ئىچىدە سىلەرنى ئەڭ ئەقىللىق دەپ ئويلايمەن، مەن سىلەر بىلەن بىرگە ئۆگىنىشنى شەرەپ ھېسابلايمەن.

ئاندىن ئۇلارغا بۇ يىل ئۇلارنىڭ دەرسلەردە چوقۇم ياخشى بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردۇم، ئۇلارنىڭ چېھرىدە ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى چاقناپ كەتتى. مەن مۇئەللىملەرگە مائارىپ كومى-تېتىنىڭ ئۇلارنىڭ ئىقتىدارىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەنلىكىنى، بۇ-نىڭدىن كېيىن ئەڭ چوڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ يار يۆلەكتە بولىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم.

مەن مەكتەپ مۇدىرى، يېتەكچى مۇدىر، مۇئەللىملەرگە ھەربىرىمىزنىڭ كىشىلىك ھاياتىنى ئۆزگەرتەلەيدىغان يوشۇرۇن ئىقتىدارغا ئىگە ئىكەنلىكىمىزنى چۈشەندۈردۈم.

بۇ ئۇسۇل ئۈنۈم بېرەرمۇ؟ ياكى بولمىسا تازا خەيرىلىك بولمىغان بېشارەتلىك رول ئويناپ قالارمۇ؟

نەتىجىدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسى تېزلا يۇ-قىرى كۆتۈرۈلۈپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ جاسارىتىمۇ ئۇرغۇپ تاش-تى. ئاتا ـ ئانىلار ئىنتايىن شەرەپ ھېس قىلىپ، ھەربىلى «شەرەپ ھەپتىلىكى» ئۆتكۈزۈپ خاتىرىلىمەكچى بولۇشتى. ئا-ساسلىق كوچىلاردا داغدۇغىلىق نامايىش ئۆتكۈزۈپ، ئۆز شەھە-رى ۋە مەكتىپىنى ماختاشتى.

مۇشۇنداق چوڭ ئۆزگىرىشلەرنىڭ يۈز بېرىشىگە قانداق كۈچ سەۋەب بولدى؟ بۇ تولىمۇ ئاددىي قائىدە — پوزىتسىيە ھەممىنى بەلگىلەيدۇ، شۇنداقلا مەن ئويلىغان «تەسىر كۆرسى-تىش قائىدىسى»نىڭ رولى بولدى.

مەيلى قانداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشىمىزدىن قەتئىينەزەر، ھەممىدە ئاكتىپ پوزىتسىيىدە بولۇشىمىز كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى

1. قىزغىنلىق بولۇش كېرەك.
2. ياخشى تەرەپنى كۆرۈش كېرەك.
3. ئەڭ ئېسىل نەتىجىلەردىن ئۈمىد كۈتۈش كېرەك.
4. «مەن ئۆزگەرتەلەيمەن» دېگەننى ئۆگىنىۋېلىش كېرەك.
5. جان ـ دىل بىلەن ئىشەنچ قىلىش كېرەك.

كونىلاردا: «بۇگۈن نېمە بولىدىغانلىقىنى تەڭرى ئۆزى بىلىدۇ» دېگەن گەپ بار. يىل دېگەن كۈن ساناپ ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئەمما ھەركۈن ئوخشاش ئۆتمەيدۇ. شۇنداقلا ئوپمۇ- ئوخشاش ئۆتىدىغان 24 سائەتمۇ مەۋجۇت ئەمەس.

«بۇگۈن» ئېھتىمال ھەرقانداق بىر كۈندىن تېخىمۇ ياخ- شى پۇرسەتكە ئىگە ياكى ئادەمنىڭ ھاياتىدا ئىز قالدۇرالايدىغان ئەڭ ئېسىل پۇرسەتكە ئىگە بولۇشى مۇمكىن. بەلكىم «بۇگۈن» كەلگۈسىگە تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان قارارلارنى چىقىرىشى مۇم- كىن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ ياخشى پۇرسەت ئېلىپ كېلىش ئېھتىمالى بولغان «بۇگۈن» نى ئېھتىياتچانلىق بىلەن قارشى ئېلىشىمىز كېرەك.

ئېسىل پۇرسەتلەرنى ئۆتكۈزۈۋەتكەن ئادەم، بۇنىڭدىن كې- يىن ئەدىبىيسىنى «بۇگۈن» گە توغرىلاپ، «بۇگۈن» دىن ئىبا- رەت بۇ يېڭى بىر كۈننىڭ مۇھىملىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەك. ئۇنى سىز ئېرىشمەكچى بولغان پۇرسەت دەپ تەسەۋۋۇر قىلىڭ. بولۇپمۇ قىيىنچىلىق ئىچىدىكى پۇرسەتكە ھەرگىز سەل قارىماڭ.

ئالتۇنمۇ پارقىراپ تۇرۇپ ئۇچرىمايدۇ. كىشىلىك ھاياتتىكى پۇرسەتمۇ ئەنە شۇنداق ئاكتىپ پوزىتسىيىگە ئىگە كىشىلەرگىلا ئۇچرايدۇ.

# بىر نەچچە مىنۇت بىر ياشنى تامامەن ئۆزگەرتىۋېتەلەيدۇ

*— مەيلى كىم بولۇشۇڭلاردىن، قەيەردە بولۇشۇڭلاردىن قەتئىينەزەر، «بۈگۈن» سىلەرنىڭ ئىنتايىن سىرلىق بىر كۈنۈڭلەرگە ئايلىنىپ قالىدۇ.*

مەن ئاكتىپ تەپەككۇرنى ئىشقا سېلىپ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنى خالايدىغانلارغا نۇتۇق سۆزلەپ ئىلھام بېرىشتەك ناھايىتى نۇرغۇن نۇتۇق سۆزلەش پۇرسىتىگە ئېرىشكەنلىكىمدىن تولىمۇ پەخىرلىك ھېس قىلىمەن. بۇنداق نۇتۇق سۆزلەش يىغىلىشىدا بەش مىڭدىن ئونمىڭغىچە تاماشىبىن بولۇپ، مۇتلەق كۆپ سانىنى ياشلار ئىگىلەيتتى، شۇنداقلا شىركەتمۇ ئىشىكتىن كىرىش بېلىتى ئېلىپ بېرىپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى تەربىيىلىدى.

نۇتۇق سۆزلىگۈچىلەر ئېھتىمال ئاڭلىغان بولۇشى مۇمكىن. بەزىلەر نۇتۇقنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھاياتىدا بۇرۇلۇش ھاسىل قىلغان. دېمىسىمۇ داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلگەن نۇتۇق سۆزلەش يىغىلىشى بىر خىل ئىجادىي كەيپىيات يارىتىدۇ. ئادەمگە تەسىر كۆرسىتىپ، مۆجىزە خاراكتېرلىك كۈچ ـ قۇدرەت ھاسىل قىلالايدۇ.

ئۇمۇمەن، ئۇلار «ئۆزىدە مەلۇم خىل ۋەقە يۈز بەرگەنلىكى» بىلەن ئۆزىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتەلەيدىغان مىساللارنى قايتا ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۆزىنى تېخىمۇ ئېنىق تونۇپ، ئىلگىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تامامەن ھېس قىلىپ باقمىغان ھەر خىل ئىقتىدارنى بايقايدۇ. ئۇلار «بوگون» نىڭ ئۆزىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ، ئەگەر «بوگون» نى ھەقىقىي يوسۇندا چىڭ تۇتالىسا، مۇۋەپپەقىيەت نىشانىغا قاراپ ئىلگىرىلىيەلەيدۇ.

بىر كۈنى كەچتە مەن ئالاھىدە تەكلىپ بىلەن چاتتا نوگاغا نۇتۇق سۆزلەشكە باردىم. ئۈچ نەپەر نۇتۇق سۆزلىگۈچىنىڭ ئىچىدە مەن ئۈچىنچى بولۇپ نۇتۇق سۆزلىمەكچى بولدۇم، شۇنىڭ بىلەن ئىككىنچى قەۋەتكە چىقىپ، باشقىلار نېمىلەرنى سۆزلەيدىكىن دەپ نۇتۇق سۆزلىگۈچىنىڭ نۇتۇقىنى ئوغرىلىقچە ئاڭلىدىم.

بۇ چاغدا بىر سەمىمىي ياش يول تەرەپتىكى ئورۇننى ماڭا بوشىتىپ بېرىپ، ئۆزى ئىچكىرى تەرەپتە ئولتۇردى. بىز نۇتۇق سۆزلەش باشلانغىچە بىردەم ئازادە پاراڭلىشىپ ئولتۇردۇق. ئۇ كىشى مېنىڭ نېمە ئادەملىكىمنى بىلمەيتتى.

نۇتۇق سۆزلىگۈچى سەھنىگە چىقتى. ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان بىر ياش ئۈگدەپ قالدى ــ دە، بىردەمدىلا ئۇيقۇغا كەتتى. نۇتۇق سۆزلىگۈچىنىڭ يۇمۇرلۇق گەپلىرى مەيداندىكىلەرنى كۈلدۈرۈپ، قىقاس چىقىرىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇمۇ ئويغىنىپ كەتتى. ئەمما بىردەمدىن كېيىن ئۇ ياش يەنە ئۇخلاپ قالدى. ئۇ نۇتۇق تۈگىگەندە چېلىنغان چاۋاك ئاۋازىدىن ئويغىنىپ كېتىپ، ماڭا: — ياخشى سۆزلىدى — دېدى.

مەن ئەسلىدە ئۇنىڭغا: «سىز قانداق بىلىسىز»؟ دېمەكچى ئىدىم، ئەمما دەرھال گېپىمنى ئۆزگەرتىپ:

— ئۇنىڭ كەينىدىن سۆزلەيدىغان كىشى تېخىمۇ ياخشى سۆزلەيدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ تەجرىبىلىرىدىن ئۆتكەن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش مەخپىيىتىنى سۆزلەپ بېرىدۇ. مۇۋەپپەقىيەت قازىنىمەن

دەيدىغان ئادەم ئۇنىڭ نوتۇقنى ئاڭلىسا، بولۇپمۇ كەچكىچە ئۇخلاپ ئولتۇرىدىغان ئادەم ئاڭلىسا، چوقۇم ئۆزىنىڭ بۇ خىل بىپەرۋا پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتىدۇ، بۇنداق مىساللار ناھايىتى كۆپ. ئاشۇ ئادەملەر ئۇتتەك قىزغىنلىق بىلەن ناھايىتى زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرگەن،ــ دېدىم.
ئۇ جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى:
— مەن چوقۇم كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلايمەن.
مېنى ھەيران قالدۇرغىنى، ئۇ كېيىنكى مەيداندىكى نوتۇق-نى ھەقىقەتەن كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىدى. ھېلىقى نوتۇق سۆزلى-گۈچى ھە دېگەندىلا، بۇ مۇگدەپ ئولتۇرىدىغان ياشنى جەلپ قىلدى. نوتۇق سۆزلىگۈچى يۇقىرى ئاۋازدا:
— بىر نەچچە مىنۇت ئىچىدىلا ھاياتقا يېڭىۋاشتىن تۇغۇ-لىسىلەر ـ دە، يوشۇرۇن ئەقىل ـ پاراسىتىڭلار جانلىنىپ كېتى-دۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن نوتۇقنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىشىڭلار كېرەك، تەقدىر «بوگون» سىلەرگە قول پۇلاڭلاتماقتا،ــ دەپ سۆزلەيتتى.
بۇ قېتىم ھېلىقى ياش مۇگدىمەي، قەددىنى تىك تۇتۇپ ئاڭلىدى. ھەربىر ئېغىز سۆزنى تولۇق ھەزىم قىلىپ، 40 مىنۇت مىدىر ـ سىدىر قىلماي قۇلىقىنى دىك تۇتۇپ ئاڭلىدى. نوتۇق ئاخىرلاشقاندا ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە: «چوقۇم ئاۋۇ كىشى بىلەن كۆرۈشۈپ قولىنى بىر تۇتۇۋالاي، ئۇ مېنى ئۆزگەرتتى» دېدى.
ئۇ مەندىن ئۆزرىخاھلىق سوراپ، ئالدىمدىن ئۆتۈپ، يۈ-گۈرگىنىچە ئىككىنچى قەۋەتتىكى مۇنبەرگە چىقىپ كەتتى.
كېيىن مەن بۇ ياش بىلەن قايتا كۆرۈشەلمىدىم. بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئەينى ۋاقىتتا نوتۇق سۆزلىگەن كىشىدىن بويى ـ بەستى 183 سانتىمېتىر كېلىدىغان، سېرىق

چاچ يىگىتنىڭ ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ قىزغىنلىق بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەن ــ كۆرۈشمىگەنلىكىنى سورىغىنىمدا، ئۇ مۇنداق جاۋاب بەردى:

— ھەقىقەتەن ئاشۇنداق بىر يىگىتنى ئۇچراتتىم. ئۇ يىگىتنىڭ دېيىشىچە، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا قانداقتۇر بىر ئىش يۈز بەرگەنمىش، ئۇ ئاشۇ كۈندىكى ئىشنى ھەرگىز ئۇنتالمايدىكەن.

مەن ئۇ ياشنى ئەڭ ياخشى بىر ئۈلگە قىلدىم. ئەگەر قەلبلەرنى ھەقىقىي تۈردە تۇتاشتۇرغىلى بولسا، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بەرگەن ئىلھام بىلەن «بۈگۈن» نى چىڭ تۇتقىلى بولىدۇ ھەم ئىلگىرىكى مەغلۇبىيەتچىلەرنى تامامەن ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ. ئەمما ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغان ئاشۇ قىسقا دەقىقىلەرنىڭ ئالدىمىزدا قاچان پەيدا بولىدىغانلىقىنى بىلىشكە ئامالسىزمىز. ئاشۇ ئىسىل پەيتلەر يېتىپ كەلگەن ھامان ئۇنى چىڭ تۇتۇپ، ئۆزىمىزنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتىشىمىز كېرەك.

بۇنداق مۆۋەپپەقىيەت قازانغان كىشىلىك ھاياتنىڭ مەقسىتىنى، ھەرقانداق چاغدا، ھەرقانداق بىر كۈنى باشلاشقا بولىدۇ. سىز مۇشۇ كىتابنى ئوقۇۋاتقان كۈندىن باشلاپ دەرھال ھەرىكەت قوللانسىڭىزمۇ بولىدۇ.

ھەرىكەت قوللانغاندا پەقەت يېتەرلىك ئىلھام ۋە ئېنىق مەقسەت بولسىلا، چوقۇم ئۆزىڭىزنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى تەل ــ تۆكۈس جارى قىلدۇرۇپ، قالتىس ئېسىل نەتىجىلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرەلەيسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



يۈز نىسبەتە ھەممىنى بېغىشلايمىز!

# يەتتىنچى باب مەغلۇبىيەتنى يېڭىش

## — «ئۈمىدسىزلىنىشتەك قورقۇنچلۇق كېسەل»نى داۋالاشنىڭ مەخپىي رېتسېپى



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# «ئۈمىدسىزلىنىشنى يېڭىش»نىڭ سىرى

*ئۈمىدسىزلىنىش كەيپىياتىنى يېڭىش ئۇنچە ئاسان ئەمەس. بۇنىڭ سىرى: ئاۋۋال ئۈمىدسىزلىنىش، چۈشكۈنلىشىش سەۋەبىنى ئېنىقلاش، روھىي ھالەتنىڭ ئاسان ئۆزگىرىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىش.*

ئاكتىپ تەپەككۇر قىلىدىغان كىشلەرنىڭ ئۈمىدسىزلىنىدىغان چاغلىرىمۇ بولامدۇ؟

ئەلۋەتتە بولىدۇ، ئۇمۇ ئادەم — دە! ئادەمنىڭ كەيپىياتى كۆتۈرەڭگۈ، ياخشى بولىدىغان چاغلارمۇ، چۈشكۈن، ناچار بولىدىغان چاغلىرىمۇ بولىدۇ. ئەمما ئاكتىپ پوزىتسىيىگە ئىگە كىشلەر مەڭگۈ ئۈمىدسىزلەنمەيدۇ، چۈنكى ئۇلار ئۈمىدسىز كەيپىياتقا قانداق مۇئامىلە قىلىشنى بىلىدۇ. ئادەمنىڭ ھېسسىياتى تۇراقلىق بولمايدۇ. يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇق، يۈزەكىلىك بىلەن چوڭقۇرلۇق، خۇشاللىق بىلەن غەم — قايغۇ گىرەلىشىپ، دەۋرىي خاراكتېرلىك ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. ئادەم، ئەگەر ئاكتىپ پوزىتسىيىگە ئىگە بولسا، ئۆزىنىڭ ئىچكى بويىچە روھىي ھالىتىنىڭ دەۋرىيلىك ئۆزگىرىشىنى كونترول قىلىپ تۇرىدۇ. روھىي ھالەت تۆۋەن بولغان چاغلاردا ئىشلارنى بىراقلا رەت قىلۋەتمەي، ئىدىيىنى پائال كونترول قىلىپ، ئىمكان بار ئۇنى ياخشى تەرەپكە تارتىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندا، ئادەم ئۈمىدسىزلىك پاتقىقىغا پېتىپ قالغان تەقدىردىمۇ، ئۈمىدسىزلىك ئېلىپ كەلگەن رېئاللىققا باش ئەگمەيدۇ ياكى ئۇنى قوبۇل قىلمايدۇ. شۇڭا ئىدىيىنىڭ كۈچ — قۇدرىتىگە تايىنىپ، كەيپىياتنى ئاكتىپ

ئاملغا ئايلاندۇرۇپ، ئۈمىدسىز، چۈشكۈن ھالەتنى ئۆزگەرتىش كېرەك.

ئۈمىدسىزلىنىش كەيپىياتىنى يېڭىش ئۇنچە ئاسان ئەمەس. بۇنىڭ سىرى: ئاۋۋال ئۈمىدسىزلىنىش، چۈشكۈنلىشىش سەۋەبىنى ئېگىلەش، روھىي ھالەتنىڭ ئاسان ئۆزگىرىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەندىن كېيىن، كېيىنكى قەدەمدە روھىي داۋالغۇشنىڭ قائىدىسىنى ئېگىلەش، روھىي ھالەتنىڭ دەۋرىيلىك ئۆزگىرىشىنى چۈشىنىش، ئۇنىڭدىن كېيىن، كەيپىياتنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلىنى تەتقىق قىلىپ چىقىش كېرەك. كەيپىياتنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، چوقۇم ھەر تەرەپلىمە ئىزدىنىپ، ئۆزىمىزگە پايدىلىق، ئۆزىمىزنىڭ خاسلىقىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان ئۇسۇللارنى تېپىپ چىقىشىمىز كېرەك.

بۇ باپتا مېنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان، نۇرغۇن ئادەملەر ناھايىتى ئۈنۈملۈك ئىكەن دەپ ھېس قىلغان بىرنەچچە تۈرلۈك ئەمەلىي ئۇسۇل تونۇشتۇرۇلىدۇ. بۇ ئۇسۇللارنى ئايرىم قوللىنىشقىمۇ، بىرلا ۋاقىتتا قوللىنىشقىمۇ بولىدۇ. بۇ ئۇسۇللارنى ئەمەلىي يوسۇندا قوللانغاندا، غەم ـ قايغۇنى قىزغىنلىققا ئايلاندۇرۇپ، ئۈمىدسىزلىنىشنى يېڭىدىغان ئاكتىپ ئۇسۇلغا ئېرىشەلەيمىز.

# ئىرادىسىزلىك نىيىتىدىن ۋاز كېچىڭ

*مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۈمىدسىزلىك رېئاللىقتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، ئۆزىنى مەيۈسلەندۈرىدىغان پاناھ جاي. چۈنكى ئۇ رىقابەتلىك جەمئىيەتتە قىيىنچىلىقلارغا يۈزلىنىشتىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ. ئەگەر كىشى ئۆز تۇرمۇشىدىن ئۈمىدسىزلىكنى جان دىل بىلەن ھەيدەپ چىقىرىمەن دەپ نىيەت قىلىدىكەن، ئۇ غەلىبىگە قاراپ ماڭغان بولىدۇ.*

ئۈمىدسىزلىنىشنى يېڭىشنىڭ بىرىنچى ئۇسۇلى، ئۈمىدسىزلىكنى يېڭەلەيدىغان ھەقىقىي قەلبكە ئىگە بولۇش، بۇ تولىمۇ ئاددىي ئۇسۇل. ئالدى بىلەن چۈشكۈن كەيپىياتنى چىن دىل بىلەن ئۆزگەرتەلەيدىغان خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى ھازىرلاش كېرەك.

بۇ خىل قاراشنى سىز ئېھتىمال: «كىممۇ ئۆزىنىڭ چۈشكۈن كەيپىياتىنى ئۆزگەرتىشنى خالىمىسۇن، سەگەك ئادەملەرنىڭ قايسى بىرى ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىدىن ئۈمىدسىزلىكنى ھەيدەپ چىقىرىشنى خالىمايدۇ» دەپ ئويلاپ قېلىشىڭىز مۇمكىن.

مېنىڭ قارىشىمچە، دائىم سەگەك ھالىتىنى ساقلىيالايدىغان ئادەملەر تولىمۇ ئاز. بىز ھەر بىرىمىز مەلۇم غەيرىي ئىدراكقا ئىگىمىز. ھەر قانداق ئادەم ئىدراك ۋە غەيرىي ئىدراك دەپ ئىككى خىل پسىخىك ھالەتكە ئىگە كېلىدۇ.

ئادەم مەڭگۈ تۈز سىزىق بويىچە تەرەققىي قىلمايدۇ. بەزىلەر مەيۈسلىكتىن پايدىلىنىپ ئۆزلىرىنىڭ مەغلۇبىيەتلىك پسى-

خنكسىنى تولۇقلاپ، ئەمەلگە ئاشمايدىغان ئىشنى يۇرۇشتۇرۇپ كېتىدۇ. ئۇلار ئۆزىنى ئاقلاپ: «مەن ئەسلىدە ئۆزۈمدە ئۇنداق قۇدرەتنىڭ يوقلۇقىنى بىلەتتىم» دەيدۇ ـ دە! بۇ گەپنى كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر قېتىغا يوشۇرۇپ، ئۆز ـ ئۆزىگە تەسەللى بېرىشىدۇ.

مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۈمىدسىزلىك رېئاللىقتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، ئۆزىنى مەيۈسلەندۈرىدىغان بىر پاناھ جاي. شۇڭا، يېرىم مەغلۇپ بولغان ياكى پاسسىپ تەپەككۇر قىلىدىغان، كەسكىن بولمىغان ئادەمنى، ئۈمىدسىزلىكنى چىن نىيىتى بىلەن يېڭىپ كېتەلەيدۇ دەپ ئېيتىشقا بولمايدۇ. چۈنكى ئۇلار رىقابەتلىك جەمئىيەتتە قىيىنچىلىقلارغا يۈزلىنىشتىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بەزىلەر ئازدۇر ـ كۆپتۇر ئۆزىنى پەس كۆرۈش خاھىشىغا ئىگە كېلىدۇ. بۇ خىل خاھىشى كۈچلۈك ئادەملەر كومپلېكسلىق شەكىل بىلەن ئەمەس، بەلكى مەلۇم پاسسىپ تەپەككۇر شەكلى بىلەن ئۆزىنى قامچىلايدۇ، ئۆزىنى قاراڭغۇ ـ زۇلمەتلىك چۈشكۈن كەيپىيات ئىچىگە تاشلاپ قويۇشقا رازى بولىدۇ.

بۇ خىل ھەرىكەت نورمالسىزلىققا يېقىن كېلىپ قالىدۇ. ئەمما كىشىلەر ھەر قانداق ۋاقىتتا نورمال ھالىتىنى ساقلاپ قېلىشقا قادىر بولالمايدۇ. نورمال روھىي ھالەتنى ساقلاش مۇمكىن بولمايدىغان ئىشمۇ ئەمەس، ئۇ ئاكتىپ تەپەككۇر قىلىشتىكى نىشانلارنىڭ بىرى.

ئەڭ مۇھىمى، ئۆزىنىڭ ئوي ـ پىكرىگە ئىگە بولۇش ۋە ئۇنى تەقسىملەش، ئۆزىنىڭ ئېغى بويىچە ھەرىكەت قىلىش. ئەگەر ئۆزىنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشىدىن ئۈمىدسىز كەيپىياتنى جان دىل بىلەن ھەيدەپ چىقىرىمەن دەپ نىيەت قىلىدىكەن،

ئۇ غەلىبىگە قاراپ ماڭغان بولىدۇ.

ماتون. دىفرىست ئەڭ ياخشى مىسال بولۇپ، ئۇ يېقىندا تىز پۈكمەس ئىرادە بىلەن مەنىۋى جەھەتتىكى كرىزىسنى يەڭ-گەن.

ئۇ ئۈمىدسىزلىك بىلەن ناھايىتى ئۇزۇن كۈرەش قىلغان شەخس، ئۇ كۆڭۈلسىزلىك ئىچىدىن قاراڭغۇ ئىدىيىنى قوغلاپ چىقىرىپ، ئۇ يەردە قەلبىدىكى جاراھىتىنى داۋالىغان. ئەمما ئۇ ئاخىرى ئۆزىنىڭ ھەسرەتلىك تۇرمۇش شەكلىدىن بىزار بولغان. چۈنكى ئۇ روھىي جەھەتتە خاراكتېرىنى تەلتۆكۈس ئۆزگەرتە-لەيدىغان ھەقىقەتنى تونۇپ يەتكەن. ئۇ مەن يازغان ئاكتىپ تەپەككۇر قىلىش دېگەن كىتابنى ئوقۇغان، ئەڭ مۇھىمى، ئۇ كىتابتا يېزىلغانلارنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزگەن. ئاخىرى بىر كۈنى، ئۇ ئۆزى بىلەن ئۆزى كۈرەش قىلىپ «ئۈمىدسىزلىك» چاڭگىلىدىن قۇتۇلماقچى بولغان. ئۇ ئاشۇ خاراكتېرنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ، تەنتەنىلىك ھالدا:

— مېنىڭ گېپىمنى ئوچۇق ئاڭلا، مېنىڭ ھاياتىمنى سەن ئەمەس، ئۆزۈم بەلگىلەيمەن. كۆزۈمدىن يوقال، ھەرگىز يېنىمغا كەلگۈچى بولما! — دېدى.

«تەپەككۇر»نى ئوبيېكت قىلىپ تۇرۇپ، بۇنداق گەپلەرنى قىلسا، ئادەمنى ئەجەبلەندۈرىدۇ. ئەمما بۇ ھەرگىز ئەجەبلەنگۈ-دەك ئىش ئەمەس.

«تەپەككۇر» دېگەن ئىسمى بار جىسمى يوق نەرسە بول-ماي، بەلكى رېئال نەرسە. ئەگەر سىز ئەستايىدىل تۈردە قايتا ئويلانسىڭىز، سىزنى ۋەيران قىلىۋېتىدىغان خاراكتېرمۇ سىزدىن داجىيىدۇ. ئەگەر سىز بۇ خىل پوزىتسىيىنى تۈگەتمىسىڭىز، بۇز-غۇنچىلىق خاراكتېرىدىكى تەپەككۇر شەكلى سىزنى كېرەكتىن

چىقىرىدۇ. دىفىرىست مانا مۇشۇ ھەقىقەتنى تونۇپ يەتكەن.

بۇ ئاڭلىماققا خۇددى قاراڭغۇدا ئىسقىرتىپ ئۆزىگە مەدەت بېرىپ ماڭغاندەك تۇيغۇ بېرىدۇ. ئەمەلىيەتتە ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ئۇ ئۆزىنى قالتىس سەگىتكەنلىك بولۇپ، شەخسنىڭ مۇستەقىل ھوقۇقىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ، ناھايىتى ئېسىل خاسلىقنىڭ قۇدرىتىنى جارى قىلدۇرغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۆزىنى ئىدارە قىلىش، بۇ سىز چوقۇم قىلىشقا تېگىشلىك ئىش. ئۆزىنىڭ تەپەككۇرىنى ئىدارە قىلىشنى بىلىش كېرەك. ھەر خىل ئامىللار بىلەن غۇۋا تەپەككۇرنى چەكلەپ، ئاكتىپ پوزىتسىيە بىلەن خىزمەت قىلىش كېرەك. مانا بۇ ئۇمىدسىزلىكنى يېڭىش ئۇسۇللىرىنىڭ بىرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# چوڭقۇر تەپەككۇر قىلىش — ئۇلۇغ شەيئىلەرنى يارىتىدىغان بۆشۈك

*ئون مىنۇت ئۆزىڭىزنى ھېچقانداق دەخلى - تەرۇزغا ئۇچراتماي چوڭقۇر، ئىجادىي تەپەككۇردا بولۇڭ. ئاندىن ئى! قادىر تەڭرى ھەرقاچان بىزگە ياردەم بەرمەكتىسەن، ساڭا چىن دىلىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن، دەڭ.*

ئۈمىدسىزلىنىشنى يېڭىشنىڭ ئىككىنچى ئۇسۇلى «چوڭقۇر تەپەككۇر قىلىش». «چوڭقۇر تەپەككۇر قىلىش» ھەر كۈنى ئون مىنۇت ئېلىپ بارىدىغان، قاتتىق تاللاپ تەپەككۇر قىلىش تەرتىپى. بۇ خىل ئادەتنى توغرا، قانۇنىيەتلىك ئېلىپ بارغاندا، چوقۇم ياخشى نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. بىر كۈن داۋاملاشتۇرۇپ، ئىككى كۈن ئارام ئالىدىغان ئىش بولسا ھەرگىز ئۈنۈمى بولمايدۇ، پەقەت ھەر كۈنى كەم دېگەندە ئون مىنۇت داۋاملاشتۇرسا، ئاندىن نەتىجىسىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

بىر كۈن ئىچىدە، ھەر قانداق ۋاقىتتا، مەيلى كۈندۈزى ياكى كېچىسى بولسۇن، ئون مىنۇت «چوڭقۇر تەپەككۇر قىلىش»قا بولىدۇ. بۇنداق تەپەككۇر قىلىشقا ئالاھىدە ۋاقىت بەلگىلەش ھاجەتسىز. ئەمما بىر كۈندىكى 24 سائەت ئىچىدە چوقۇم ئون مىنۇتنى «چوڭقۇر تەپەككۇر قىلىش»قا سەرپ قىلىش كېرەك. بۇ ئۇسۇلنى سىستېمىلىق ھالدا ئېلىپ بارغاندا، ئۇزۇنغا قالمايلا، ئۇنىڭ ئۈنۈمىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

ئاۋۋال ئۆيگە كىرىپ ئىشىكنى ئىچىدىن تاقاپ جايىڭىزغا

بىرىپ جىممىدە ئولتۇرۇڭ. تېلېفون كەلسىمۇ ئالماڭ، ئىشىكنىڭ قوڭغۇرىقى چېلىنسىمۇ ئاچماڭ. ئون مىنۇت ئۆزىڭىزنى ھېچقانداق دەخلى ـ تەرۇزغا ئۇچراتماي چوڭقۇر، ئىجادىي تەپەككۇردا بولۇڭ. تومسون كارلىل شۇ يوسۇندا ئەقىل ـ پاراسەتكە تولغان تۆۋەندىكى سۆزلەرنى يېزىپ چىققان:

«چوڭقۇر تەپەككۇر — ئۇلۇغ شەيئىلەرنى يارىتىدىغان بۆشۈك»

«چوڭقۇر تەپەككۇر قىلىش»نى كونكرېت چۈشەندۈرۈڭ، بەش مىنۇت ئىچىدە پايانسىز بوشلۇقنى تەسەۋۋۇر قىلىڭ ھەم تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئويلاڭ:

ئۇلۇغ تەڭرى،

بىزنى سۆيگۈچى تەڭرى،

بىزنى پاناھىغا ئالغۇچ تەڭرى.

ئىچىڭىزدە مۇنداق دەڭ:

ئى! ھەممىگە قادىر تەڭرى ھەر قاچان بىزگە ياردەم بەرمەكتىسەن، ساڭا چىن دىلىمدىن رەھمەت ئېيتىمىز.

ئەگەر شۇنداق دېيەلىسىڭىز، چوقۇم كۆڭلىڭىز تىنچلىنىپ قالىدۇ.

كېيىنكى بەش مىنۇتتا كۆڭلىڭىزدە كىچىككىنە ئۈمىدسىزلىكنى تەسۋىرلەپ، پايانسىز سۈكۈتكە تاپشۇرۇۋېتىڭ، شۇنداقلا بارلىقىڭىزنى سۈكۈتكە تاپشۇرۇۋەتكەندىكى ھالەتلەرنى ئېنىق كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرۈڭ، بۇنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇندىيالىسىڭىز، كۆڭلىڭىزدىكى غۇۋا كۆلەڭگىنى يوقىتالايسىز ـ دە، كۆڭلىڭىز پاللىدە يورۇپ كېتىدۇ. تەپەككۇرىڭىز قانچە سۈزۈك بولسا، ئۈمىدسىزلىكنى يېڭىشنىڭ ئۇسۇلىنى شۇنچە كۆپ ئويلاپ چىقالايسىز!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# باش قېتىنچىلىقىڭىزنى ئىزهار قىلىڭ

*تەخىرىگە تىلاۋەت قىلىش، سىرداشلارغا قەلبىنى ئىزهار قىلىش، ئۆزىمىزنىڭ ئىدراكى، ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىغا تايىنىپ تەپەككۇر قىلىش كېرەك.*

ئۆمىدسىزلىكنى يېڭىشنىڭ ئۈچىنچى خىل ئۇسۇلى كۆڭلىڭىز يېقىن بىرەرسىنى تېپىپ باش قېتىنچىلىقىڭىزنى ئىزهار قىلىڭ. ئۆمىدسىزلىنىش كەيپىياتى تەپەككۇرىڭىزنى بوغقاندا، ئەگەر سىز ئاكتىپ پوزىتسىيىگە ئىگە كىشى بولسىڭىز مۇشۇ سەۋەبلىك تەسىرگە ئۇچراشتىن ساقلىنىپ قالىسىز. بىرەر كىشىنى تېپىپ باش قېتىنچىلىقىڭىزنى ئىزهار قىلسىڭىز، ساغلام ئىدىيىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىڭىزگە تېخىمۇ پايدىلىق.

بىر كۈنى، كاتىپ ئىشخانامغا كىرىپ، بىر قىزنىڭ مەن بىلەن كۆرۈشمەكچى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

—ئالدىن كېلىشىپ قويغانمۇ؟ ئۇ نېمە قىز؟ — دەپ سورىدىم. كاتىپ جاۋاب بېرىپ:

— ئالدىن كېلىشىپ قويمىغان. مەن پەقەت ئۇ قىزنىڭ ئىسمىنى بىلىمەن. ئۇ قىز يولدا كېتىۋېتىپ يولدىكى بەلگە تاختىسىدىن سىزنىڭ ئىسمىڭىزنى كۆرۈپتۇ. ئۇ قىزنىڭ دېيىشىچە ئۇ «ئاكتىپ تەپەككۇر قىلىش» ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەن، ئەمما ھازىر بىر مۇنچە باش قېتىنچىلىققا يولۇقۇپتۇ، ئۇ سىزنىڭ ياردەم بېرىدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىپ كەپتۇ، دېدى.

— ھە، شۇنداقمۇ؟ قېنى، كىرسۇن، پاراڭلىشىپ باقاي.

ھېلىقى قىز زېرەكلىك بىلەن:
— سىزنىڭ مەن بىلەن ئالدىن كېلىشىپ قويمايلا كۆ-
رۈشكەنلىكىڭىزگە رەھمەت، مەن ئەھۋالنى قىسقىلا چۈشەندۈ-
رەي، ماڭا تەكلىپ بەرسىڭىز، تەكلىپىڭىزنى ئاڭلاپلا قايتىمەن،
— دېدى.
ئۇ قىزنىڭ گەپ سۆزلىرىدىن گەرچە ناھايىتى ئوچۇق -
يورۇق قىز ئىكەنلىكى چىقىپ تۇرسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ كۆزلىرى
ئۇنىڭ دىلىدىكى غەشلىكنى يوشۇرۇپ قالالمىغانىدى. ئۇنىڭ
دېيىشىچە، ئاكتىپ كىشىلىك پوزىتسىيىگە ئىگە كىشىگە ئايلى-
نىش ئۈچۈن ناھايىتى تىرىشىپ ئۆگىنىپتۇ،ئەمما، نۇرغۇن قى-
يىنچىلىقلارغا دۇچ كەپتۇ، بۇ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش ئۈچۈن
شۇنچە تىرىشقان بولسىمۇ، ئۆزىدىكى ئۈمىدسىزلىك سەۋەبىدىن
غەلىبە قىلالمايلا قالماي، ئاكتىپ پوزىتسىيىسىمۇ كۆمۈلۈپ قاپ-
تۇ.
ئۇ قىز يەنە:
— ئەگەر ئۈمىدسىزلىكنى يېڭەلىسەم، ئەسلى ھالىتىمگە
قايتىپ كېلىشىمگە ئىشىنىمەن، شۇنىڭ بىلەن ئىشلارنىمۇ راۋان
بىر تەرەپ قىلالايمەن،— دېدى.
مەن مۇنداق دېدىم:
— قېنى، كۆڭلىڭىزدىكىنى ئېيتىڭ، مەن سىزگە ياردەم
بېرىمەن، بېشىڭىزنى قاتتۇرۇۋاتقان مەسىلىنى ئېنىقراق ئۇقاي،
ئۇنى ياخشى ھەل قىلىشنىڭ ئۇسۇللىرىنى بىرلىكتە تېپىپ
چىقىمىز.
شۇنىڭ بىلەن ئۇ خۇرسىنغان ھالدا ئۆزىنىڭ باش قېتىن-
چىلىقىنى بىرمۇبىر سۆزلەپ بەردى. ئۇ گەپلەرنى ناھايىتى رەت
- رېتى بىلەن بايان قىلاتتى، ئالدىدا دېگەن گەپلىرىنى پەقەت

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

تەكرارلىمايتتى. مېنىڭچە، ئۇ تەپەككۇرى چوڭقۇر كىشىلەردىن بولۇپ، ئاۋام تاپشۇرغان زور مەسئۇلىيەتلىك خىزمەتنى ئۈستىگە ئالغانىدى.

بىز يېرىم سائەتچە پاراڭلاشقاندىن كېيىن، ئۇ سائىتىگە بىر قاراپ قويۇپ:

— ۋاي ـ ۋوي، سىزنىڭ كۆپ ۋاقتىڭىزنى ئالدىم، تولىمۇ خىجىلمەن، سىزنىڭ نۇرغۇن ياردىمىڭىزگە ئېرىشتىم، تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈپلا ماڭا ئىنتايىن سەمىمىي مۇئامىلە قىلدىڭىز، مەن بۇنى مەڭگۈ ئۇنۇتمايمەن،— دېدى.

ئۇ گېپىنى تۈگىتىپلا قانداق تېز كىرگەن بولسا شۇنداق تېز چىقىپ كەتتى.

مەن ئۆزۈمنىڭ ئۇنىڭغا نېمە قىلىپ بەرگىنىمنى بىلمەيمەن. بىر هازادىن كېيىن ئۆزۈمنىڭ ئۇنىڭ گېپىنى زەن قويۇپ ئاڭلاش شەكلى بىلەن ئۇنىڭغا ياردەم بەرگەنلىكىمنى بىلدىم. چۈنكى ئۇ ماڭا ئىچ ـ قارنىنى تۆكۈۋېلىپ يېنىكلەپ قالغانىدى.

ئۈمىدسىزلىك كەيپىياتى كۆپىيىۋېرىپ جۇلىقىڭىزنى چىقىرىپ، ئاكتىپ پوزىتسىيىڭىزنى ۋەيران قىلاي دېگەندە ئىش بىلىدىغان، ئاكتىپ پوزىتسىيىدىكى بىرەر كىشىنى تېپىپ، ئۇنىڭغا ئىچ ـ قارنىڭىزنى تۆكۈڭ. ئەگەر روھىي هالىتىڭىز ساغلام بولىدىغان بولسا، ئۈمىدسىز، پاسسىپ ئىدىيىلەر سىزنى ئاۋارە قىلالمايدۇ.

بىرنەچچە يىلدىن كېيىن، بىر قېتىملىق نۇتۇق سۆزلەش يىغىنىدا، هېلىقى قىز مەن بىلەن پاراڭلىشىش ئۈچۈن ئۇزۇن ئۆچىرەتتە تۇرۇپتۇ، ئۇ ئەينى ۋاقىتتىكى ئەهۋالنى ئەسلەپ: «ئۇ كۈنى سىز مېنى كىرىزىستىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقتىڭىز، هازىر ئىشلىرىم ناهايىتى ئوڭۇشلۇق كېتىپ باردۇ» دېدى.

خۇددى بۇ مىسالغا ئوخشاش، پەقەت باشقىلارغا «دەرت تۆكۈش» شەكلى بىلەنلا ئۇمىدسىزلىك كەيپىياتىنى تۈگىتەلمەيسىز، ئەمما ئىچ ـ باغرىمىزدىكى گەپنىڭ ھەممىنى تۆكۈۋېتىش، ھەقىقەتەن پايدىلىق.

مەيۈسلۈك كەيپىياتىنى ئۈنۈملۈك تۈگىتىشتىكى ئۈچ ھېكمەت: 1. تىلاۋەت قىلىش، 2. سۆزلەش، 3. تەپەككۇر قىلىش.

بۇ تەڭرىگە تىلاۋەت قىلىپ، قەلبىمىزدىكى بارلىق دەردلەرنى تۆكۈۋېتىش ياكى چۈشىنىدىغان كىشىگە قەلبىنى ئىزھار قىلىش دېگەنلىك. ئۆزىمىزنىڭ ئىدراكى، ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىغا تايىنىپ تەپەككۇر قىلىش كېرەك.

بۇ يەردىكى مەخپىي سىر، باشقىلارغا باش قېتىنچىلىقىمىزنى سەممىيلىك بىلەن سۆزلەپ بېرىش، ھېسسىياتقا بېرىلمەسلىك، ئىدراكقا تايىنىپ قەلبىمىزدىكى ئۈمىدسىز ئوي ـ خىيالنى تازىلاپ چىقىرىۋېتىش، شۇنداق قىلغاندىلا، ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# «ئاكتىپ ھەرىكەتكە كېلىش» ئۇخلىيالماسلىققا تاقابىل تۇرۇشنىڭ ياخشى رىتسېپى

*ھەركۈنى كۆڭلىمىزگە تايىن بولغان ئىشلارنى تەپەككۇر قىلىپ تۇرۇشىمىز كېرەك. بولمىغۇر خىياللار يىغىلىۋەرسە، كىشىنى مەيۈسلەندۈرىدىغان روھىي كەيپىيات پەيدا قىلىدۇ، شۇڭا پۈتۈنلەي ئىشلارنى كۆڭلىمىزگە سېلىپ قويۇشنى ياكى ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىشنى ئۆزىمىز قارار قىلىشىمىز كېرەك.*

مېنىڭ بىر دوستۇم بولىدىغان، ئۇ كەينى ـ كەينىدىن كەلگەن كۆتۈرۈلۈپ قوپقۇسىز ئۇخلىيالماسلىققا ئۇچراپ كەتتى. ئەمما ئۇنىڭ ئېتىقادى تولىمۇ كۈچلۈك بولغاچقا، ئۆزىگە كەلگەن ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرگە قەتئىي تىز پۈكمەس ئىرادە بىلەن مۇئامىلە قىلدى. ئۇ تەمكىنلىك بىلەن تەپەككۇر قىلىشنى بىلىدۇ، ئىشلىرى يۈرۈشمىسە، كەيپىسىزلىنىپ ھەرگىز باشقىلارنى ئەيىبلەپ يۈرمەيدۇ. قىيىنچىلىقلارنىڭ سەۋەبىنىڭ ئۆزىدە ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ.

ئۇ:

— ئادەم ئۆز ئۆمرىدە ھامان بىرنەچچە قېتىم ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرگە يولۇقىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىش كېرەك، — دەيدۇ.

ئۇ ئۆزىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى قەتئىي ھەم ئىدراكى ھالدا كۆزىتىپ، دادىللىق بىلەن ئۆزىنىڭ سەۋەنلىكلىرىنى تەھلىل قىلىپ، ئاندىن ئۆزىدىكى پاسسىپ ئامىللارنى بىر ـ بىرلەپ

تۈگەتتى.

دېمىسىمۇ ئۇ ئەقىللىق كىشىلەر قىلالايدىغانلىكى ئىشلار-نىڭ ھەممىسىنى قىلدى. ئەمما ئۈمىدسىزلىكمۇ ئۇنى قويۇۋەتمەي چىڭ يېپىشتى. ئۇ ئاستا ـ ئاستا، ئۈمىدسىزلىككە تەسلىم بولدى. ئۈمىدسىزلىك ئىدىيىسى ئۇنىڭ يۈرىكىنى قامال قىلىپ، ئۇنىڭ تەۋرەنمەس ئېتىقادىنى چىرىتىشكە باشلىدى. بۇ چاغدا ئۇ تۈيۈقسىز «تۆزىتىش ھەرىكىتى»نى قوللاندى. مەيلى قايسى خىل مەغلۇبىيەتلىك ھالەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بولسۇن، چو-قۇم كۆتۈرەڭگۈ روھ، ئېتىقادنى سىناق قىلىپ بېقىشنى بېتەكچى قىلغان ھالدا تۆزىتىش ھەرىكىتىنى قوللىنىش كېرەك. بۇ يەردى-كى مۇھىم ھالقا «ھەرىكەت»تە. پەقەت توغرا ھەرىكەت قوللان-غاندىلا خاتالىقنى تۈزەتكىلى بولىدۇ. بۇ نۇقتا تولىمۇ مۇھىم. مەسىلە ئۆزىمىزدە نېمە يۈز بەرگەنلىكىدە ئەمەس، بەلكى ئۆزى-مىزدە يۈز بەرگەن مەسىلىنى قانداق تونۇشتا. مەسىلەن: ھېس-سىياتقا بېرىلمەسلىك بولسا پاسسىپ بولماي، بەلكى ئاكتىپ ئوبيېكتىپ بولىدۇ، توغرا تەپەككۇر قىلغاندا، قەيسەر ئىرادە بىلەن ئۇنىڭغا ھەرىكىتىنى قوللانغىلى بولىدۇ.

ھەر كۈنى كۆڭۈلسىزگە تايىن بولغان ئىشلارنى تەپەككۇر قىلىپ تۈرۈشىمىز كېرەك. بولمىغۇر خىياللار يىغىلىۋەرسە، كى-شىنى مەيۈسلەندۈرىدىغان روھىي كەيپىيات پەيدا قىلىدۇ، شۇڭا بۇنداق ئىشلارنى كۆڭۈلسىزگە سېلىپ قويۇشنى ياكى ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىشنى ئۆزىمىز قارار قىلىشىمىز كېرەك.

بۇ مېنىڭ دوستۇم چىقارغا ئەمەلىي خۇلاسە. ئۇ ئۈمىد-سىزلىككە جار سېلىپ:

— مېنىڭ يېنىمدىن نېرى كەت!— دېگەن.

نەتىجىدە ھەقىقەتەن شۇنداق بولدى. ئەلۋەتتە قارشىلىقا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇچرىشىمۇ مۇمكىن. مۇشكۇل ئەھۋاللاردا پەقەت قەتئىي بويسۇنماس ئىرادە بىلەن يۈزلەنگەندىلا، ئۈمىدسىزلىكنى يەڭگىلى بولىدۇ. ئۇ كۆرەڭلىگەن ھالدا:

— مېنىڭ قوللانغىنىم تامامەن ئاددىي ھەم قەدىمىي ھەرىكەت. مەن ھېچنېمىنى تەپەككۇر قىلمايدىغان ئادەملەردىن ياكى ئۆزىنى ئۆزى مەيۈسلەندۈرىدىغان كىشىلەردىن ئىنتايىن بىزار. مەن پەقەت ھەرىكەت، ھەرىكەت، يەنە ھەرىكەت قىلىش: تۈزدىتىش ھەرىكىتىنى ئېلىپ بېرىش كېرەك دەپلا ئويلايمەن، — دېدى.

— ماڭا قانداق ھەرىكەت قوللانسام بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرەمسىز؟ تۈزىتىش ھەرىكىتى دېگەن زادى قانداق بولىدۇ؟ دېدىممەن ئۇنىڭغا ئىلتىجا قىلىپ.

ئۇ ئالدى بىلەن جىسمانىي ھەرىكەت قوللانغان.

ئۇ ئەمدى يەنە مەيۈسلىنىپ يۈرۈۋەرمەيدىغان بولدى. ئىچىدە: «مەن نېمە ئۈچۈن بۇ ھالغا چۈشۈپ قالدىم؟» دەپ ئويلايتتى. ئۇ سىرتلارغا چىقىپ تىنماي ماڭاتتى ياكى سۇ ئۈزۈشكە باراتتى ۋە ياكى بېرىپ گولف توپ ئوينايتتى. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى تەپەككۇرنى بوغۇپ تۇرغان چوڭ مەركىزىي نېرۋىگە بولغان بېسىمنى تۆگىتىپ، ئۇنى تەپەككۇر قىلىشتىن ھەرىكەت قىلىشقا ئېلىپ باردى.

ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنىڭ كاللىسى سەگەكلىشىپ، روھىي ھالىتىمۇ بارا - بارا ياخشىلاندى. قان ئايلىنىشى راۋانلىشىپ، يۈرەك ئىقتىدارىمۇ كۈچەيدى. ھەر خىل ئىجادىي پىكىرلەر كاللىسىدا بىخ ئۇرۇشقا باشلىدى. بىر كۈنى ئۇ ناھايىتى شادلانغان ھالدا:

— مەن ئۈمىدسىز كەيپىياتتىن قۇتۇلدۇم، — دېدى.

ئۇ ئىلگىرىكى جانلىق ھالىتىگە قايتىپ كەلگەنىدى. گەرچە ئۇ بۇنى ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىت ئىچىدە ئەمەلگە ئاشۇرغان بولسىمۇ، ئەمما بۇرۇنقى جانلىق، تېتىك ھالىتىگە تەسەۋۋۇرىدى-كىدىنمۇ تېز قايتىپ كەلدى.

پەقەت كۆچلۈك تۈزەش كۆچىگە ئىگە ئاكتىپ ھەرىكەت قوللانغاندىلا، ئىشلارنى ياخشىلاش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتۈرگىلى بولىدۇ. بەدەن ھەرىكەت قىلىشقا ئۆتكەندىن كېيىن، روھىي ۋە تەپەككۇر جەھەتتىمۇ روشەن ھالدا ياخشىلىنىش بولىدۇ. ئۇ ھەر بىر مەسىلە ۋە قىيىنچىلىقلارغا يۈزلەنگەندە، ھەر بىر ئىشنى تەپەككۇر قىلغاندا، بۇلار ئۇنىڭغا نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگەتتى. بۇ چاغدا ئۇمۇ مەن دائىم نەقىل كەلتۈرىدىغان «ھەر قانداق قىيىنچىلىقلارنىڭمۇ ئۆزىگە خاس ئارتۇقچىلىقلىرى بولىدۇ» دېگەن ھېكمەتتە ئېيتىلغان تەپەككۇر پەللىسىگە يەتكەنىدى.

ئۇ جاپا ـ مۇشەققەت ۋە راھەت ـ پاراغەتتە بىللە بولۇش دېگەن ھەقىقەتنى چۈشەنگەندىن كېيىن، ئىشلارنىڭ ئۇنچە ئوسال ئەمەس ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئەھۋاللارمۇ ئۇنىڭغا نىسبەتەن ياخشىلىنىشقا قاراپ ماڭغاندەك قىلاتتى. ئۈمىدسىز، پاسسىپ پوزىتسىيىدىن پەيدا بولغان دەرمانسىزلىق تۇيغۇسى، ئاكتىپ پوزىتسىيە ۋە ھەرىكەت تەرىپىدىن نەلەرگىدۇر غايىپ بولغانىدى.

## جاپا ـ مۇشەققەت، قىيىنچىلىق، نامراتلىق — «ئۈچ بۈيۈك ئۇستاز»دۇر

*بىرەر قىيىن ئىشقا يولۇققاندا ئۇنىڭ ناچار تەرىپىنىلا ئويلىماسلىق.*

*باشقىلارنى ۋە ئۆزىنى سۆيۈش.*

*ئىلاۋەت قىلىش، ئىشەنچ باغلاش، يولغا قويۇش، ئىنساندىيەتنى سۆيۈش، بۇ ئارقىلىق ئۇلۇغ شەخسلەردىن بولۇپ چىقىش ئۈچۈن ھەرقايسى جەھەتلەردىن يېتىلىش.*

ئالدىنقى بابلاردا ئېيتتىم، مەن ئاددىي خىزمەتكە ئېرىشەلىگەنلىكىمنى بەخت ھېسابلايمەن، دەپ.

مەن تۆت دىنىي جەمئىيەتتە ۋەزىپە ئۆتىگەن، يەنە كېلىپ ۋەزىپەم تولىمۇ ئېغىر، مۇخلىسلارمۇ ئاز ئىدى، دىنىي جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات ئاساسى ئاجىز بولۇپ، ناچار ئەھۋالدا تۇرۇۋاتاتتى. ئەمما ناچار ئەھۋاللارنىڭمۇ ئۆزىگە چۇشلۇق ئارتۇقچىلىقى بولىدۇ. بۇ چاغدا بىزگە يۇقىرىغا قاراپ ماڭماقتىن باشقا يول يوق ئىدى. مەن بۇ يەردە مۇشۇ ئەمەلىيەتنى ئالاھىدە تەكىتلەيمەن.

ناۋادا شەرت ـ شارائىتى ياخشى خىزمەتلەرگە ئېرىشكەندە، چوقۇم ئىرىشىپ ئۆنى قوغداپ، پۈتۈن زېھنىنى ئىشقا سېلىپ قانداق قىلغاندا تېخىمۇ يۇقىرى ئۆرلەش توغرىسىدا باش قاتۇرۇش كېرەك. ماڭا نىسبەتەن، ھەر قانداق خىزمەتتىن ئېرىشكەن قانائەت تۇيغۇم، ئوڭۇشسىز ياكى كەينىگە قاراپ ماڭغان خىز-

مەتكە مەسئۇل بولۇپ، مۇشۇ خىزمەتنى ياخشىلاپ، گۈللەپ ياشنىتىشتىن ئىبرىشكەن قانائەت تۇيغۇمغا يەتمەيدۇ. شۇڭا مەن ئۆزۈمنى تولىمۇ بەختلىك ھېس قىلىمەن.

ئەلۋەتتە، مەن شۇنىمۇ ئېتىراپ قىلىمەنكى، ھەر بىر دىنىي جەمئىيەت ماڭا ناھايىتى چوڭ ئۈمىدسىزلىكلەرنى ئېلىپ كەلدى. ئەمما مەن ھەر قېتىم ياخشى ئادەملەرگە ئۇچراپ تۇردۇم، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگەندىم. مەن ئاكتىپ تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلىنى مانا مۇشۇنداق تەجرىبىلەردىن خۇلاسىلە چىققانمەن.

جاپا ـ مۇشەققەت، قىيىنچىلىق، نامراتلىق بولسا ئۈچ مۇنەۋۋەر ئۇستاز. كۆز ـ قۇلىقى ۋە قەلبى ئارقىلىق بۇ ئۈچ ئۇستاز بىلەن ئۇچراشقان ئادەم ناھايىتى بەختلىك. ئۇلار بۇ ئۈچ ئۇستازدىن چوقۇم ئىنتايىن قىممەتلىك نەرسىلەرنى ئۆگىنەلەيدۇ.

مەن جاپا ـ مۇشەققەتلىك مۇھىتتا مۇنداق تۆت تۈرلۈك قىممەتلىك تەجرىبىنى ئۆگەندىم ھەم دائىم بۇلار ئارقىلىق ئۈمىدسىزلىكنى يېڭىپ كەلدىم. بۇ تۆت تۈرلۈك تەجرىبە مۇنۇلار:

1. بىرەر قىيىن ئىشقا يولۇققاندا كەچكىچە ئۇنىڭ ناچار تەرىپىنىلا ئويلىماسلىق.

2. باشقىلارنى ۋە ئۆزىنى سۆيۈش.

3. چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى ئويلاش كېرەك. تىلاۋەت قىلىش، ئىشەنچ باغلاش، يولغا قويۇش، ئۇلارنى سۆيۈش، بۇ ئارقىلىق ئۇلۇغ شەخسلەردىن بولۇپ چىقىش ئۈچۈن ھەر قايسى جەھەتلەردىن يېتىلىش.

4. ئىشەنچ باغلاش، كەلگۈسىگە، ئۆزىمىزگە ئىشەنچ باغلىشىمىز كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاكتىپ تەپەككۇرغا ئىگە ئادەملەرمۇ ئادەم، ئەلۋەتتە، بەزىدە ئادەم چۈشكۈنلىشىپ كېتىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولىدۇ. خۇددى، يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمدەك، ھەر قانداق ئادەم كەيپىياتىنىڭ ياخشى ـ يامانلىق ياكى ھېسسىياتىنىڭ ئۆزگىرىش تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. ئەمما ئاكتىپ پوزىتسىيىگە ئىگە كىشى تەپەككۇر ئىقتىدارى ۋە مەنىۋى ئىقتىدارىنى چېنىقتۇرۇپ، ھەر قانداق ئەھۋالدا ئۆزىنىڭ تەپەككۇر ئۇسۇلىنى يوقىتىپ قويمايدۇ. ئۇلار ئۆزىنى ھېسسىيات بىلەن ئەمەس، بەلكى ئەقلىي ئىدراك بىلەن تۇتۇپ تۇرىدۇ. شۇڭا ئۇلار گەرچە تاسادىپىي قايغۇ ـ ھەسرەتلەرگە مۇپتىلا بولسىمۇ، ئەمما ساغلام ئەقىل ۋە ئوبيېكتىپ پوزىتسىيىگە تايىنىپ، ئۈمىدسىزلىكنى يېڭىپ، ئۇنى ئوڭۇشلۇق بىر تەرەپ قىلىدۇ. ھەر قانداق مەغلۇبىيەتلەردىن ئۈمىدسىزلەنمەيدۇ ۋە ئۇنىڭدىن ۋاز كەچمەيدۇ. ئۇ مەغلۇبىيەتنى ئاسانلا ئۇنتۇپ قىيىنچىلىقلارغا جەڭ ئېلان قىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



پوزىتسىيە ھەممىنى بەلگىلەيدۇ!

# سەككىزىنچى باب تىلنىڭ قۇدرىتى

## — «ئاكتىپ تىل» خاراكتېر ۋە ھاياتىڭىزنى مۇكەممەللەشتۈرىدۇ



# ھەرگىز «سوغۇق سۇ سېپىدىغان سۆز»نى قىلماڭ

*بىزنىڭ ئىشلىرىمىزنى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىدىغان تىللارنى قەلبىمىزدىن تازىلاپ، قەبرىگە دەپنە قىلىۋېتەيلى!*

«ئاكتىپ تەپەككۇر قىلىدىغان» ئادەملەر تىلنى قانداق تاللاپ ئىشلىتىشنى بىلىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە تەسىر يەتكۈزىدىغان پاسسىپ تىللارنى (مەسىلەن: قىلالمايمەن، مۇمكىن ئەمەس دېگەنگە ئوخشاش) ئىشلەتمەيدۇ، ئۇلار كاللىسىدىن بۇ خىل تىللارنى پۈتۈنلەي تازىلاپ چىقىرىۋەتكەن.

پاسسىپ تىل سىزنىڭ پاسسىپ ئىدىيىگە ئىگە ئىكەنلىكىڭىزنى ئىسپاتلاپلا قالماي، بەلكى سىزگە يامان تەسىر ئېلىپ كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەڭ مۇھىمى ئاكتىپ تەپەككۇرىمىزدىن پاسسىپ تىللارنى سىقىپ چىقىرىۋېتىپلا قالماي، بەلكى ئادەمنى مەغلۇبىيەتكە ئېلىپ بارىدىغان تىللارنى ئۇنتۇپ كېتىشىمىز كېرەك.

مەلۇم بىر گۇرۇھ بىر پارچە يەر سېتىۋېلىپ، ئۇ يەرگە كۆلىمى كەڭرەك ئاممىۋى ئەسلىھەلەرنى سالماقچى بوپتۇ، بىراق ئۇلارنىڭ ئىچىدە بەزىلەر پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ـ ئاشۇرالماسلىق ھەققىدە شۈبھىلىنىپ قاپتۇ. ئۇلار كەچكىچە: «ناۋادا تېخىمۇ كۆپ قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەشكە ئېرىشەلمىسەك»، «ئەگەر تېخىمۇ كۆپ مەبلەغ بولغان بولسا»، «ئەگەر بۇنداق بولسا، ئەگەر ئۇنداق بولسا...»، «ئىشقا ئاشمايدۇ» دېگەن گەپلەرنى

قىپتۇ، جاھاندا ئىشلارنى مەغلۇبىيەتكە سۆرەيدىغان بۇنداق «ئەگەر، ئەگەر» دېگەن سۆزدىنمۇ ئارتۇق تەمسىز سۆز بولمىسا كېرەك. بۇ گۇرۇھتىكى يەنە بەزىلەر: «ئۇ ئىشنى ئىشقا ئاشۇرال-مايمىز، ئۇ مۇمكىن ئەمەس، بۇمۇ بولمايدۇ، ئۇنىمۇ ئىشقا ئاشۇرالمايمىز» دەپ ئادەمگە سوغۇق سۇ سېپىدىغان سۆزلەرنى قىپتۇ. يەنە بەزىلەر ناھايىتى كەسكىن ھالدا: «ئۇ ئىش مۇمكىن ئەمەس»، «مەيلى قانداقلا قىلمايلى، ئىشقا ئاشۇرۇش مۇمكىن ئەمەس، بۇمۇ بولمايدۇ، ئۇمۇ مۇمكىن ئەمەس» دېگەندەك كى-شىنىڭ دېمىنى سىقىدىغان پاسسىپ سۆزلەرنى ئەزۋەيلىگىلى تۇرۇپتۇ.

ئەمما بۇ چاغدا بېغىلىق يارىتىپ ئاكتىپ تەپەككۇر قىلى-دىغان بىرەيلەن ئىنتايىن ياخشى بىر لايىھەنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

ئۇ مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ بىرى بولۇپ، سېخىيلىق بىلەن مەغلەغ چىقىرىپ، بىر پارچە يەر تەلەپ قىلغاندا، ھېچكىم قارشى چىقماپتۇ. ئۇ ھېلىقى يەرنى «قەۋرىستان» لىققا ئىشلىتىمەن دې-گەندە، كىشىلەر كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ داڭقېتىپ قاپتۇ. ئۇ ئاشۇ يەرنىڭ چەت ـ چۆرىسىنى قورۇق تام بىلەن ئېتىپ، ئۇنىڭ ئىچىگە ئۈچ قەۋرە تېشى قاتۇرۇپتۇ. كىشىلەر ئاخىرەتلىك ئىشلارنى ئۆتكۈزگەندە يىغىلىپ، ئۇنىڭ قەۋرە تېشى ئۈچۈن ئۆتكۈزگەن يوپۇق ئېچىش مۇراسىمىغا قاتنىشىپتۇ. بىرىنچى قەۋرە تېشىدا «ئەگەر» دېگەن خەت، ئىككىنچى قەۋرە تېشىدا «قىلالمايمەن» دېگەن خەتلەر كىشىلەرنىڭ كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىغان بوپتۇ.

— شۇنداقمىكىن دېگەنگە ئوخشاش بىزنىڭ ئىشلىرىمىزنى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىدىغان تىللارنى مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلىۋەتى-نىم، مۇشۇ يەرگە مەڭگۈ بەند بولۇپ كەتسۇن!» دېدى ئۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

تەمكىنلىك بىلەن. ئۇ ئىپادىلىمەكچى بولغان، مەنىسى تولىمۇ چوڭقۇر بۇ ھېكمەتنى كىشىلەر قەلبىگە نەقىشتەك ئويۇپ قويغانىدى.

كېيىن بۇ گۇرۇھ كىشىلەرنى ھاڭ ــ تاڭ قالدۇرىدىغان ئالەمشۇمۇل نەتىجىلەرنى ياراتتى، بۇ «ئاكتىپ تەپەككۇرغا ئىگە» ئادەملەرنىڭ پاسسىپ، مەغلۇبىيەتلىك تىللارنى قەلبىدىن پۈتۈنلەي تازىلاپ، قەبرىگە دەپنە قىلىۋەتكەنلىكىنىڭ سەرمايىسى!

# «كېيىنكى قېتىم» بىزگە يەنە بىر يول ئېچىپ بېرىڭ

*كىشىنىڭ نىيەت ـ ئىقبالى شۇ كىشىنىڭ پوزىتسىيە ۋە ئىشەنچىسىدە ئەكس ئېتىپ، ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەت ۋە مەغلۇبىيىتىنى بەلگىلەيدۇ.*

مەشھۇر روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرى سىمەيرى. بوراندنىڭ دېيىشىچە، ئۇنىڭ كېسەللىرىنىڭ ئىچىدە: «ئەگەر، ئۇ ئىشنى قىلمىغان بولسام...» ياكى «پەقەت شۇنداق قىلغان بولسام...»، «ئەگەر قانداق» دېگەن ئەمەلىيەتكە ياتمايدىغان سۆزلەرنى قىلىشنى ياقتۇرىدىغان كىشىلەر كۆپ ئىكەن.

دوكتور بوراند تەسەۋۋۇرغا مۇراجىئەت قىلىش ئۇسۇلى بىلەن خۇشاللىنارلىق ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. دوكتور ھەر بىر كېسەلنىڭ تەسەۋۋۇرىنى قاناتلاندۇرۇپ، خاتىرىسىدىن «ئەگەر قانداق» دېگەن سۆزنى چىقىرىپ تاشلاپ، ئاندىن «كېيىنكى قېتىم» دېگەن سۆزنى كىرگۈزۈشكە يېتەكچىلىك قىلدى. شۇڭا بىز چوقۇم بۇنداق يېڭى سۆزلەرگە قۇلاق سېلىپ، يېتەكچى بولغان نىشانىمىزغا يېتىپ، شۇ يەردىكى شادلىق تۇيغۇسىدىن بەھرە ئېلىشنى بىلىشىمىز كېرەك.

مانا مۇشۇنداق تەسەۋۋۇر ئارقىلىق داۋالاش ئۇسۇلىنى قوللانغاندا، «ئەگەر، قانداق» دېگەن پاسسىپ قاراشنى ئۈنۈملۈك تۈردە تۈگىتىپ، «كېيىنكى قېتىم» دېگەن ئاكتىپ ئىشەنچكە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

كىشىنىڭ نىيەت ـ ئىقبالى شۇ كىشىنىڭ پوزىتسىيە ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىشەنچىسىدە ئەكس ئېتىپ، ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەت ۋە مەغلۇبىيەتىنى بەلگىلەيدۇ. كەچكىچە «ئەگەر ئاشۇنداق قىلغان بولساق» دەپ ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتكەن، قىممىتىنى يوقاتقان ئىشلارنى ئەسلەش، قىلچە ئەھمىيىتى يوق ئۈمىدسىز ھەرىكەتتۇر.

يەنە مەسىلەن: ئەگەر ئۇ پاي چېكىنى سېتىۋالغان بولسام، ئەگەر ئۇ چاغدا ساتمىغان بولسام، ئەگەر ئۇ خىزمەتنى ئىشلىگەن بولسام، ئەگەر يولدىشىمغا غەزەبلەنمىگەن بولسام، ئەگەر ئايالىمنى خورلىمىغان بولسام... دېگەن گەپلەرنى قانچە قېتىملاپ ئەزۋەيلىگىنىڭىزنى ئويلاپ باقتىڭىزمۇ؟

«ئاكتىپ تەپەككۇر قىلىدىغان» كىشىلەر، ئۆزىنىڭ گۇناھىنى باشقىلارغا ئارتىپ قويىدىغان مەسئۇلىيەتسىزلىكنى ھەرگىز قىلمايدۇ. شۇنداقلا «ئەگەر شۇنداق قىلغان بولسام» دېگەن پاسسىپ خىياللارنىمۇ سۈرمەيدۇ. ئۇلار تېخىمۇ ساغلام، تېخىمۇ ئاكتىپ، ئۈمىدكە تولغان ئويلاردابولۇپ، «كېيىنكى قېتىم» دېگەن ھاياتىي كۈچكە تولغان گۈزەل ئارزۇلاردا بولىدۇ؛ بۇ گۈزەل ئارزۇلار ئۇلارنى ئالەمشۇمۇل نەتىجىلەرگە ئېرىشتۈرىدۇ.

ئەگەر ئۇلار قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى ياخشى قىلالمىسا ياكى قىلمايدىغان ئىشلارنى قىلىپ قويۇپ خاتالىق سادىر قىلسا، ئۇ خاتالىقلاردىن ۋاز كېچىپ، كۆڭلىدە: «كېيىنكى قېتىم تېخىمۇ ياخشى قىلىمەن، تېخىمۇ زېرەكلىك بىلەن ھەرىكەت قىلىمەن، كېيىنكى قېتىمدا تېخىمۇ ياخشى ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولىمەن» دەپ ئويلايدۇ.

«كېيىنكى قېتىم» دېگەن سۆز، ئالغا ئىلگىرىلەش، يۇقىرى ئۆرلەشنى مەقسەت قىلغان بولىدۇ. «ئەگەر ئاشۇنداق قىلغان بولسام» دېگەن ئوي، ئۆتكۈزگەن خاتالىق ۋە مەغلۇبىيەتلەرگە ئېسىلىۋالغانلىق بولىدۇ. ئۇنى ھەر قانچە ئويلىغان بىلەنمۇ ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمايدۇ.

# قارا قويۇن «ئۇلۇغۋار غايە ـ جەسۇرانە ئىرادە»نى ھېچنېمە قىلالمايدۇ

*«ئەگەر» ، «قىلالمايمەن» ، «مۇمكىن ئەمەس» ... دېگەنگە ئوخشاش پاسسىپ سۆزلەر بىزگە ھۇجۇم قىلىپ كەلسە ئۇنى «كېيىنكى قېتىم» ، «مۇمكىن»... دېگەندەك ئاكتىپ ئىبارىلەر بىلەن قارشى ئېلىشىمىز كېرەك.*

يازنىڭ ئاخىرلىرى لوس غەربىي يايلاقتىكى بىر دىنىي جەمئىيەتنىڭ كەچلىك زىياپىتىدە، داكتا شتاتىدىكى بىر دېھقان بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدۇ. لوس مەملىكەت ئىچىدىكى دىن تارقىتىش ئۆمىكى دىنىي مەزھەپ كومىتېتىنىڭ پالاتا باشلىقى ئىدى. ئۇ دىنىي جەمئىيەتنىڭ كېڭەش يىغىنىدا سۆز قىلدى. كەچلىك زىياپەتتە، ئۇ ھېلىقى دېھقاننىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، ئۇنى پاراڭغا تۇتىدۇ. دېھقان ئانچە جىق گەپ قىلمايتتى، شۇڭا لوسنىڭ پارىڭىغا ئانچە قىتىلىپ كېتەلمىدى. لوس ئۇنىڭ قانداق تېمىدىكى پاراڭغا قىزىقىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى، شۇڭا ئۇ دېھقاندىن:

— بۇ يىل ھوسۇلنى قانداقراق ئالدىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

— تازا ياخشى ئەمەس، ھېچقانچە ھوسۇل ئالمىدىم، ئەمما نېمىلا بولمىسۇن ھەر ھالدا %10 ھوسۇل بار، شۇغىنىسى ئاكام قۇرۇق قول قالدى.

لوس تولىمۇ ھەيران بولغان ھالدا:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— ئۇ نېمە ئۈچۈن؟ — سورىدى.

— قارا قۇيۇننىڭ كاساپىتى بولمامدۇ. ئۇن مىنۇت ئىچىدىلا ھەممىنى تۈزىتىۋەتتى، — دېدى ئۇ سۈكۈتكە چۆمگەن ھالدا.

— سىز شۇنداق ئېغىرچىلىقلارغا قانداق تاقابىل تۇردىڭىز؟

— سىز مېنى قانداق قىلدىڭىز دېمەكچىمۇ؟ — دېدى ئۇ بىر پەس شۈككىدە بولۇپ، — قانداق قىلاتتىم دەيسىز، مەن پەقەت ئۇلارنى ئۇنتۇپ كېتىشكە تىرىشتىم.

بۇ ئادەم كۆپ يىللاردىن بېرى تەبىئەت بىلەن ئورتاق تۇرمۇش كەچۈرۈپ كېلىۋاتاتتى. بوران ـ چاپقۇن، ئىسسىق ـ سوغۇق ۋە قارا قۇيۇن بىلەن بىرگە ياشاپ، مول ھوسۇل ئالغان چاغلىرىمۇ، قەرزگە بوغۇلۇپ قالغان ۋاقىتلىرىمۇ بولغان. ئۇنىڭ خىزمىتى بىزگە نازۇ ـ نېمەتلەرنى ئاتا قىلىۋاتقان مۇشۇ زېمىنگە قاراۋۇللۇق قىلىش ئىدى. بۇ مۇنەۋۋەر دېھقان قارا قۇيۇن ئېلىپ كەلگەن ئاپەتنى كىشىلىك ھاياتىنكى قۇتۇلغىلى بولمايدىغان بىر پاكىت دەپ قاراپ، ئۇنى قوبۇل قىلغانىدى. ئۇ ھەرگىز «ئەگەر قارا قۇيۇن چىقمىغان بولسا» دەپ ئويلىمىغانىدى ھەم ئاھ ئۇرۇپ، ھەسرەت چەكمىگەن، بەلكى كېيىنكى قېتىم تېخىمۇ ياخشى مول ھوسۇل ئېلىشنى نىيەت قىلغانىدى. مەيلى قانداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالمىسۇن، ئۇ ھەرگىز تىز پۈكمەي، ئۆزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلەپ، يېڭىۋاشتىن ئىش باشلايتتى. ئۇ ئاكتىپ پوزىتسىيىگە، ئۇلۇغۋار غايىگە ئىگە بولۇپ، بارلىق قىيىنچىلىقلارغا باتۇرلۇق بىلەن يۈزلىنەلەيدىغان كىشىلەردىن ئىدى. ئۇ بۇ دۇنيادا ياخشىلىقنىڭ ھامىنى يامانلىق ئۈستىدىن غالىب كېلىدىغانلىقى، بىر كۈن بولمىسا بىر كۈنى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش

ئۇسۇلىنى تېپىپ، قىيىنچىلىقلارنى چوقۇم يەڭگىلى بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى.

«ئەگەر»، «قىلالمايمەن»، «مۇمكىن ئەمەس»... دېگەنگە ئوخشاش پاسسىپ سۆزلەر بىزگە ھۇجۇم قىلىپ كەلسە قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟ بۇ چاغدا «كېيىنكى قېتىم»، «مۇمكىن»... دېگەنگە ئوخشاش ئاكتىپ تىللار بىلەن قارشى ئېلىشىمىز كېرەك.

بۇ سۆزلەرنى ئېغىزدا دېمەك ئاسان بولغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش تولىمۇ قىيىن، ئەمما سىز ئېگىلمەي ـ سۇنماي تىرىشسىڭىز، ئاكتىپ تەپەككۇرغا، قەتئىي ئىشەنچكە ئىگە بولسىڭىز، ئاداققى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرەلەيسىز.

ئاندىن كېيىن كەڭ قورساقلىقنى ئۆگىنىۋالسىڭىز، قارىماققا بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرىدىكى نەرسىلەرنىڭ ئىجادچانلىق تەرىپىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋالىسىز. دەسلەپتە بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرىگە ئىگە دەپ بىلگەن ئىشلار پۇرسەتكە ئايلىنىپ، سىزگە ھەقىقىي مەنپەئەت ئېلىپ كېلىدۇ.

ئىشلار ئوڭۇشلۇق بولمىغاندا، يەنىلا مۇمكىن بولىدۇ دېگەن ئەقىدە بويىچە مۇئامىلە قىلساق، ياخشى نەتىجە بېرىدۇ. شۇڭا ئۈمىد، ئارزۇ ياكى نىشان بىتچىت بولغاندا، ئۇنىڭ ئىچىدىن يورۇقلۇق ئىزدىشىمىز كېرەك. ئېھتىمال شۇلار ئىچىدىن ئەڭ ياخشى پۇرسەت تېپىلىپ قېلىشى مۇمكىن.

# كالتەك توپ ماھىرى مودىكاي...

*ئۇ بىر ئېتىقادلىق ئىخلاسمەن ئائىلىدە چوڭ بولغان، كىچىكىدىنلا ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرغاندا ھەرقانداق قىيىنچىلىقلارنى يېڭەلەيدىغانلىقىغا ئىشەنگەن. ئۇ ئاكتىپ پوزىتسىيىگە ئىگە كىشى بولۇپ، تەڭرىگە بولغان چەكسىز ئىخلاسى ۋە تەۋرەنمەس ئېتىقادى بىلەن كىشىلىك ھاياتتا يېڭىش قىيىن بولغان مەسىلىلەرنى يەڭگەن.*

سىز كالتەك توپ بىرلەشمىسىدىكى ئەڭ ياخشى ماھىر مودىكاي. بوراندىنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلىغانمۇ؟ ئۇنىڭ ئائىلىسى ئىنتايىن نامرات بولسىمۇ، ئەمما باشقىلارغا ئوخشاش ئۆزىنى ھەقىقىي نامرات دەپ قارىمايتتى. ئۇ كىچىكىدىنلا كالتەك توپ بىرلەشمىسىدىكى ماھىرلاردىن بولۇپ چىقىشنى نىيەت قىلىپ، ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدىلا ئۆزىنىڭ بۇ جەھەتتىكى تالانتىنى نامايان قىلغانىدى.

ئۇ ئەينى ۋاقىتتا يۇرتىدىكى باللارغا ئوخشاش دېھقانچىلىق مەيدانىدا ئىشلەيتتى. بىر كۈنى، ئۇنىڭ قولىنى ماشىنا قىسىۋېلىپ، ئوڭ بارمىقىنى ئۈزۈۋېتىدۇ، ئوتتۇرا قولىمۇ زەخىملىنىدۇ.

ئەگەر پاسسىپ تەپەككۇردىكى ئادەم بولغان بولسا چوقۇم: «كالتەك توپ ئوينايدىغان ئۈمىدىم پۈتۈنلەي بەربات بولدى، ئەگەر ئۇ كېلىشمەسلىك يۈز بەرمىگەن بولسا بەك ياخشى بولاتتى، قولۇم بۇنداق بولۇپ قالغان تۇرسا، ئەمدى قانداقمۇ

كالتەك توپ ئوينىيالايمەن، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىم تۇرخۇندىن چىققان تۇتۇندەك ھاۋاغا توزۇپ كەتتى، ئەمدى ئارزۇيۇمغا يېتىشىم مۇمكىن ئەمەس» دەپ ئۈمىدسىزلەنگەن بولاتتى.

ئەمما بۇ ئۆسمۈر بۇنداق ئويلىمىدى، بۇنداق دەپمۇ يۈرمىدى. ئۇ بۇ رەھىمسىز رېئاللىقنى پۈتۈنلەي قوبۇل قىلىپ، ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، قالغان بارماقلىرى بىلەن كالتەك توپ ئويناشنى مەشىق قىلىپ، يەرلىك كالتەك توپ كوماندىسىنىڭ ئۈچ قورغان ماھىرىغا ئايلاندى.

بىر كۈنى، مودىكاي ئۈچ قورغاندىن بىر قورغانغا توپ ئۇرغاندا، كاماندا دىرېكتورى بىر قورغاننىڭ كەينىدە تۇرۇپ، تېز سۈرئەتتە ئايلىنىپ كېلىۋاتقان توپنىڭ چىرايلىق ئەگرى سىزىق ھاسىل قىلىپ بىر قورغاندىكى ماھىرنىڭ توپ خالتىسىغا كىرگەنلىكىنى كۆرۈپ، ھەيران بولغان ھالدا:

— مودىكاي، سەن تۇغما كالتەك توپ ماھىرى ئىكەنسەن، توپنى ياخشى كونترول قىلدىڭ، توپنىڭ سۈرئىتىمۇ تېز، ھاۋادا ئۇنداق ئايلىنالايدىغان توپنى ھەر قانداق توپ ئۇرغۇچى ماھىر كالتەك بىلەن توسيالمايدۇ، دېدى.

مودىكاي ئۇرغان توپنىڭ سۈرئىتىمۇ تېز، ھاۋادا لەيلەپ، بۇلۇڭ ھاسىل قىلىپ، قارشى تەرەپنىڭ توپ خالتىسىغا چۈشكەن، توپ ئۇرغۇچى ماھىر كەلگەن توپقا تاقابىل تۇرالمىغان. مودىكاي كەينى ـ كەينىدىن ئۇرغان ئۈچ توپ بىلەن رېكورت يارىتىپ، ئامېرىكا كالتەك توپ ساھەسىدىكى ئەڭ ياخشى ماھىرلارنىڭ بىرى بولۇپ قالغان.

كالتەك توپ ئۇنىڭ ماشىنا ئۆزۈۋەتكەن كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن قايرىلىپ كەتكەن ئوتتۇرا بارمىقىدا باشقىلار بىلەن ئوخشىمايدىغان بۇلۇڭ ۋە ئايلانما ھاسىل قىلالىغان.

ئۇنداقتا، ئۆسمۈر مودىكاي قانداق قىلىپ بۇ بەختسىزلىك-
نى ئۆزى سۆيگەن كەسپىنىڭ پايدىلىق ئامىلىغا ئايلاندۇرالىدى؟
ئۇ بىر ئىپتىقادلىق ئىخلاسمەن ئائىلىدە چوڭ بولغان،
كىچىكىدىنلا ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرغاندا ھەر قانداق
قىيىنچىلىقلارنى يېڭەلەيدىغانلىقىغا ئىشەنگەن. ئۇ ئاكتىپ پو-
زىتسىيىگە ئىگە كىشى بولۇپ، تەگرىگە بولغان چەكسىز ئىخلا-
سى ۋە تەۋرەنمەس ئىشەنچى بىلەن كىشىلىك ھاياتتا يېڭىش
قىيىن بولغان مەسىلىلەرنى يەڭگەن.
چۈنكى ئۇ «ئەگەر ئاشۇنداق بولسا»، «قىلالمايمەن»،
ياكى «مۇمكىن ئەمەس» دېگەن پاسسىپ تىلنى ئۆز ئىگىدىن
پاكىز تازىلىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن، مەشھۇر كالتەك توپ ماھىرىغا
ئايلىنالىغان.
بۇ ھېكايىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن سىز ئېھتىمال: «مەن
مودىكاي. بوراندىغا ئوخشاش ئالاھىدە ئىقتىدار ئىگىسى ئەمەس،
ئۇنداق بەختسىزلىككە يولۇقسام، ئورنۇمدىن قايتا تۇرالمايمەن»
دېيىشىڭىز مۇمكىن. ئېسىڭىزدە بولسۇن، مودىكاينىڭ قولى زە-
خىملەنگەندە، ئۇمۇ ئالاھىدە بىر ئادەم ئەمەس ئىدى.
ھەر قانداق ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدا تېخى ئۆزىمۇ چۈشىنىپ
يېتەلمىگەن ئاجايىپ ئىقتىدار يوشۇرۇنۇپ ياتقان بولىدۇ. بۇ
يەردىكى ئەڭ مۇھىم نەرسە ئېغىزدىن «كېيىنكى قېتىم»، «قىلال-
مايمەن» «مۇمكىنلىك ئېھتىمالى بار» دېگەن ئىجادچانلىقا ئىگە
سۆزلەرنى چىقىرىش. سىزمۇ «ئاكتىپ تەپەككۇر قىلغۇچى»
ئەقلىلىق كىشىلەرگە ئوخشاش ئېغىزىڭىزدىن ھەرگىز «ئەگەر
ئاشۇنداق بولسا»، «قىلالمايمەن»، «مۇمكىن ئەمەس» دېگەن
پاسسىپ سۆزلەرنى چىقارماڭ.

# «ئىشەنچ» مۆجىزە تۇغدۇ

*زامانىۋى تېببىي بىلىملەردىن ھالقىپ كېتەل داۋالاش ياكى روھىي ھادىسە قاتارلىقلار ھازىر مۆجىزە دەپ قارىلىۋاتىدۇ، بۇ-لار كەلگۈسىدە چوقۇم ئىلىم - پەن بىلىملىرىنىڭ تەركىبىي قىسى-مىغا ئايلىنىدۇ. ئەمما ئەڭ ئاخىرىغا بارغاندا ئېتىقاد يەنىلا بار-لىق ئىلىم - پەن قانۇنىيەتلىرىنى يارىتىشنىڭ ئاساسى بولۇپ قالىدۇ.*

سىز ئۆزىڭىزگە ئالەمشۇمۇل مۆۋەپپەقىيەتلەرنى ئېلىپ كې-لىدىغان — «مۆجىزە» دېگەن سۆزنى ئېسىڭىزدە چىڭ تۇتۇڭ. «ئاكتىپ تەپەككۇر قىلغۇچى» كىشىلەر ھەر قانداق مۇشكۇل ئىشلارنىڭ ياخشى بولۇپ كېتىشىگە، ئۇنىڭدا مۆجىزە يۈز بېرى-شىگە ئىشىنىدۇ.

بىر «پاسسىپ تەپەككۇر قىلغۇچى» ئەر بىلەن «ئاكتىپ تەپەككۇر قىلغۇچى» ئايال توي قىلغان. ئۇلار كۆپ قىسىم ئائىلىلەرگە ئوخشاش، تازا بىر ئوڭۇشسىز دەۋردە ياشىغان بو-لۇپ، ئائىلىسى تولىمۇ نامراتچىلىقتا ئۆتكەن. ئېرى دائىم غۇدۇ-راپ:

— ئەگەر بۇ قېتىمقى قىيىنچىلىقنى يېڭەلىسەك كەلگۈسى-دە يەنە ئۈمىد بار، ئەمما بۇ مۇمكىن ئەمەس، دېگەن. ئەمما ئاكتىپ پوزىتسىيىگە ئىگە ئايالى ئېرىنىڭ گېپى بىلەن قارىمۇ قارشى ھالدا:

— بۇ مەسىلىنى بىز ھەل قىلالايمىز، ئۇ ھەرگىز چوڭ

www.uyghurkitap.com

مەسىلە ئەمەس، چوقۇم قىلالايمىز، دېگەن.

ئۇلار بىر ـ بىرىگە تولىمۇ مېھرىبان بولۇپ، ئايالى ئېرىنى «ئاكتىپ تەپەككۇر قىلىش» تەرەپكە يېتەكلەپ ماڭغان بولۇپ، ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىشەنچ ۋە ئۈمىدۋارلىق روھى جەۋلان قىلغان. نۇرغۇن كىشىلەر كەسپىدىن ۋاز كەچكەندىمۇ، ئەمما ئېرى خىزمىتىنى تاشلىمىغان. ئايالىنىڭ ئېرىگە باغلىغان ئىشەنچى ناھايىتى چوڭ رول ئوينىغان.

ئېرىنىڭ ئىسمى ھىنرى بولۇپ، ئەنگلىيىنىڭ توقۇلماماللىرىنى ساتىدىغان دۇكاندا ئىشلەيتتى. بىر قېتىم ئۇ بىر ئورام باغلاقلىق تاۋارنى يېشىۋېتىپ، تاۋارنىڭ باش تەرىپىگە چاپلانغان پۇرلىشىپ كەتكەن قەغەزدىكى: «مۆجىزىنى قوغلاڭ، مۆجىزە يۈز بېرىدۇ» دېگەن خەتلەرنى كۆرۈپ. كۆڭلىدە، بۇ نېمە ئادەمدۇ؟ نېمە ئۈچۈن بۇنداق گەپلەرنى يېزىپ قويىدۇ؟ دەپ ئويلاپ، قەغەزنى ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلىۋېتىدۇ.

ئەمما ئۇنى بىر خىيال ئورىۋالىدۇ-دە، بۇ قەغەزنى ئايالى خايرانغا كۆرسەتمەكچى بولۇپ (ئايالى مۇشۇنداق غەلىتە ئىشلارغا بەك قىزىقاتتى)، ئەخلەت ساندۇقتىن ئېلىپ يانچۇقىغا سالىدۇ.

ئۇ شۇ كۈنى كەچتە ئۆيگە قايتىپ كېلىپ، يانچۇقىدىن ھېلىقى قەغەزنى ئېلىپ شىرەگە قويۇپ:

— ھەي خوتۇن ماڭا قارا بۈگۈن مەن مۇنداق بىر قىزىقارلىق ئىشقا يولۇقتۇم، يەشكلەرنى ئېچىۋېتىپ، بىر ئەنگلىيىلىك غەلىتە كىشىنىڭ مۇنۇ قەغەزنى يەشىككە چاپلاپ قويغانلىقىنى كۆردۈم. ئۇ كىشىنىڭ چوقۇم كاللىسىدا سەل دەردى بار ئوخشايدۇ، دېدى.

ئايالى قەغەزنى قولىغا ئېلىپ، بىر ھازا ئويلىنىپ تۇرۇپ

كېتىپ:

— ياق، ھېنرى، يەشككە بۇ قەغەزنى چاپلاپ قويغان كىشى ھەرگىز غەلىتە ئادەم ئەمەس، بۇ كىشى ئېھتىمال بىزگە ئوخشاش جاپالىق مۇشكۇل كۈنلەرنى ئۆتكۈزۈۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان بۇ ئۇسۇلى ئۇنىڭ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشكە يادەم بەرگەن... بىز تېخى نۇرغۇن ئىشلارنى قانداق ھەل قىلىشنى بىلمەيمىز، شۇڭا ئاۋۋال كىچىك بىر مەسىلىنى تەجربە قىلىپ، تەگرىدىن ياردەم بېرىشنى بىر-لىكتە تىلەيلى! دېدى.

— يوق گەپنى قىلما. مۆجىزە دېگەن پەقەت چۆچەكلەر-دىلا يۈز بېرىدۇ. ئۇ بىر خىيالىي چۈشكە ئوخشاش مەۋھۇم نەرسە. بۇ ئىلىم ـ پەن دەۋرىدە مۆجىزە نېمىش قىلسۇن.

ئېرى گېپىنى تۈگىتىشى بىلەنلا، ئايالىنىڭ ئاغزى ئېچىلـ-دى. خايران كىتاب ئىشكابىنىڭ يېنىغا بېرىپ:

— دوستىمىز ۋېبس ئەپەندىنىڭ مۆجىزە توغرىسىدىكى تەرىپىنى ئاڭلاپ باقايلى، دېدى ئۇ ۋېس لۇغىتىدىكى «مۆجىزە» دېگەن خەتنىڭ چۈشەندۈرۈشىنى تېپىپ. ئاندىن خۇشاللىق بىلەن، — بۇ يەردە يېزىلغىنى ئويلاپ يەتكىلى بولمايدىغان ئىشلار، ئەمما بۇ ئىلمىي ئەمەس دېگەنلىك ئەمەس. ئېھتىمال بىز بىزنىڭ چۈشىنىش ئىقتىدارىمىزدىن ئېشىپ كەتكەن نەرسە-لەرنى مۆجىزە دەپ ئاتىشىمىز مۇمكىن. بىز چۈشىنەلمەيدىغان نەرسىلەرنى پەن ـ تېخنىكا بىلىملىرى دەپ ئاتايمىز. ئايروپىلان ئىلگىرى مۆجىزە خاراكتېرلىك ئويلاپ يەتكىلى بولمايدىغان نەرسە ئىدى. توك بىلەن تېلېفونمۇ شۇنداق ئىدى.

زامانىۋى تىببىي بىلىملەردىن ھالقىپ كېسەل داۋالاش ياكى روھىي ھادىسە قاتارلىقلار ھازىر مۆجىزە دەپ قارىلىۋاتىدۇ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇلار كەلگۈسىدە چوقۇم ئىلىم ـ پەن بىلىملىرىنىڭ بىر تەركى-
بىي قىسمىغا ئايلىنىدۇ. ئەمما ئەڭ ئاخىرىغا بارغاندا ئېتىقاد
يەنىلا بارلىق ئىلىم ـ پەن قانۇنىيەتلىرىنى يارىتىشنىڭ ئاساسى
بولۇپ قالىدۇ، دېدى.

ئېرى ئايالىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، ئۇ ئىپادىلىمەكچى بولغان
مەنىلەرنى ئاستا ـ ئاستا چۈشەنگەندەك قىلىۋاتاتتى.

— سىز ھەقىقەتەن ئەقىللىق دېدى ھىنرى ئايالىغا قايىل
بولغان ھالدا، — ئېھتىمال سىزنىڭ دېگەنلىرىڭىز توغرىدۇر.

شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككىيلەن كىچىك مەسىلىلەردىن ئۆزى-
لاپ يەتكىلى بولمايدىغان مۆجىزە يۈز بېرىشنى تىلەشنى قارار
قىلىشتى. ئايالى تولۇپ ـ تاشقان ئىشەنچ بىلەن ئاكتىپ پوزىتى-
سىيىدە، ئېرى سەل مۈجمەل پوزىتسىيىدە تەڭرىدىن مۆجىزە
تىلەشتى.

ئىشەنچ ۋە ئاكتىپ تەپەككۇر بىلەن زور كۈچ ـ قۇدرەتنى
ھازىرلىغىلى بولىدۇ. ساماۋى كىتابلاردا مۇنداق دېيىلىدۇ:
«سىزدە پەقەت تېرىقچىلىك ئېتىقاد بولسىلا، ئالەمدە سىز
ۋۇجۇدقا چىقىرالمايدىغان ئىش بولمايدۇ.»

شۇنىڭدىن كېيىن، ھىنرى بىلەن خايىران زادىلا ئويلاپ
يەتكىلى بولمايدىغان سەرگۈزەشتىلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئىنت-
تايىن خۇشال بولۇپ كېتىشتى. ئۇلار ئىككىسى سىناق قىلغان
«مۆجىزىنى قوغلىشىش، مۆجىزە چوقۇم يۈز بېرىدۇ»نىڭ نەتى-
جىسى نامايان بولۇشقا باشلىدى.

گەرچە ئۇلار ئۈمىد قىلغان، زۆرۈر دەپ قارىغان ئاشۇ خىل
نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇلار ئۇلارنىڭ مەسىلە-
لىرىنى ھەقىقەتەن ھەل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ھىنرىمۇ مۆجى-
زىگە ئىشىنىشكە باشلىدى.

ئۇ ئىككىسىنىڭ ھاياتىدا مۇنداق مۆجىزە يۈز بېرىشى مۇمكىن، چۈنكى ئاكتىپ پوزىتسىيىگە ئىگە خايران مۇمكىن ئەمەس دېگەن ئىدىيىنى چۆرۈپ تاشلاپ، مۆجىزىنىڭ يۈز بېرى- شىگە قەتئىي ئىشەنگەن ئىدى.

كېيىن، ھىنرىمۇ تەبىئىي ھالدا ئاكتىپ تەپەككۇر قىلغۇ- چىغا ئايلانغان. ئۇنىڭغا نىسبەتەن بۇنداق ئۆزگىرىش ھەرگىز ئاسان ئەمەس ئىدى. ئەمما ئۇ ئادەملەرنىڭ ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇر- دىكى ئاشۇ خىل ئادەمگە ئۆزگىرىشىگە، ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇرىدى- كى ئاشۇ ئىشنىڭ يۈز بېرىشىگە چەكسىز ئىشەنگەچكە، ئايالى بىلەن ئاكتىپ تەپەككۇر قىلىش لەززىتىدىن تەڭ بەھرە ئالدى. بۇ ئىككىيلەن «ئاكتىپ تەپەككۇر قىلدىغان» ئەر - خوتۇنغا ئايلىنىپ، ئۆزلىرى ئۈمىد قىلغان مۇۋەپپەقىيەتكە مۇيەسسەر بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# قانداق قىلغاندا ئۆزىڭىزنىڭ بەش يىلدىن كېيىنكى ئەھۋالىڭىزنى بىلەلەيسىز

*پەقەت ئاكتىپ تەپەككۇرغا ئىگە كىشىلەرلا ھاياتتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ. چۈنكى ئۇلار ۋاستە تاللاشنى بىلىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىدىن ئىنكار خاراكتېرىدىكى پەرەزلەرنى، ئىشلارنىڭ دائىم ناچار تەرىپىنىلا كۆرىدىغان جانغا زامىن خاھىشلارنى سۈپۈرۈپ چىقىرىۋېتىدۇ.*

كەسپىي ئىشلاردا ئانچە ـ مۇنچە ئىش قىلمەن دېگەن ئادەمگە، ئاكتىپ پوزىتسىيە ئەڭ قىممەتلىك نەرسىلەرنى ئاتا قىلىدۇ. ھالبۇكى ھەر قانداق ئادەم، ئۆزى ۋە ئائىلىسىدىكىلەر ئۈچۈن ئەڭ ئېسىل نەرسىلەرنى قوغلىشىدۇ. سىزمۇ شۇ ئېسىل نەرسىلەرنى قوغلىشىۋاتامسىز ـ يوق؟ ناۋادا شۇ ئېسىل نەرسە بولمىسا، سىز راستىنلا رازى بولامسىز؟ ئەلۋەتتە، سىز ئەڭ ئېسىل نەرسىلەرنى ئىزدىشىڭىز مۇمكىن.

ئۇنداقتا، قانداق قىلغاندا ئەڭ ياخشى نەرسىلەرگە ئېرىشكىلى بولىدۇ؟ بۇنىڭ ئۈچۈن ھەر دائىم كۆڭلىمىزدە ئەڭ ئېسىل نەرسىلەرنى خىيال قىلىشىمىز كېرەك. شۇنداق قىلغاندا ئۆزىمىز ئويلىغان نەرسىلەرگە مۇيەسسەر بولالايمىز.

ئەگەر ئۆزىمىزنىڭ بەش يىل، ئون يىلدىن كېيىنكى ئەھۋالىمىزنى بىلمەكچى بولساق، ئالدى بىلەن ھازىر ئۆزىمىزنىڭ نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىمىزنى دەڭسەپ باقساقلا كۇپايە قىلىدۇ. ئادەتتىكى ئويلارنىڭ جۇغلانمىسى ئۆزىنىڭ كۈچىنى كۆر-

سىتىپ، ئۆزىڭىزنىڭ ئاساسىي ئىدىيىسى بىلەن بىردەك ئەھۋال-
لارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ، سىز ئويلىغان ئىشلار سىزنىڭ كەل-
گۈسىڭىزنى يارىتىدۇ، سىز ئويلىغان ئىشلار كونكرېت پاكىتقا
ئايلىنىپ قالىدۇ. كاللىدا ئويلىغان ئىشلارنى گەرچە كۆز بىلەن
كۆرگىلى بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ تەسىرىنى ھېس قىلغىلى
بولىدۇ. سىزنىڭ تەسەۋۋۇرىڭىزدىكى بارلىق ئىشلار، پاكىت سۈ-
پىتىدە مەيدانغا چىقىدۇ. يېقىن كەلگۈسىدە سىز تەسەۋۋۇرىڭىزدى-
كى ئاشۇ ئادەمگە ئايلىنىسىز.

پەقەت ئاكتىپ تەپەككۇرغا ئىگە كىشىلەرلا ھاياتتا مۇۋەپ-
پەقىيەت قازىنىدۇ. چۈنكى ئۇ ۋاستە تاللاشنى بىلىدۇ ۋە ئۆزد-
نىڭ تۇرمۇشىدىن ئىنكار خاراكتېرىدىكى پەرەزلەرنى، ئىشلارنىڭ
دائىم ناچار تەرىپىنىلا كۆرىدىغان جانغا زامىن خاھىشلارنى
سۈپۈرۈپ چىقىرىۋېتىدۇ.

ئىنكار خاراكتېرىدىكى پەرەزلەر دائىم تۆۋەندىكى ئىبارىلەر-
دە بىلەن نامايان بولىدۇ:

«ئىشلار ھامان ماڭا پايدىسىز»، «مەن ئۇ ئىشنى قىلالماي-
دىغانلىقىمنى بىلىمەن»، «بۈگۈن تازا كۆڭۈلدىكىدەك بولمى-
دى».

يەنە بەزىلەر ئۆزلىرىنى تۇغۇلۇشىدىنلا بىر مەغلۇبىيەتچى
دەپ قارايدۇ. پاسسىپ قاراشقا ئىگە ئاتا ـ ئانىلارنىڭ گەرچە
يامان نىيىتى بولمىسىمۇ، ئەمما پەرزەنتلىرىنىڭ قەلبىگە مەغلۇبى-
يەتچىلەر دەسلەپكى ئوي ـ پىكرىدە چىڭ تۇرۇش كېرەك دېگەن
بالىلارنى زەھەرلەيدىغان ناچار قاراشنىڭ ئۇرۇقىنى تېرىپ قويى-
دۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# بارلىق «پاسسىپ پەرەزلەر»نى يۇلۇپ تاشلاڭ

*پاسسىپ تەپەككۇرنىڭ تۈپ يىلتىزىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، كەلگۈسىگە يۈزلىنىڭ، شۇندىلا روھىڭىزدىكى توسالغۇلارنى يېڭىپ، گۈزەل ئارزۇيىڭىزغا يېتەلەيسىز.*

بىر كۈنى، مەن نۇتۇقنى تۈگىتىپ، دەرسخانىدىن چىقىشىمغا بىر قىز چاقىردى. ئۇ ئۇزۇن مەزگىل تۇرغۇنلۇق قارىشىنىڭ ئىسكەنجىسىدە قاپتۇ ھەم بۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىدىكەن. ئۇ ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا:

— مەن كىچىكىمدىنلا مەغلۇپ بولۇپ كېلىۋاتىمەن، يېڭى ئوقۇش مەۋسۇمى باشلانغاندا تازا بىر تىرىشىپ ئۆگىنەي دېدىم، ئەمما بىرنەچچە ھەپتە ئۆتمەيلا يەنە كەينىمگە ياندىم. شۇ چاغدىن باشلاپ تاكى ھازىرغا كەلگىچە، خىزمەتتىمۇ دائىم ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچراپ كەلدىم. مەن ھەمىشە ئۆزۈمنى بىر مەغلۇبىيەتچى دەپ قارايمەن، دېدى.

ئۇ بىر يىل سىنىپ قالدۇرۇپ، ئوقۇش پۈتتۈرۈپ خىزمەتكە قاتنىشىپتۇ. ئۇ تولىمۇ چىرايلىق بولغاچقا، تۇنجى كۆرۈشكەن ھەر قانداق كىشىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇراتتى. ئەمما ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنىڭ مەغلۇپ بولۇش كېسىلى يەنە قوزغىلىپتۇ.

مەن ئۇنىڭدىن:

— سىزنىڭ ئىشلىرىڭىزغا توسقۇن بولۇۋاتقان بۇ مەغلۇبىيەتلىك كېسەلنىڭ تۈپ سەۋەبى نەدە؟ دەپ سورىدىم.

ئۇ ئىككىلەنگەن هالدا مۇنداق دېدى:
— مەن بۇنى باشقىلاردىن كۆرۈشنى خالىمايمەن، ئادىل بولمىدى دەپمۇ ئەزۋەيلەپ يۈرمەيمەن. ئەمما راستىنى ئېيتسام، مەن ئانام بىلەن ئوتتۇرىمىزدىكى مۇناسىۋەتتە دەپ ئويلايمەن. ئانام ھەقىقەتەن ئېسىل ئايال، ئۇنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىمەن. شۇڭا بۇنداق دېيىشنى تازا راۋا كۆرمەيمەن. مەن كىچىك چاغلىرىمدا ئانام دائىم ئادەمنى مەيۈسلەندۈرىدىغان ئىشلارنى دەيتتى. ئۇ ئەڭ پاسسىپ پوزىتسىيىدىكى كىشى ئىدى. ئانامغا نىسبەتەن، ھەممە ئىش ئوڭۇشسىزدەك، ھەممە ئىش يۈرۈشمەيۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.
ئانام دائىم ماڭا:
«سەندىن ناچارلارمۇ بارغۇ»، «قوشنىمىزنىڭ قىزى سەندىن سەتتۇ»، «سەن نېمە ئۈچۈن ئۆزۈڭگە چۇشلۇق ئىش قىلمايسەن» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۆزۈمنى ئۆزۈمدىن تۆۋەن كىشىلەرگە سېلىشتۇرىدىغان ناچار ئادەتنى يېتىلدۈرۈۋالدىم. ئەمدى مەن قانداق قىلسام بولار؟
مەن كاللىسى قېيىپ كەتكەن بىلەن خاراكتېرى ئوچۇق - يورۇق، جان - جەھلى بىلەن ئۆزىنى ئىزدەۋاتقان بەختسىز قىزچاقنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ ئاجايىپ كۆزىتىش ئىقتىدارىغا قايىل بولدۇم. ئۇ، ئۆزىنىڭ ئېڭىدا بىخ سۈرگەن، ئادەمنى ۋەيران قىلىش خاراكتېرىدىكى تۇرغۇن قاراشنىڭ ئۆزىنىڭ پۈت - قولىنى چۈشەپ قويغانلىقىنى ئوبدان چۈشىنىدىكەن.
مەن ئۇنىڭغا تەكلىپ بېرىپ پاسسىپ تەپەككۇرنىڭ تۈپ يىلتىزىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، كەلگۈسىگە يۈزلىنىڭ، شۇندىلا روھىڭىزدىكى توسالغۇلارنى يېڭىپ، گۈزەل ئارزۇيىڭىزغا يېتەلەيسىز، دېدىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# «ئۆزىڭىزنى ئۆزگەرتىشنى باشلىغان كۈندە» قەتئىي نىيەتكە كېلىڭ

*خاتا ئوي ـ خىيال دېگەن تۇغما بولمايدۇ، ئۇ كېيىن پەيدا بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىمكان بار ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇپ سەمىمىي ئارزۇ بىلەن ھەرىكەت قىلسىلا، يېڭى، ئاكتىپ تۇرمۇش شەكلىنى بەرپا قىلغىلى بولىدۇ. يارىتىلىۋاتقان ئاكتىپ ئۈمىدلەر ئىچىدە ئوخشىمىغان كۈچ ـ قۇدرەتلەر ھازىرلانغان بولىدۇ.*

ھېلىقى ئەقىللىق قىز خۇددى ماڭا قالدۇرغان تەسىرىنى ئىسپاتلىماقچى بولغاندەك، مېنىڭ «پاسسىپ پەرەز» دېگەن گېپىمگە دەرھال دىققەت قىلىپ ماڭا:

— ماڭا بىر رېتسېپ يېزىپ بەرگەن بولسىڭىز، مەن ئاشۇ خىل تۇرغۇن قاراشتىن بىر قۇتۇلۇپ چىققان بولسام، سىزدىن ئالەمچە خۇشال بولغان بولاتتىم، دېدى.

— خۇددى سىزگە ئوخشاش ئۈمىدسىز كىشىلەرنىڭ ئۆزى ئۈمىدسىز بولغان بىلەن سۆزلىرىدىن ئۈمىدۋارلىق، سەمىمىيلىك ھىدى كېلىدۇ، دېدىمەن كۈلۈپ تۇرۇپ. ئاندىن ئۇنىڭغا:

تۆۋەندىكىلەرگە رىئايە قىلسىڭىز، ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان چوڭقۇر يىلتىز تارتقان ھەر قانداق ئادەتنى تۈگىتىپ، ساغلام قاراشقا ئىگە بولالايسىز:

1. جان ـ دىل بىلەن شۇنداق ئۆزگىرىشلەرنىڭ يۈز بېرىشىنى ئۈمىد قىلىڭ. بۇ بىرىنچى شەرت، ھەرگىز دەرگۇماندا بولماسلىق.

2. ئۆزىڭىزنىڭ قانداق ئۆزگىرەلەيدىغانلىقىڭىزنى ئېنىق بىلىڭ. سىزنىڭ ھازىرقى ۋەزىيىتىڭىز ھازىرقى مەغلۇبىيەتلىك كېسەلنى يېڭىپ، مۇۋەپپەقىيەت نىشانىنى تىكلەش.

3. قاچاندىن باشلاپ مەغلۇبىيەتچىلىك كېسىلىنى داۋالايدىغانلىقىڭىزنى، قاچاندىن ئىلگىرى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈپ بولالايدىغانلىقىڭىزنى ئېنىق بەلگىلەڭ.

ئۇ:

— مەن چۈشەندىم، مەن ھازىردىنلا باشلاي، بۈگۈندىن ياكى ھازىردىنلا ئۆزۈمنى ئۆزگەرتىشنى باشلاي، دېدى.

— توختاڭ، بۇ ھەرگىز ئاسانلا ئەمەلگە ئاشىدىغان ئىش ئەمەس. چۈنكى خىيالغا ئوخشاش بۇ ئادەت ئۇزۇن ۋاقىتتا، مۇرەككەپ، چىگىش ئاگدا تەدرىجىي يېتىلىدۇ. ئۇنى يېشىش ئۈچۈن خېلى ئۇزۇن ۋاقىت كېتىدۇ، دېدىمەن.

ئۇ ماڭا رەددىيە بېرىپ مۇنداق دېدى:

— مەن كىتابتىن پىير ئەپەندىنىڭ ئۆزىنى كەمستىش تۇيغۇسىدىن قاتتىق قايغۇرغانلىقىنى ئوقۇغان. پىير ئەپەندى ئىلاھقا تىلاۋەت قىلىپ، ئىلاھتىن ئۆزىنى سەمىمىي ئادەمگە، ئىخلاسمەن مۇخلىسقا ئايلاندۇرۇپ قويۇشنى تىلىگەن، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

مەن بېشىمنى لىڭشىتىپ:

— شۇنداق، مەن ئىلاھنىڭ شۇنداق قىلالايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. ئەمما ئىلاھ مېنى دەرھال ئۆزگەرتمىدى. مەن بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇزۇن ۋاقىت سەرپ قىلدىم. مېنىڭ باش قېتىنچىلىقىم تولىمۇ ئېغىر ئىدى. ئەمما ئىلاھ مېنى ئۆزگەرتتى، شۇڭا ئىلاھ سىزنىمۇ چوقۇم ئۆزگەرتەلەيدۇ.

مەن ئۇنىڭغا يېزىپ بەرگەن رېتسېپقا تۆۋەندىكىلەرنىمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قېتىپ قويىدۇم:

4. ئۆزىڭىز ئۆزگىرىشنى ئۈمىد قىلغان ئوبرازنى دەرھال كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرۈڭ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئادىتىنى ھاياتى كۆچكە تولغان ھالدا يېتىلدۈرۈڭ.

5. «خۇددى» دېگەن قائىدىنى دەرھال يولغا قويۇڭ. ئاۋالقى ئۆزىڭىزگە تامامەن ئوخشمايدىغان ئادەم بولۇش ئۈچۈن، خۇددى ئۆزىڭىز ئۈمىد قىلغان ئاشۇ خىل سىياقىڭىزنى نامايان قىلىڭ. سەۋرچانلىق بىلەن شۇنداق قىلسىڭىز، كۆڭلىڭىزدە ئاشۇ خىل ئادەمگە ئۆزگىرەلەيسىز. سىزنىڭ ۋەزىپىڭىز مۇۋەپپەقىيەتنى مەقسەت قىلغان ھەرىكەتنى ئورۇنلاش. ئاشۇ خىل ھەرىكەت بولسىلا ئارزۇمۇ رېئاللىققا ئايلىنالايدۇ.

6. يۇقىرىقى تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەندىن كېيىن، سىز ئېتىقاد بىلەن كىشىلىك ھاياتنى ئۆزگەرتەلەيدىغان ئاكتىپ ھەرىكەتنى ئەمەلگە ئاشۇرالايسىز.

شەرق پەيلاسوپلىرىنىڭ «ئىشەنچ دېمەك بەخت دېمەك» دەپ ئېيتقىنىدەك چوقۇم ئۆزگەرتەلەيمەن دېگەن ئىشەنچ بولسىلا، مۇقەررەر ھالدا ئۆزىنى ئۆزگەرتكىلى ۋە بەختكە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

بۇ ھەرگىز چۈش ياكى قۇرۇق گەپ ئەمەس، بۇ ئىشلار قەدىمدىن ھازىرغا كەلگۈچە نۇرغۇن كىشىلەردە يۈز بەرگەن. ھازىرقى جەمئىيەتتىمۇ شۇنداق. ئەگەر بۇلار بىدئەت ۋە قۇرۇق گەپ بولغان بولسا، ئاللىبۇرۇن چۆرۈپ تاشلانغان بولاتتى.

بۇ يەردە تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەن قىزچاقنىڭ ھېكايىسى، پەقەت نېمىنى ئويلاشنى تاللاش، نېمىنى ئويلاشنى توختىتىش ئارقىلىق كىشىلىك ھاياتنى تامامەن ئۆزگەرتىشتىكى بىر ئەمەلىي مىسال. قىزچاق مۇشۇ ئۇسۇلنى قوللانسا، گەرچە قىسقا ۋاقىت

ئىچىدە ئىشقا ئاشۇرالمىسىمۇ، ئەمما قەدەممۇ قەدەم ئىلگىرىلەپ، ئەڭ ئاخىرى چوقۇم كۆزلىگەن مەنزىلىگە يېتەلەيدۇ.

ئۇ قىز خىزمەتتە مۇۋەپپەقىيەت قازاندى، ئەڭ مۇھىمى ئۇ بىر ئادەم سۈپىتىدە مۇۋەپپەقىيەت قازاندى.

خاتا ئوي ـ خىيال دېگەن تۇغما بولمايدۇ، ئۇ كېيىن پەيدا بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىمكان بار ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇپ سەمە-مىي ئارزۇ بىلەن ھەرىكەت قىلىسلا، يېڭى، ئاكتىپ تۇرمۇش شەكلىنى بەرپا قىلغىلى بولىدۇ. يارىتىلىشۋاتقان ئاكتىپ ئۈمىدلەر ئىچىدە، ئوخشىمىغان تۈيغۇدىكى كۈچ ـ قۇدرەتلەر ھازىرلانغان بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ساختا «راھەتپەرەسلىك»نى قەتئىي ئىككىلەنمەي تاشلىۋېتىڭ

*ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ خەتەرلىكى، بۇرمىلانغان ئوي ـ خىياللار بىلەن كىشىلىك ھاياتنىڭ قىممىتىنى چۈشىنەلمەي ئۆتۈپ كېتىش.*

كىشىلىك ھايات ئاجايىپ گۈزەل تۇسكە كىرسە، ئادەم ئۇنىڭدىن قانائەت تاپىدۇ. گەرچە كىشىلىك ھايات خىلمۇ خىل جاپا ـ مۇشەققەت ۋە تاپا ـ تەنىلەر بىلەن تولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ يەنىلا گۈزەل! ھاياتنىڭ تەڭداشسىز گۈزەللىكىگە، ئۇنىڭ چەكسىز قىممەتكە ئىگە ئىكەنلىكىگە قەتئىي ئىشىنىڭ، ئاخىرقى خۇشاللىقا، راھەت ـ پاراغەتكە ۋە مۇۋەپپەقىيەتكە مۇيەسسەر بولالايسىز.

ئەڭ خەتەرلىكى، بۇرمىلانغان ئوي ـ خىياللار بىلەن كىشىلىك ھاياتنىڭ قىممىتىنى چۈشىنەلمەي ئۆتۈپ كېتىش بۇ كىشىنى تولىمۇ ئەپسۇسلاندۇرىدۇ.

مەن، ئىشەنچكە ئىگە بولۇش، ئاكتىپ تەپەككۇر قىلىش، بارلىق مەغلۇبىيەت ۋە جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى يېڭىش كېرەك دېگەننى تەشەببۇس قىلىمەن، چۈنكى مەن ھاياتقا ئىشىنىمەن، كىشىلىك ھاياتنى قىزغىن سۆيىمەن.

«بۇگۈنكى ئامېرىكا» ژۇرنىلىدا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان ئون نەچچە ياشلىق بىر قىزچاق توغرىسىدا مەخسۇس خەۋەر بېرىلگەن. خەۋەردە مۇنۇلار يېزىلغان:

«دەۋرىمىزدىكى خېلى كۆپ كىشىلەردە ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋې-
لىش مۇددىئاسى پەيدا بولۇپ قالدى، سەۋەبى، جەمئىيەتتە
زەھەرلىك بۇيۇم، ھاراق، جىنسىي ئاشقۇنلۇق، ئىشسىزلىق، بالى-
لارنى خورلاش، نىكاھتىن ئايرىلىش، ئېتىقادتىن چەتنەش،
ئوقۇش نەتىجىسى تۆۋەنلەش، ئاتا ـ بالا ئوتتۇرىسىدىكى مېھىر-
سىزلىك، ۋەھىمىلىك يادرو ئۇرۇشى، تېلېۋىزور مەستانىلىقى،
قورال ـ ياراقلارغا ئىگە بولۇش، نورمال ساغلاملىقنى يوقىتىش
قاتارلىق ئىشلار ئەۋج ئېلىپ كەتتى. ئەمما بۇنى قانداق ھەل
قىلىشنى ھېچكىم بىلمەيدۇ.»

مەخسۇس سان ژۇرنالدا يەنە دوئان ۋىدمىن ئىمزاسىدا
مۇنداق بىر پارچە ماقالە ئېلان قىلىنغان بولۇپ، تۆۋەندىكى
ساغلام ئىدىيە تەشەببۇس قىلىنغان:

«نېمە ئۈچۈن بۇنداق تراگېدىيە يۈز بېرىدۇ؟ بىزنىڭ
جەمئىيىتىمىزدە ئۆتكەن 20 يىلدا خۇشاللىققا ئىنتىلىش، ماددىي
ۋە شەخسىي مەنپەئەتنى ھەممىدىن يۇكسەك ئورۇنغا قويۇش
تەكىتلىنىپ، مەنىۋى تۇرمۇشقا سەل قارالدى. تارقىتىش ۋاسىتى-
لىرى، بولۇپمۇ تېلېۋىزور باللارنى چوڭلار دۇنياسىغا ئەكىرىپ
قويدى. بىز باللارنىڭ ئالاھىدە ھوقۇقىنى تارتىۋالدۇق. باللار
ماددىي نەرسىلەر بەخت ئېلىپ كېلىدۇ، ئۇنداق بەخت كىشىلىك
ھاياتتىكى ئەڭ چوڭ نىشان دېگەننى تەكرار ـ تەكرار ئاڭلىدى.
چوڭلار باللارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى يالغان ـ ياۋداق گەپلەر
بىلەن توشقۇزۇۋەتتى.»

كىشىلىك ھاياتتىكى ئەڭ ئالىي مەقسەت. خۇشاللىق ئىز-
دەپ، راھەت ـ پاراغەتكە بېرىلىش، دەپ قاراش ئۈچىنغا چىققان
شەرمەندىلىكتۇر.

ئەقىللىق، ئاكتىپ پوزىتسىيىگە ئىگە كىشىلەر ئەنە شۇن-

www.uyghurkitap.com

داق سەپسەتىلەرنى ئېچىپ تاشلاپ، تىلنى سوغۇققانلىق، ئەپچىللىك بىلەن تاللاپ ئىشلىتىشنى بىلىدۇ. ئۇلار راھەتپەرەستلىكنى چۆرۈپ تاشلاپ، كىشىلىك ھاياتتىن سەممىيلىك بىلەن چەكسىز قانائەت تېپىپ، بەختىيار تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. پەقەت ئاكتىپ پوزىتسىيىگە ئىگە كىشىلەرلا ھاياتنى سۆيىدۇ، ھاياتتىكى ھەر بىر كۈننى مەنىلىك ئۆتكۈزىدۇ.

# ئارزۇلارنى ناھايىتى كىچىك كۆرسىتىش — «مەغلۇبىيەتچىلەرنىڭ پسىخىكىسى» دۇر

*ئادەمگە بېلىق بەرگىنىڭ — بىر كۈنلۈك ئوزۇق بەرگىنىڭ، ئادەمگە بېلىقچىلىق ھۈنىرىنى بەرگىنىڭ — ئۆمۈرلۈك ئوزۇق بەرگىنىڭ.*

مەن مۇشۇ بابنى يېزىۋاتقاندا، مەلۇم بىر يىغىلىشقا بېرىپ ئىككى قېتىم نۇتۇق سۆزلىدىم. ئۇ قېتىمقى يىغىلىشتا يىغىن زالى ھەر قايسى جايلاردىن كەلگەن نەچچە يۈز ئادەم بىلەن توشۇپ كەتكەنىدى. بۇ كىشىلەر ئۆتكەن بىر يىلدا مىليون دوللارلىق قىممەت ياراتقاچقا، شىركەت ئالاھىدە يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ ئۇلارنى مۇكاپاتلىماقچى بولغانىدى.

بۇ مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلار پاسسىپ پوزىتسىيە ۋە تەسەۋۋۇرنى چۆرۈپ تاشلاپ، ئاكتىپ پوزىتسىيە ۋە ئوتتەك قىزغىنلىق بىلەن بۈگۈنكىدەك شانلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. ئۇلار مەغلۇبىيەتچىلىكتىن مانا مۇشۇنداق قۇتۇلغان.

ئۇلار ئاكتىپ پوزىتسىيىگە ئىگە بولغاندىن كېيىن، ئاكتىپ تەپەككۇرنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىگە تەلتۆكۈس ئىشىنىپ، مۇۋەپپەقىيەتنى تەسەۋۋۇر قىلىپ، تىرىشىپ خىزمەت قىلىپ، غالىبىيەتچىگە ۋە مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىغا ئايلانغان. ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرمۇ ئاشۇ جەرياندا ناھايىتى زور بەختتىن بەھرىمەن بولغان.

يىغىلىشقا قاتناشقانلار ئىچىدە بىرەيلەن كەسكىنلىك بىلەن:

www.uyghurkitap.com

— مەن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتا تامامەن ئايالىمنىڭ ياردىمىگە تاياندىم. ئۇ مېنى مەغلۇبىيەتچىلىك پسىخىكىسىدىن تارتىپ چىقاردى، دېدى.

ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان ئايالى:

— مېنىڭ يولدىشىم ئەزەلدىنلا بىر مۇنەۋۋەر شەخس بولۇپ چىقىشنى ئويلايتتى. مېنىڭ قىلغان ئىشىم ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئىقتىدارى ۋە ئوبرازىنى ھېس قىلدۇرۇش بولدى، دېدى.

ئۇنىڭ يولدىشى ئىلگىرى ئۆزىگە، ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىغا، ئۆزىنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىگە ئىشەنچ قىلالمايتتى، ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىنى بەك تۆۋەن مۆلچەرلەيتتى.

ئۇنىڭ ئادەتتىكى سۆزلىرىدە، ئۈمىدسىزلىك ۋە ئىنكار قىلىش خاراكتېرىدىكى ئىبارىلەر كۆنسېرى كۆپىيىپ كەتكەنىدى.

مەسىلەن: ئۇ «ئوڭۇشلۇق بولمايدىغاندەك قىلىدۇ» ، «ئۇ قىلالىغان بىلەن، مەن ئۇنداق قىلالمايمەن» ، «مەن بۇ خىزمەتنى ياخشى ئىشلىيەلمەيمەن» دېگەندەك ئىبارىلەرنى كۆپ تەكرارلايتتى.

كەسپىي نەتىجىلىرى ئەلا كىشىلەر مۇكاپات تاپشۇرۇپ ئالغاندا: «مېنىڭ مۇكاپات ئېلىشىم مۇمكىن ئەمەس ئىدى» دېگەنگە ئوخشاش تېپىك پاسسىپ پوزىتسىيىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ يەردىكى تېپىك دېگەنلىك، ئۇنىڭ ئەزەلدىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

بىر كۈنى، ئۇ ئەتىگەنلىك ناشتىدا ئىلگىرىكىگە ئوخشاش ئۈمىدسىزلىك بىلەن غۇدۇرغىلى تۇردى، ئايالى ئۇنىڭغا ئەستايىدىل رەدىيە بېرىپ:

— گېپىمنى ئاڭلاڭ، ھەر كۈنى سىزنىڭ غۇدۇراشلىرىڭىز-

نى تولا ئاڭلاپ چارچاپ كەتتىم. مەن سىزنى چۈشىنىمەن، سىز بىر تالانتلىق شەخس، بىراق ھەر قېتىم ئۆزىڭىزنى ئۆزىڭىز ئالدايسىز. مەن سىزنىڭ بۇنداق ئۈمىدسىزلىكىڭىزدىن تويۇپ كەتتىم. ئەگەر بۇ رېئاللىق بولسا سەۋر قىلاي، ئەمما سىز يارامسىزلاردىن ئەمەس، ئەمدى سۆزلىمەڭ، دېدى.

يولدىشى ئايالىنىڭ ئاغزىنى باسماقچى بولدىيۇ، بىراق ئايالى يەنە سۆزىنى داۋام قىلىۋەردى:

— مېنىڭ سۆزۈم تېخى تۈگىمىدى. مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن، سىزنى چۈشىنىمەن ھەم سىزگە ئىشىنىمەن. شۇڭا مەن سىزنىڭ ئۇ خىل ئۆز ــ ئۆزىڭىزنى پەس كۆرۈش خاھىشىڭىزغا چىداپ تۇرالمايمەن. ئەركەكتەك ئۆزىڭىزگە جەڭ ئېلان قىلىڭ! يەنە شۇنداق پاسسىپ سۆزلەرنى قىلسىڭىز، قەتئىي ئاڭلىمايمەن.

ئۇ يۇقىرىقى سۆزلەرنى دەپ بولۇپ توختاپ قالدى.

ئۇنىڭ سۆزى يولدىشىنى تەسىرلەندۈردى. ئۇ ئايالىنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. ئۇ يەنە پاسسىپ سۆزلەرنى قىلىپ قالماي دەپ گەپ ــ سۆزلىرىگىمۇ ناھايىتى دىققەت قىلىدىغان بولدى. ئۇ بارا ــ بارا ئاكتىپ تەپەككۇر قىلىدىغان، ئاكتىپ ھەرىكەت قىلىدىغان بولدى.

قايتا ــ قايتا تىرىشىش نەتىجىسىدە ئۇ ئاخىرى مۇۋەپپەقىيەت قازاندى.

شۇڭا، ئۇ بۇ قېتىمقى يىغىلىشتا ئالاھىدە تەكلىپ بىلەن قاتناشقانىدى. بىز شۇ يەردە ئۇچراشتۇق. ئۇ ئايالىنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ قويۇپ، تولىمۇ مەمنۇنىيەت بىلەن:

— مەن مېنى چۈشىنىدىغان، مېنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىمنى ئويغىتالايدىغان مۇشۇنداق ئايالىمنىڭ بولغانلىقىدىن تولىمۇ سۆيۈنىمەن، دېدى.



پوزىتسىيە ھەممىنى بەلگىلەيدۇ!

# توققۇزىنچى باب تەپەككۇر ۋە ساغلاملىق

—«ساغلام تەپەككۇر» ھاياتتا مۆجىزە يارىتىدۇ.



[illegible]

[illegible]

[illegible]

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئېتىقادنى ھازىرقى زامان تېببىي ئىلمى بىلەن بىرلەشتۈرۈڭ

*ئېتىقادنى ھازىرقى زامان تېببىي ئىلمى بىلەن بىرلەشتۈرگەندە، جانلىق داۋالاش ئۇسۇللىرىغا ئېرىشكىلى ۋە ئەڭ ياخشى داۋالاش ئۈنۈمى ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ.*

سىز ساغلام، كۈچلۈك بەدەنگە ئىگىمۇ؟ ياكى سالامەتلىكىڭىز تازا دېگەندەك ئەمەس، كۈچ ـ قۇۋۋىتىڭىز كەمچىلىك بولۇپ، ئاسانلا ھېرىپ ـ چارچامسىز؟ ئەگەر مۇشۇنداق بولسىڭىز، بۇ باپتىن ئوبدان ئوقۇپ پايدىلىنىڭ. بۇ يەردە دېيىلگەنلەر يېمەكلىك بىلەن كېسەل داۋالاش ياكى ھەرىكەت بىلەن كېسەل داۋالاش ئەمەس، مەن دوختۇر ئەمەس. شۇڭا مېنىڭ تونۇشتۇرىدىغانلىرىم تېببىي ساۋاتلارمۇ ئەمەس. مېنىڭ دېمەكچى بولغانلىرىم ھەر كۈنى ساغلام، ھاياتىي كۈچكە تولغان ھالدا ياشاشتىكى تۇرمۇش شەكلى!

بۇ ئۇسۇللار پەقەت قەغەز يۈزىدىلا دېيىلگەن گەپلەر بولماي، بەلكى ئۆز بېشىمدىن ئۆتكۈزگەن تەجرىبىلىرىم.

مەن تەنھەرىكەتچى ئەمەس، تېنىم ئۇنچىلىك بەك قاۋۇلمۇ ئەمەس، ئەمما سالامەتلىك ئەھۋالىم ئىزچىل ياخشى بولۇپ كەلدى. كۈچ ـ قۇۋۋىتىم ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. مۇشۇ كەمگىچە جىسمانىي كۈچۈمدىن قالىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلمىدى.

مېنىڭ بۇنداق ساغلام، ئۇرغۇپ تۇرغان كۈچ ـ قۇۋۋەتكە ئىگە بولۇشۇم تۇرمۇشتىكى «روھىي قائىدە» ۋە دىنىي دەستۇر-

لاردا ئىپتىلغان «مەڭگۈ ئۆزگەرمەس قانۇنىيەت»كە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىمدە! بۇ قانۇنىيەتلەر ماڭا ياردەم بەردى، مەن ئوقۇر-مەنلەرنىڭمۇ بۇنىڭدىن پايدىلىنالايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

مەن دائىم ياخشى، ساغلام تۇرمۇشقا ئىگە بولۇش ئۈچۈن ئەڭ مۇھىمى ئېتىقادقا ئىگە بولۇش كېرەكلىكىنى تەشەببۇس قىلىمەن. بۈگۈنكى كۈندە ئالدىنقى قاتاردىكى دوختۇرلارمۇ ئې-تىقاد ئاساسىي مۇھىم ئامىل دەپ قارىماقتا.

تۆۋەندە تونۇشتۇرۇلىدىغىنى دوكتور خېربېرت. مىنسوننىڭ ماقالىسى:

«مەن دىن ياكى پەلسەپەنى يۇكسەلدۈرۈشكە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمەيمەن. مېنىڭ كۆڭۈل بۆلۈدىغىنىم ئىلىم - پەن ئارقىلىق كۆزىتىپ ئېرىشكەن، ئېتىقاد شەكىللەندۈرگەن ئۈنۈم ۋە ھادىسە. ئۆزۈمنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ تەكشۈرۈشىگە ئاساسلانغاندا، ئېتىقادقا پۈتۈن نىيىتى بىلەن ئىخلاس قىلغانلار تۆۋەندىكى ئۈنۈملەرگە ئېرىشەلەيدۇ:

△ باش ئاغرىيدىغان ئەھۋال تۈگەيدۇ.

△ يۈرەك كېسىلىنىڭ ئازابى يېنىكلەيدۇ (ئادەتتە، كۈچ-لۈك ئېتىقادقا ئىگە بولسا يۈرەك كېسىلىنىڭ ئازابىنى 80% يېنىكلەتكىلى بولىدۇ دەپ قارىلىدۇ)

△ ئىجادچانلىقنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ. بولۇپمۇ بەزى «روھىي توسالغۇغا ئۇچراش» ئەھۋاللىرىدا تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىش بولىدۇ.

△ ئۇيقۇسىزلىق كېسىلىنى داۋالىغىلى بولىدۇ.

△ نەپەس ئېلىش قىيىن بولۇشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

△ تۆۋەن قان بېسىمى ۋە يۇقىرى قان بېسىمى كېسىلىنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

داۋالىغىلى بولىدۇ.

△ راك كېسىلىنى داۋالىغىلى بولىدۇ.

△ قورقۇش روھىي ھالىتىنى تۈگەتكىلى بولىدۇ.

△ خولېستېرىننى تۆۋەنلەتكىلى بولىدۇ.

△ كۆڭلى ئاينىش، قۇسۇش، ئىچى سۈرۈش، قەۋزىيەت، قىزىققانلىق قاتارلىق كېسەللەرنى ۋە جەمئىيەتكە ماسلىشالماسلىق كېسىلىنى ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولىدۇ.

△ روھىي بېسىمنى ئازايتىپ، نېرۋىنى تىنچلاندۇرغىلى بولىدۇ.

ئېتىقادنى ھازىرقى زامان تېببىي ئىلمى بىلەن بىرلەشتۈرگەندە، چوقۇم شانلىق داۋالاش ئۈنۈمىنى ئېرىشكىلى بولىدۇ. ئېتىقادنى ھازىرقى زامان تېببىي ئىلمى بىلەن ئۆزئارا ماسلاشتۇرغاندا، ئەڭ ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ.

## «تەڭرى مېنىڭ ساغلام بولۇشۇمنى ئۈمىد قىلىدۇ»

*تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ھاياتلىق كۈچى مېنى ئويغاتتى. زور ھاياتىي كۈچكە ئىگە بۇ كۈچلۈك ئېقىم مېڭەمگە، يۈرىكىمگە، تومۇر ـ تومۇرلىرىمىز ۋە پۈتۈن بەدىنىمگە ئېقىپ كىردى. ساغلاملىق بىلەن زېھنىي كۈچ خۇددى دەل ـ دەرەخ، گۈل ـ گىياھلارغا ئوخشاش مېنىڭ ۋۇجۇدۇمدا ئويغىنىۋاتىدۇ.*

بىز بىر ماددىي دۇنيادا ياشاۋاتىمىز. شۇڭا ماددىي دۇنيا ئەلۋەتتە ئىنتايىن مۇھىم. ئادەم ماددىي ھاياتلىققا ئىگە بولمىسا ياشىيالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بىز ھېسسىي ۋە مەنىۋى دۇنيادىمۇ ياشاۋاتىمىز، بۇ ماددىي دۇنيادىنمۇ بەك مۇھىم.

بىر پسىخولوگ: «تەپەككۇر شەكلى ھەرىكەت شەكلىدىن مۇھىم» دېگەنىدى. دېمەك، مەنىۋى دۇنيا بىلەن ماددىي دۇنيا ئوخشاشلا ناھايىتى مۇھىم.

بىر ئۆلۈش يوشۇرۇن كۈچ ماددىي، ھېسسىي، ۋە مەنىۋى دۇنياغا تۇتاشقان بولىدۇ. بۇ بىر پاكىت. بۇ كۈچنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى بىلىش، بىلمەسلىك، ئادەمنىڭ ساغلاملىقى ۋە ئۆمۈرلۈك ھاياتىي كۈچى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

ئۆزىنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشىدا ناھايىتى زور ئۆزگىرىش يۈز بەرگەن بىر ئايال بولۇپ، ئۇ بۇ يىل 34 ياشقا كىرگەن، دېمەك ئۇ ھاياتىنىڭ تازا ئۇرغۇپ تۇرغان مەزگىلىگە قەدەم قويغان. ئەمما ئۇ كېسەل سەۋەبى بىلەن ئۆيىنىڭ ئىش ـ كۈشلىرىنى قىلالمايدىكەن، دوختۇرغا كۆرۈنسە تۇغماس دەپ دىئاگنوز قو-

www.uyghurkitap.com

يۇپتۇ. ئۇ ئەتىدىن كەچكىچە دوختۇرخانىنىڭ بوسۇغىسىدىن نېرى كەتمەي، ئايلاپ ـ ئايلاپ كېسەل كارىۋىتىدىن چۈشمەيدىكەن.

بۇ خىل تۇرمۇش ئۇنىڭدا ئۈمىدسىز، پاسسىپ، تەپەككۇرنى يېتىلدۈرگەن. ئۇ ھايات خۇشاللىقلىرىدىن مەھرۇم قىلىپ، سالامەتلىكى تېخىمۇ ئاجىزلاپ كېتىپتۇ.

ئۇ كىچىكىدىن دىنىي تەربىيە ئېلىپ چوڭ بولغاچقا، تىلاۋەتنىڭ چەكسىز كۈچ ـ قۇدرىتىگە، تەڭرىگە سېغىنىش ۋە تەڭرىگە ئىبادەت قىلىش ئارقىلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۇسۇللىرىنى تېپىپ چىقالايدىغانلىقىغا ئىشىنىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن تىلاۋەت قىلغاندا، بەلگىلىك جاۋابقا ئېرىشەلەيدىغانلىقىغا تەدرىجىي ئىشىنىشكە باشلاپتۇ.

بىر كۈنى، ئۇنىڭ كاللىسىدىن چاقماق تېزلىكىدە بىر ئوي كېچىپتۇ ـ دە، ئۆزىمۇ چەكسىز ھەيران بولۇپ داڭقېتىپ قاپتۇ. بۇ گەرچە بۈگۈن ئاددىي ساۋاتقا ئايلىنىپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما ئۆز ۋاقتىدىكى ئىنقىلاب خاراكتېرلىك بۇ ئوي يەنى ھەر خىل روھىي ھالەت كىشىلەرنىڭ ساغلاملىقىنى ئاشۇرۇش ياكى ئاجىزلىتىۋېتىش، ھەتتا كېسەلنىڭ مەنبەسى بولۇپ قېلىشتەك روللارنى ئوينىغان.

ئەينى ۋاقىتتا ئۇ تۇيۇقسىز، ئادەم دائىم ئۆزىنىڭ ئېڭىدا تەسەۋۋۇر قىلغان سىياقىغا ئوخشاپ قالىدىكەن دېگەننى ھېس قىپتۇ. بۇ خىل تۇيغۇ ئۇنىڭ پسىخىكىسىدا كىشىلىك ھاياتنى ئۆزگەرتىدىغان روھىي ئېنېرگىيىنى پەيدا قىلغان.

باھارنىڭ بىر كۈنى، ئۇ يولدىشى بىلەن تېرەكلىك يولدا كېتىۋېتىپ، تېرەكلەرنىڭ يېڭىدىن نوتا چىقىرىپ، تەبىئەتنىكى

پۈتۈن جانلىقلارنىڭ ئويغانغانلىقىنى ھېس قىلدى.

ئۇ تۇيۇقسىز چىپپىدە توختاپ، يۇقىرى ئاۋازدا:

— مەن چۈشەندىم، بۇ ھاياتلىقنىڭ كۈچى، ئاجايىپ قۇدرەتكە ئىگە ھاياتىي كۈچ! دەپ ۋارقىرىدى.

يولدىشى غەمكىن ھالدا:

— نېمە ئۇ ھاياتىي كۈچ دېگەن؟ دەپ سورىدى.

ئايالى دەرەختىكى يېشىللىقلارنى، ئوت - چۆپلەرنىڭ يېشىل رەڭگە كىرگەنلىكىنى، تۇپراقنى يېرىپ چىققان سېرىق نەرگىس گۈلى، كانايچە نەرگىس گۈل ۋە ھەمەل گۈللىرىنى كۆرسىتىپ:

— ھاياتلىق دېگەن ئەنە شۇ، ئادەم بەدىنىدىمۇ خۇددى تەبىئەت دۇنياسىغا ئوخشاش يېڭى ھاياتىي كۈچنى ئويغىتىدىغان ئاجايىپ كۈچ - قۇدرەت بار، ئادەم دېگەن ئەڭ ئالىي دەرىجىدىكى ماددىي نەرسىلەرنى ياراتقۇچى، خۇددى ئاشۇ جانلىقلاردەك يېڭى ھاياتلىق مۆجىزىسى بىلەن دۇنياغا يېڭىۋاشتىن تۇغۇلۇشى كېرەك، دېدى.

ئۇ شۇ گەپلەرنى دېگەندە باشقىلا بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالغاندەك بولۇپ قالغانىدى. چىرايىغا قان يۈگۈرۈپ، كۆزلىرى چاقناپ، قەلبىدە پۈتمەس - تۈگىمەس ھاياتىي كۈچ تولۇپ - تاشقان ئىدى. ئۇ تۇيۇقسىز كەسكىن ھالدا:

— تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ھاياتلىق كۈچى مېنى ئويغاتتى. زور ھاياتىي كۈچكە ئىگە بۇ كۈچلۈك ئېقىم مېڭەمگە، يۈرىكىمگە، تومۇر - تومۇرلىرىم ۋە پۈتۈن بەدىنىمگە ئېقىپ كىردى. ساغلاملىق بىلەن زېھنىي كۈچ خۇددى دەل - دەرەخ، گۈل - گىياھلارغا ئوخشاش مېنىڭ ۋۇجۇدۇمدا ئويغىنىۋاتىدۇ، دېدى.

ئۇ ئەنە شۇلارنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئويلاپ، ئىشەنچ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ۋە جاسارەت بىلەن تىرىشىش ئارقىلىق، كېسەللىك ھالىتىدىن قۇتۇلۇشقا باشلىدى. ساغلام ۋە جۇشقۇن ھاياتىي كۈچكە ئېرىشىپ، ئوتتەك قىزغىنلىققا، چېكىنمەس مەيدانغا ئىگە كىشىگە ئايلىنىپ 96 ياشقىچە ئۆمۈر كۆردى.

ئادەم كۈچلۈك كۆزىتىش كۈچى، ئىشەنچ ۋە چوڭقۇر ئېتىقاد بىلەن ھازىرلانغاندىلا، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ساغلاملىققا ئېرىشكىلى بولىدۇ.

بۇ خىل چەكسىز ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولۇش ئۈچۈن، ھەر كۈنى تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئۈنلۈك ئوقۇشىمىز كېرەك. بولسا ئوقۇشتىن بۇرۇن چوڭقۇر بىر نەپەس ئېلىۋېتىپ، ئاندىن ئوقۇشنى باشلىساق ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ:

△ مەندە قىلچە مەسىلە يوق.

△ مەن ھاياتىي كۈچكە تولۇپ تاشتىم.

△ مەن توسالغۇسىز ھاياتىي كۈچكە ئېرىشتىم.

△ مەن ناھايىتى ساغلام تەنگە ئىگە.

△ مەن تولىمۇ خۇشال.

△ مېنىڭ غەيرىتىم ئۇرغۇپ تۇرىدۇ.

△ مەن ھاياتىمنىڭ كائىنات ئىچىدە ئىكەنلىكىنى بىلىمەن. ئالەمنىڭ ھاياتىي كۈچى مېنىڭ تېنىمدە رول ئوينايدۇ. تەڭرى ماڭا ساغلاملىق، ھاياتىي كۈچ ۋە كۈچ ــ قۇدرەت ئاتا قىلغىن!

ئەگەر سىز بۇلارنى ئۈنلۈك ئوقۇشنى سەممىي ساداقەت بىلەن داۋاملاشتۇرالىسىڭىز، ئىجادىي خاراكتېرلىك مەنىۋى پائالىيەتلەرگە كىرىشكەن بولىسىز، مەنىۋى دۇنيادىكى كۈچ ــ قۇدرەتنىڭ كۈچلۈك ئېقىمى سىزگە قاراپ ئاققان بولىدۇ. سىز بىر ئۆمۈر ساغلام، ھاياتىي كۈچكە تولغان ھالدا ياشىيالايدىغان.

لىقىڭىزغا ئىشىنىڭ. ھەر كۈنى بۇ ئىشلار ئۈچۈن كۆڭلىڭىزدە ھەشقاللا ئېيتىڭ.

«تەڭرى ماڭا ساغلاملىق ۋە خاتىرجەملىك ئاتا قىلغىن!» دەپ ئىلتىجا قىلىڭ.

تەڭرى ئادەملەرنى بىنا قىلغاندا، ئەڭ مۇرەككەپ، ئەڭ سىرلىق «تەن»نى يارىتىپ، بۇنىڭغا ئۇزۇن يىل ئىشلىتەلەيدىغان ئىقتىدارنى، ئوموميۈزلۈك تەڭشىيەلەيدىغان مۇكەممەل، مۇرەككەپ ئەزالارنى ئورۇنلاشتۇرغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، تەڭرى بىزگە ئىدراك، تەپەككۇر، خاتىرە ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرالايدىغان ئاجايىپ قۇرۇلمىلىق مېڭە ئاتا قىلغان. تېخىمۇ مۇھىمى ھەر بىر ئادەمنىڭ خاراكتېر ـ مىجەزىنىڭ مەركىزىگە روھنى جايلاشتۇرغان. بۇ كىشىنى تولىمۇ ھەيران قالدۇرىدۇ.

# تەن، مەنىۋىيەت ۋە روھنىڭ ماسلىشىشىنى قوغلىشىڭ

*ئادەمنىڭ ساغلاملىق ئەھۋالى شۇ كىشىنىڭ ئوي - خىياللىرىنىڭ ساغلام ياكى ساغلام ئەمەسلىكى، ئەخلاقىنىڭ ساپ ياكى ساپ ئەمەسلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ساپ قەلب ھەقىقەتەن كىشىگە ساغلام تەن ئاتا قىلىدۇ.*

ھازىر بىز سەللا دىققەت قىلمىساق روھتىكى كېسەلنىڭ تەندىكى كېسەل مەنبەسىگە ئايلىنىپ قالىدىغانلىقىنى بايقايمىز. بىزدىن ئىلگىرىكى بىر، ئىككى ئەۋلاد كىشىلەر بۇنى تولۇق چۈشەنمىگەن، تۇنجى قېتىم روھ بىلەن تەننىڭ مۇناسىۋىتىنى ئېنىق ھېس قىلغاندىكى ئەھۋاللار تاكى بۈگۈنگە قەدەر ئېنىق يادىمدا.

مەن ياش ۋاقتىمدا نيۇ يوركتىكى بىروكسىن دىنىي جەمئىيەتتە ۋەزىپە ئۆتىگەن. بىر قېتىم تەكلىپ بىلەن دوختۇرخانىغا بىر ئېغىر كېسەلنى كۆرگىلى باردىم، كېسەل بولغۇچى نيۇ يوركتىكى بىر مەشھۇر سىياسىيون ئىدى. مەسئۇل دوختۇرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ كىشى ئائىلىسىدىكىلەرگە ناھايىتى كۆيۈنىدىكەن، شۇنداقلا دىنىي جەمئىيەتتىكى ئاساسلىق شەخسلەردىن ئىكەن.

دوختۇر داۋالاش ئۈنۈمىنىڭ تازا كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغانلىقىدىن ناھايىتى غەلىتىلىك ھېس قىپتۇ. دوختۇر:

— داۋالاشقا خۇددى ئىمىدۇر بىر نەرسە كاشىلا بولغاندەك بولۇپ قالدى، دېدى.

مەن كېسەلنىڭ بىر جۈپ نۇرسىز كۆزلىرىدىن، ئۇ ئىچىدە

بىر نېمىگە قاتتىق قايغۇرۇۋاتقان بولسا كېرەك، بۇ چوقۇم ئۇنىڭ كېسەل تارتىپ كېتىشىدىكى سەۋەب دەپ ئويلىدىم. ئۇ چاغدا مەن ياش بولغانلىقتىن، سەل ئارسالدى بولغان ھالدا ئۇنىڭغا:
— مەن سىزنىڭ ناھايىتى داڭلىق كىشى ئىكەنلىكىڭىزنى بىلىمەن، ماڭا ئېيتىڭ، سىزنىڭ قانداق باش قېتىنچىلىقىڭىز بار؟ دېدىم.
ئۇ ئۆزۈنىغىچە ماڭا تىكىلىپ تۇرۇپ كېتىپ، تىترەڭگۈ ئاۋازدا:
— شۇنداق، كۆپچىلىك مېنىڭ ئائىلەمدىكىلەرگە ناھايىتى كۆيۈنىدىغانلىقىمنى بىلىدۇ، دىنىي جەمئىيەتتە ۋە ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىدا مۇھىم ۋەزىپىدە بولدۇم. ئەمما كىشىلەرگە يۈز كېلەلمەيدىغان ئىشلارنى قىلىپ قويدۇم. راستىمنى ئېيتسام، مەن جىنايەت ئۆتكۈزۈپ قويغان ئاقكۆڭۈل بەندە. ئەگەر ھەقىقىي ئىشلارنى بىلسە، ھېچكىم مېنىڭ ھۆرمىتىمنى قىلمايدۇ، دېدى.
مەن ئۇنىڭغا تۆۋە قىلىش، پۇشايمان قىلىش، كەم يەرلەرنى تولۇقلاش توغرىسىدا تەكلىپ بەردىم. مۇشۇنداق قىلغاندا ئۇنى بىر ئاز كەڭچىلىككە ۋە خاتىرجەملىككە ئېرىشتۈرۈپ، ئۇنىڭ كېسىلىنى داۋالىغىلى بولاتتى.
ئۇ ماڭا ئۆزىنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش جەريانىنى سۆزلەپ بەردى، كەمتەرلىك بىلەن مەندىن ئۆزى ئۈچۈن دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىپ قويۇشۇمنى سورىدى. مەن ئۇنىڭغا تەڭرىنىڭ رەھىمتى چەكسىز، سىزنىڭ گۇناھلىرىڭىزنى مەغپىرەت قىلىدۇ ۋە سىزگە خۇشاللىق ئاتا قىلىدۇ، دېدىم. ئۇ چوڭقۇر بىر نەپەس ئېلىۋېتىپ، پەس ئاۋازدا:
— مەن ئەمدى ناھايىتى راھەت ھېس قىلىۋاتىمەن، مۇشۇنداق بولسا چوقۇم ئۇخلىيالايدىغان ئوخشايمەن، دېدى.
شۇنىڭدىن باشلاپ، ئۇنىڭ كېسىلى تەدرىجىي ھالدا ياخ-

شىلىنىشقا قاراپ ماڭدى. ئاخىرى سالامەتلىكى ئەسلىگە كېلىپ، جەمئىيەتكە تۆھپە قوشالايدىغان شەخسلەردىن بولۇش ئۈچۈن تۇرمۇشىنى يېڭىۋاشتىن باشلىدى. ئۇ جىسمانىي، پسىخىك ۋە روھىي جەھەتتىن پۈتۈنلەي ئەسلىگە كەلدى. دېمەك، ئۇ ئۈچ جەھەتتىن ساغلاملىققا مۇيەسسەر بولغانىدى.

ئادەمنىڭ ساغلاملىق ئەھۋالى شۇ كىشىنىڭ ئوي - خىيالىنىڭ ساغلام ياكى ساغلام ئەمەسلىكى، ئەخلاقىنىڭ ساپ ياكى ساپ ئەمەسلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ساپ قەلب ھەقىقەتەن كىشىگە ساغلام تەن ئاتا قىلىدۇ.

500 نەپەر كېسەل ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان كلىنىكىلىق داۋالاشتىكى تەجرىبە نەتىجىسى شۇنى ئېنىق كۆرسەتتىكى، بۇنىڭ ئىچىدە 383 نەپەر كېسەل كۆتۈلمىگەن ۋەقە ياكى ئەزالارنىڭ ئۆزگىرىشىدىن بولغان ئەمەس. بىر دوختۇر مۇنداق دەيدۇ: «كېسەل كىشى كاللىسىدىكى كېسەل ھالىتىدىكى خىيالدىن ئىبارەت يىرىڭنى بەدىنىگە تارقىتىدۇ.»

زورو ئاستىر:

«روھنى داۋالىماي تۇرۇپ، تەننى داۋالىماسلىق كېرەك» دېگەن.

ھازىرقى زاماندىكى مۇتەپەككۇرلار قەدىمكى بۇ دانىشمەننىڭ ئۇلۇغ ئىدىيىسىنى ئەمدى ھېس قىلىۋاتىدۇ.

داۋالىق يۇقىرىقى ئۈچ جەھەتتىكى ساقلاملىقنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈش كېرەك. تەن، قەلب ۋە روھتىن ئىبارەت ئۈچ ئاساسىي ئامىلنى تەڭشەش ۋە ماسلاشتۇرۇش كېرەك. بۇ ئۈچ جەھەتتىكى زىددىيەتسىز ماسلاشتۇرۇشنىڭ رولىنى ئۇنتۇپ قالمىغاندىلا، ساغلاملىقنى ئۇزۇن مەزگىل ساقلىغىلى بولىدۇ.

# پەقەت تاللاشلا غالىبىيەتچى بىلەن مەغلۇبىيەتچىنى ئايرىيدۇ

*ئۆز تەبىئىتىنى چۈشىنىدىغان ئەقىللىق ئىنسان، مۇقەررەر ھالدا پايدىلىق ئامىللاردىن جانلىق پايدىلىنىپ، پايدىسىز ئامىللارنى تۈگىتىپ، ئۆزىنىڭ ساغلام تېنىنى قوغدىيالايدۇ.*

كىشىلىك ھاياتتا بەخت ۋە مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىش — ئېرىشەلمەسلىك، پۈتۈنلەي توغرا تاللاشنى ئىشقا ئاشۇرغان — ئاشۇرمىغانلىقىقا باغلىق. ھاياتتا ئۆزىمىزگە پايدىلىق ئامىللارمۇ ۋە پايدىسىز ئامىللارمۇ تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ساغلام ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولۇش ئۈچۈن، چوقۇم قايسىلارنىڭ پايدىلىق ئامىل، قايسىلارنىڭ پايدىسىز ئامىل ئىكەنلىكىنى تونۇپ، ئاندىن توغرا تاللاشنى ئوتتۇرىغا قويۇش كېرەك.

ھەر كۈنى سەھەر ئورنىمىزدىن تۇرۇپلا تاللىشىمىز كېرەك. يەنى ئاكتىپ پوزىتسىيە (ئىجادچانلىق، قىزغىنلىق، مۇھەببەت، ئىشەنچ، ئۈمىد)نى ياكى پاسسىپ پوزىتسىيە (نەپرەت، قورقۇش، خاتىرجەمسىزلىك، ئاچچىقلىنىش، قايغۇرۇش)نى تاللاش ئۆزىمىزگە باغلىق.

ئازراقلا بوشاڭلىق قىلسىڭىز، پاسسىپ پوزىتسىيە سىزگە رودىپايدەك يېپىشىۋېلىپ، سىزگە پاسسىپ نەتىجە ئېلىپ كېلىدۇ، غەيرەت ـ شىجائىتىڭىزنى، ئىجادىي كۈچىڭىز ۋە ئارزۇيىڭىزنى خورىتىپ، ئاخىرى قىممەتلىك ساغلاملىقىڭىزنى ئېلىپ كېتىدۇ.

ئۆز تەبىئىتىنى چۈشىنىدىغان ئەقىللىق ئىنسان، مۇقەررەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

هالدا پايدىلىق ئامىللاردىن جانلىق پايدىلىنالايدۇ، بارلىق پايدىسىز ئامىللارنى تۈگىتىپ، ئۆزىنىڭ ساغلام تېنىنى قوغدىيالايدۇ. مانا بۇ كىشىلەرگە پايدا ئېلىپ كېلەلەيدىغان ئەڭ ياخشى تاللاش.

مۇشۇنداق تاللاشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئىجادىي تەپەككۇر ۋە تەۋرەنمەس ئىشەنچنى ھازىرلاش كېرەك. ئىشەنچ ئاجىز كەلسە، ئۇنىڭ ئورنىنى ئىككىلىنىش ئىگىلىۋالىدۇ. ئىككىلىنىش ئاخىرى بارلىق كىشىنى كېرەكتىن چىقىرىدۇ.

دوكتور چارلىس. مايو:

— مەن تاكى بۈگۈنگە قەدەر بىرەرسىنىڭ خىزمەتنىڭ ئېغىرلىقىدىن ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىدىم. ئەمما گۇمان بىلەن ئۆلۈپ كەتكەنلەر ناھايىتى كۆپ، دەيدۇ.

بىر قىزنىڭ 87 ياشلىق دادىسى يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ماشىنا ھادىسىسى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن. جەسەتنى يېرىپ تەكشۈرگەندە، دادىسىنىڭ تېنىدە ئېغىر كېسەلگە قاراپ تەرەققىي قىلىپ ماڭغان يوشۇرۇن كېسەل مەنبەسى بايقالغان. ئەمما ئۇ ھايات ۋاقتىدا، ئۇنىڭدا ئۇنداق كېسەل كۆرۈلمىگەن. دوختۇر ئۆلگۈچىنىڭ قىزىغا مۇنداق دېگەن:

— دادىڭىزنىڭ تېنىدە ھەر خىل يامان كېسەللەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان كېسەللىك ئالامەتلىرى يوشۇرۇنغان. ئەمەلىيەتتە، 20 يىل بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن بولسىمۇ ھېچقانداق ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس ئىدى. ئەمما سىزنىڭ گېپىڭىزگە قارىغاندا، ئۇ 90 ياشقا كىرىپ قالاي دېگەندىمۇ ناھايىتى تېتىك، روھلۇق ياشىغانىكەن. بۇ كىشىنى تولىمۇ ھەيران قالدۇرىدۇ.

قىزى مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:

— دادام ھەر كۈنى سەھەر ئورنىدىن تۇرغاندا: «بۈگۈن

تولىمۇ گۈزەل بىر كۈن بولىدۇ» دېيىشكە ئادەتلەنگەن. ئەگەر كىشى تازا خەيرلىك بولمىغان بىرەر ئىشنى دەپ قالسا، دادام: «مېنىڭ ئىشەنچىم بار» دەيتتى.

ناھايىتى روشەنكى، بۇ ئاتا ئۆزىنىڭ تېنىدە جانلىق ھاياتىي كۈچنى ساقلاپ كەلگەن. گەرچە تېنىدە كېسەل بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭغا بويسۇنمىغان. ئۇ ئىشەنچكە، كۈچ ـ قۇۋۋەتكە، ئارزۇغا ۋە كىشىلىك ھاياتنى قىزغىن سۆيىدىغان قەلبكە ئىگە بولغاچقا، تېنىدىكى كېسەلنىڭ قىمىر قىلىشىغا يول قويمىغان.

مەن سىزگە تەكلىپ بېرەي: ھەر كۈنى سەھەر ئورنىڭىزدىن تۇرغاندا دېرىزىنى يوغان ئېچىۋېتىپ چوڭقۇر نەپەس ئېلىڭ، ئۆيىڭىزنىڭ دېرىزىسىدىن كۆككە نەزەر سېلىڭ، ئاندىن:

ئى! پەرۋەردىگار، ماڭا ھاياتلىق ئاتا قىلغانلىقىڭغا رەھمەت!

ماڭا ئائىلەمدىكى كىشىلەرنى ۋە دوستلارنى ئاتا قىلغانلىقىڭغا رەھمەت!

بۈگۈن چوقۇم ئاجايىپ بىر گۈزەل كۈن بولىدۇ.

بۈگۈن تېخىمۇ ياخشى نەرسىلەرنى ئاتا قىلىدىغانلىقىڭغا ئىشىنىمەن.

مەن ھەر بىر مىنۇتنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈشكە تەييار.

مەن بۈگۈندىن خۇشاللىق بىلەن بەھر ئالىمەن. دەپ تىلاۋەت قىلىڭ.

ھەر كۈنى سەھەر ئورنىڭىزدىن تۇرغاندا يۇقىرىدىكى بۇ گەپلەرنى ئۆزىڭىزگە ئىلھامچى قىلىۋېلىڭ. سەھەردىكى ئىلھامغا باي بۇ سۆزلەر، بۈگۈننى ئاجايىپ گۈزەل بىر كۈنگە ئايلاندۇرۇشىڭىزدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئالدى بىلەن كىشىلىك ھاياتىكى جىنايەت تۇيغۇسىنى چۆرۈپ تاشلاڭ

*جىنايەت تۇيغۇسى ھەقىقەتەن قەلبكە كېسەلنىڭ ئۇرۇقىنى تېرىيدۇ، ئۇنداق ئۇرۇق بىخ سۈرسە قەلبنى زەخىملەندۈرۈپ، تەننى چىرىتىدۇ. ئاۋادا بىرەر كىشى يوشۇرۇن ئالدىكى جىنايى قىلمىشلارنى ئەمەلىيەتتە سادىر قىلسا، دەرھال ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىش كېرەك.*

كىشىلىك ھاياتىكى شەيئىلەرنى ئىنچىكە كۆزىتىشكە ماھىر كىشىلەرلا، كىشىلىك ھاياتتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئۈچۈنلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان، ئەڭ تۆۋەن قاتلامدىكى ۋە مەنىۋى خۇشاللىققا تولغان ئەڭ يۇقىرى قاتلامدىكى ھادىسىلەرنى چۈشىنىدۇ.

مەن كىشىلىك ھاياتنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە يەتكەن بىر قانچە كىشىنى تونۇيمەن. دوكتور جون. رايرى شۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرسى.

ئۇ ئىناۋىتى ناھايىتى يۇقىرى بىر داڭلىق دوختۇر. ئىلگىرى زۇڭتۇڭنىڭ مەسئۇل دوختۇرى بولغان.

دوكتور جون. رايرىنىڭ ھەر كۈنى سەھەر ئورنىدىن تۇرۇپ تەكرارلايدىغان ئەڭ مۇھىم دەرسى — تەگرىنىڭ ئۆزىگە ساغلام تەن ئاتا قىلغانلىقىغا تەشەككۈر ئېيتىش! تېنىدىكى ئەزالىرىنىڭ ئۆز ئىقتىدارىنى تامامەن جارى قىلدۇرالايدىغانلىقى

توغرىسىدا تىلاۋەت قىلىش. ئۇنىڭ سالامەتلىكنى ئاسراشتەك بۇ خىل ئۇسۇلىنى تەقلىد قىلىپ باقسىڭىز ھەرگىز زىيان تارتمايسىز. دوكتور جون. رايىرى مۇنداق تىلاۋەت قىلىدۇ:

ئى! پەرۋەردىگار ماڭا سەگەك كاللا، كۈچلۈك يۈرەك، ساغلام ئۆپكە، ئاجايىپ چىرايلىق قان تومۇر ۋە توقۇلما، ئىنشەنچلىك ھەزىم قىلىش ئەزالىرىنى ئاتا قىلغانلىقىڭغا مىڭ مەرتىۋە شۈكرى:

ماڭا ئۆتكۈر كۆز ۋە سەزگۈر قۇلاق ئاتا قىلغانلىقىڭغا ھەشقالللا!

ئاجايىپ مۇكەممەل تېخنىكىلىق ئەزالارنى ھەدىيە قىلغانلىقىڭ ئۈچۈن ساڭا تەشەككۈر ئېيتىمەن!

دوكتور جون بىر ئۆمۈر ساغلام ۋە چېچەن، تېتىك ۋە جۇشقۇن ياشاپ، 95 ياشقا كىرگەن يىلىنىڭ بىر كۈنى چۈشتە ئۇخلاۋېتىپ ئۇدۇنياغا سەپەر قىلغان.

ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىۋاتقان سىستېرانىڭ كېيىن ماڭا دېيىشىچە، ئۇ شۇ كۈنى ئۇخلاشتىن بۇرۇن: «پېير ئەپەندىگە ئېيتىپ قويۇڭ، مەن ئۇنىڭدىن مەڭگۈ خۇرسەن» دېگەن.

مەن دوكتور جون. رايىرىغا مۇشۇنچىلىك تەسىر قالدۇرالىغانلىقىمدىن ئىنتايىن پەخىرلىك ھېس قىلىمەن. ئۇ روھىي جەھەتتە ناھايىتى غالىب بىر شەخس، مۇنەۋۋەر دوختۇر، تەڭرى ئۇنىڭغا شاپائەت قىلغاي!

دوكتور جون دائىم ماڭا، ساغلاملىقنى ئادەتتىكى خىيال بەلگىلەيدۇ دەيدۇ. ئۇ يەنە، ساغلاملىقنى ئاسراشتىكى ئالدىنقى شەرت پۇشايمان قىلىدىغان ھەر قانداق ئىشنى ياكى جىنايەت تۇيغۇسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ھەر قانداق ھەرىكەتنى

www.uyghurkitap.com

قىلماسلىق كېرەك، دەيدۇ.

جىنايەت تۇيغۇسى ھەقىقەتەن قەلبكە كېسەلنىڭ ئۇرۇقىنى تېرىيدۇ، ئۇنداق ئۇرۇق بىخ سۈرسە قەلبنى زەخىملەندۈرۈپ، تەننى چىرىتىدۇ. ناۋادا بىرەر كىشى يوشۇرۇن ئاڭدىكى جىنايى قىلمىشلارنى ئەمەلىيەتتە سادىر قىلسا، دەرھال ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىش كېرەك.

# «ئېتىقاد» نىڭ كۈچى بىلەن كېسەل داۋالىغىلى بولىدۇ

*ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، تەبىئەت سىزنى يارىتىپلا قالماستىن، بەلكى سىزنى يېڭىۋاشتىن ئۆزلۈكسىز ئۆزگەرتىپ تۇرىدۇ. سىزنىڭ ۋۇجۇدىڭىزدىكى زاپاس ئېنېرگىيە داۋاملىق يېڭى ھاياتىي كۈچ ئىشلەپچىقىرىدۇ. تېنىڭىزدىكى ھەرقايسى ئەزالار تەبىئىي قانۇنىيەتنى ۋە مۇكەممەل تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاپ، ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ ماڭىدۇ.*

بىر كۈنى بىر ئايال ماڭا خەت يېزىپ: «ئەگەر بىزنىڭ بۇياقلارغا ئۆتۈپ قالسىڭىز، مېنىڭ يولدىشىم بىلەن بىر كۆرۈشۈپ كېتەرسىز» . دەپتۇ.

ئۇنىڭ خېتىدە ئېيتىشىچە، ئىلگىرى ئۇنىڭ يولدىشى خىزمەتتە زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشىپتۇ، شەھەر ئاھالىلىرى كوللېكتىپىدە تولىمۇ جانلىق بولۇپ، ھەممە كىشىنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشىپ، ئىجتىمائىي ئالاقىچى بولۇپ قالغان. بىر كۈنى، ئۇ تۇيۇقسىز ئولتۇرغان ئورنىدىلا خۇدىنى يوقىتىپ قويۇپتۇ.

دوختۇرلار ئۇنىڭغا روھىي كېسەل بولۇپ قاپتۇ دەپ دىئاگنوز قويۇپتۇ. بىراق ھېچكىم ئۇنىڭ سەۋەبىنى بىلمەيدىكەن. كۆزىتىش كۈچى ناھايىتى ئۆتكۈر بىر دوختۇر، ئۇنىڭ قانداقتۇر بىرەر ئىشقا باش قېتىنچىلىقى بولۇشى مۇمكىن، ئەگەر ئۇ كۆڭلىدىكى گەپلىرىنىڭ ھەممىنى ئېيتسا، ئېھتىمال داۋالاپ ساقايتىش مۇمكىن، دەپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كېيىن مەن بىمار بىلەن كۆرۈشتۈم. ئۇ تولىمۇ روھسىز بولۇپ، چىرايىدا قان دىدارى يوق ئىدى. ئۇ ھە دېگەندىلا:

— تازا مىجەزىم يوق، دېدى.

ئاخىرى مەن ئۇنىڭغا:

— قارىغاندا بىرەرسىگە دېيەلمەيۋاتقان مۇھىم يۈرەك سۆزلىرىڭىز بارمۇ نېمە؟ مەن بىر پسىخولوگ، قانداق سۆزىڭىز بولسا ئېيتىۋېرىڭ، ھەرگىز ئەجەبلەنمەيمەن، قېنى، خاتىرجەم سۆزلەڭ، دېدىم.

مەن ئۇنىڭغا، ئادەم روھىي جەھەتتە ساغلام بولمىسا، سالامەتلىكىگە يامان تەسىر يەتكۈزىدىغانلىقىنى ئېيتتىم.

ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇ ئاستا ــ ئاستا ئۆزى ھېس قىلغان جىنايەتلىك قىلمىشىنى، كۆڭۈلدىكى مەخپىي تۈگۈنلەرنى يېشىپ سۆزلەپ بېرىپ، چارچىغان ھالدا ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى.

مەن خۇددى بىر نەرسىنى بىر يەرگە دۆۋىلەۋاتقان قىياپەتتە تۇردۇم، ئۇ ئەجەبلىنىپ مەندىن:

— سىز نېمە قىلىۋاتىسىز؟ دەپ سورىدى.

— مەن سىزنىڭ يۈرىكىڭىزنى مۇجۇپ، يەلكىڭىزنى بېسىپ تۇرغان يۈكلەرنى بىر يەرگە دۆۋىلەۋاتىمەن، بۇلار سىزگە يۈك بولۇپ، قەلبىڭىز ۋە روھىڭىزنى بېسىۋالغاچقا، روھىي ھالىتىڭىز ياخشى بولمىغان، دېدىم.

مەن يەنە ئۇنىڭغا جايىڭىزدا تىنچ ئولتۇرۇپ چوڭقۇر تەپەككۇر ۋە سەممىي تىلاۋەتتە بولۇڭ، مۇشۇنداق قىلسىڭىز سالامەتلىكىڭىز تېز ئەسلىگە كېلىدۇ، دەپ تەكلىپ بەردىم. ئۇ مەن دېگەندەك قىلدى. تىلاۋەتتىن كېيىن بىز ئۇن ــ تىنسىز ھالدا بىر ــ بىرىمىزگە قاراپ بىر ھازا ئولتۇردۇق. تۇيۇقسىز ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ، ئىككى قولىنى

ئېگىز كۆتۈرۈپ، چوڭقۇر بىر نەپەس ئېلىۋېتىپ، يۇقىرى ئاۋازدا:

— ياھ، نېمىدېگەن راھەت – ھە! ئەپەندى، رەھمەت سىزگە، دېدى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ سالامەتلىكىمۇ ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى.

شۇنىسى ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، تەبىئەت سىزنى يارىتىپلا قالماستىن، بەلكى سىزنى يېڭىۋاشتىن ئۇزلۇكسىز ئۆزگەرتىپ تۇرىدۇ. سىزنىڭ ۋۇجۇدىڭىزدىكى زاپاس ئېنېرگىيە داۋاملىق يېڭى ھاياتىي كۈچ ئىشلەپچىقىرىدۇ. تېنىڭىزدىكى ھەر قايسى ئەزالار تەبىئىي قانۇنىيەتنى ۋە مۇكەممەل تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاپ، ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ ماڭىدۇ.

بۇ خىل ئىقتىدارنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، تۆۋەندىكىلەرنى كۈندە بىر قېتىمدىن ئۈنلۈك ئوقۇشنى ئادەت قىلىڭ:

تەبىئەتتىكى ھاياتىي كۈچ مېنىڭ ۋۇجۇدۇمدا جەۋلان قىلماقتا.

مېنىڭ تېنىم ناھايىتى ساغلام.

تەبىئەتتىن ئىبارەت بۇ بۈيۈك دوختۇرنىڭ داۋالاش كۈچى ماڭا رىغبەت بەرمەكتە.

مېنىڭ ھاياتىم تەبىئەت قوينىدا، تەبىئەت مېنىڭ ۋۇجۇدۇمدا.

مەن ساغلام ھەم كۈچلۈك، تەبىئەت شەنىگە مەدھىيە ئوقۇيلى!

قەتئىي تەۋرەنمەس ئىشەنچ سىزنىڭ كېسىلىڭىزنى داۋالىيالايدۇ. ناۋادا تېنىڭىز، قەلبىڭىز ۋە روھىڭىز بىر – بىرى بىلەن تازا ماسلىشالمىسا، ئېتىقادنىڭ قۇدرىتى ئۇنى تەڭشەپ تۇرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# خۇشاللىق قەلبىنىڭ زەھەر قايتۇرۇش دورىسى

*ئەگەر سىز كۈنلەرنى خۇشال ـ خۇرام ئۆتكۈزسىڭىز، خاتىرجەملىكككە ئېرىشىسىز. خاتىرجەم بولغان ئىكەنسىز، بەخت دېگەننىڭ ئۆزى شۇ. سىزنىڭ پىسخىكا ھالىتىڭىز، تەن ساغلاملىقىڭىزنىڭ ئەڭ مۇھىم ئامىلى.*

داۋاملىق ساغلام بولۇشنى، ساغلام ئادەتنى ساقلىماقچى بولغانلارغا، دوكتور پىبىر. تانىيە مۇنداق دەيدۇ:

— كۆپىنچە كىشىلەر بىز تەسەۋۋۇر قىلغاندەك ئۇنداق ئوچۇق ھاۋادا چاقماق چاقىغاندەك تۇيۇقسىز يۈز بەرمەيدۇ. بەلكى يېمەك ـ ئىچمەك، ھاراق ـ شارابلارنى خاتا ئىستېمال قىلىشتىن، ھەددىدىن ئارتۇق ھېرىپ ـ چارچاشتىن ۋە روھنى چىرىتىدىغان غەم ـ قايغۇنىڭ تەدرىجىي داۋام ئېتىشىدىن كېلىپ چىقىدۇ.

بەختىمىزگە يارىشا بىز تەگرى ئاتا قىلغان زەھەر قايتۇرۇش دورىسىغا ئىگىمىز. يەنى ئۆزىمىزنى خۇشاللىق ئارقىلىق داۋالىيالايمىز.

ساماۋى كىتابلاردىمۇ: «خۇشاللىق ئەڭ ياخشى دورا» دېيىلگەن.

دوكتور جون. A. سىندرا ۋىسكونسىن شتاتىدىكى ئۇزۇن يىللىق مەشھۇر دوختۇر بولۇپ، ئۇ ئىنتايىن بازارلىق «بىر يىلدىكى 365 كۈننى قانداق ئۆتكۈزۈش كېرەك» دېگەن كىتابنى يېزىپ چىققان.

ئۇ ھەر قېتىم بىمارلاردىن: «تۇرمۇشىڭىز خۇشال ـ خۇ-

رام، خاتىرجەم ئۇخلىيالامدۇ؟» دەپ سورايتتى. ئۇ، كېسەل كىشى ھەر كۈنى ئون مىنۇت خۇشال بولالىسا، ئۇلارنىڭ كېسىلىنى داۋالىغىلى بولىدۇ، سالامەتلىكىنى قوغداپ، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشكە ئېرىشتۈرگىلى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.

سېتۋ ئىسىملىك بىر ئوتتۇرا ياش ئەرنىڭ ئىككى قېتىم يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ كەتكەن، ھەر قېتىم دوختۇرلار ئۇنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئالغان، ئەمما ئۇ كىشى يەنە قوزغىلىپ قالارمۇ دەپ دەككە ـ دۈككىدە يۈرگەن؛ ئۇ، ئىلگىرى ئىككى قېتىم قوزغالغاندا بەختىمگە يارىشا ھاياتىمنى ساقلاپ قالغان بولسامۇ، ئەمما ئۈچىنچى قېتىم قوزغىلىپ قالسا چوقۇم ئۆلۈپ كېتىمەن دەپ قارايدىكەن. مەن ئۇنىڭغا مۇنداق دېدىم:

— سېتۋ، سىز بۇنداق قورقىسىز، خۇددى ئۈچىنچى قېتىم قوزغىلىشقا تەييارلىق قىلىپ قويغاندەك بولۇپ قالماسىز، سىزدە خۇشاللىق دېگەندىن ئەسەرمۇ يوق ئىكەن، سىز شۇنداق غەمكىن، ئۈمىدسىز كۆرۈنىسىز. مەن سىزگە بىر دوختۇر ئاغىنەمنىڭ مۇنۇ گېپىنى ھەدىيە قىلاي. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر سىز كۈنلەرنى خۇشال ـ خۇرام ئۆتكۈزسىڭىز، خاتىرجەملىككە ئېرىشىسىز. خاتىرجەم بولغان ئىكەنسىز، بەخت دېگەننىڭ ئۆزى شۇ»، سىز مۇشۇنداقلا ئۆتۈپ كەتمەيسىز، سىز يېڭىۋاشتىن ساغلاملىققا ئېرىشىسىز.

مۇشۇ بابنىڭ بېشىدا تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەن دوكتور خىوت. مېنسون مۇنداق دەيدۇ: «ئاكتىپ پوزىتسىيە داۋالاش ئىشلىرىغا ناھايىتى چوڭ مۇمكىنچىلىكلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ.» ئۇ شەرق دانىشمەنلىرىنىڭ پاراسەتلىك سۆزلىرىنى نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «سىزنىڭ پىسخىكا ھالىتىڭىز، تەن ساغلاملىقىڭىزنىڭ ئەڭ مۇھىم ئامىلى».

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ئۈمىدنى ھەمىشە ئۆزىڭىزگە يار قىلىڭ

*كۆڭلىڭىزدە ئۆزىڭىزنىڭ سەمىمىي سىياقىڭىزنى سۈرەتلەپ چىقىڭ، شۇنداق قىلسىڭىز، سىزنىڭ تەسەۋۋۇرىڭىز ئاستا - ئاستا سىزنى قەلبىڭىزدىكى ئۆزىڭىزگە ئايلاندۇرىدۇ.*

ياشنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىدىن ۋە شەرت - شارائىتلارنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئادەملەر بىر - بىرى بىلەن ئۆزئارا مۇڭدىشىش ئارقىلىق ھاردۇقىنى چىقىرىدۇ، راھەت ھېس قىلىدۇ. ئەڭ ئىشەنچلىكى، «شاد - خورام كىشىلەر» شاد - خورام ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن، تېنىگە دورىدىنمۇ ئۈنۈملۈك ئوزۇق بېرەلەيدۇ.

ئۈمىدمۇ قەلبىنىڭ شىپالىق رېتسىپى.

شېكسپىر: «ئۈمىد — بەختسىزلىكنى داۋالاشنىڭ ئەڭ ياخشى دورىسى» دېگەن. ئۈمىد ئەڭ ئېسىل دورىغا ئوخشاش ئۈنۈم بېرەلەيدۇ.

ئۈمىدكە ئىگە بولۇش ئۈچۈن، چوقۇم قەددىمىزنى تىك تۇتۇپ، يېڭى ھاۋادىن قانغۇدەك چوڭقۇر نەپەس ئالساق، قەلبىمىزمۇ ساغلام ئىدىيە بىلەن يورۇپ كېتىدۇ. ئاپتوموبىل رېمونتچىسى ماشىنامنى رېمونت قىلمىسام بولمايدۇ، «ياخشى ماتور ماشىنىنى ياخشى ھەرىكەتلەندۈرۈپ ماڭىدۇ.» كىشىلىك ھاياتمۇ دەل مۇشۇنداق، دەيدۇ.

ھەر ۋاقىت ئۈمىد بىلەن ھازىرلانساق، يۈرەكنىڭ ھەرىكىتىمۇ كۈچلىنىپ كېتىدۇ. ئۈمىد ئىنسانغا ھاياتىي كۈچ، مۇددىئا،

مۇستەھكەم ھاياتلىق بېغىشلايدۇ. يار بوتبو. خىت ماڭا چەكسىز ئۈمىدكە تولغان مۇنداق قىممەتلىك سۆزنى قالدۇرغان:

«بېلىڭىزنى رۇسلاپ، قەددىڭىزنى تىك تۇتۇپ، يېڭى ھاۋادىن نەپەس، قۇياش نۇرىدىن ھارارەت ئېلىڭ. دوستلىرىڭىزغا خۇش تەبەسسۇم بىلەن باش لىڭشىتىپ سالام بېرىڭ. باشقىلار بىلەن سەمىمىي قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈڭ، ئۇلارنىڭ خاتا چۈشىنىپ قېلىشىدىن ھەرگىز قورقماڭ. دۈشمەنلىرىڭىزنى ئويلاشقا بىكاردىن ۋاقىت ئىسراپ قىلماڭ. كۆڭلىڭىزدە ئۆز مۇددىئايىڭىزنى ئېنىق تەسەۋۋۇر قىلىڭ. شۇنداق قىلسىڭىز نىشانىدىن ئادىشىپ قالماي، مەزمۇت قەدەملەر بىلەن ئالغا قاراپ ئىلگىرىلىيەلەيسىز.»

پۈتۈن نىيىتىڭىزنى، پۈتۈن دىققىتىڭىزنى ئەڭ چوڭ، ئەڭ ياخشى نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈڭ، شۇنداق قىلسىڭىز بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، سىز ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولغان ئارزۇنىڭ پۇرسىتىنى قاچان ئىگىلىۋالغانلىقىڭىزنى سەزمەيلا قالىسىز.

كۆڭلىڭىزدە ئۆزىڭىزنىڭ سەمىمىي سىياقىڭىزنى سۈرەتلەپ چىقىڭ، شۇنداق قىلسىڭىز، سىزنىڭ تەسەۋۋۇرىڭىز ئاستا ــ ئاستا سىزنى كۆڭلىڭىزدىكى ئۆزىڭىزگە ئايلاندۇرىدۇ.

نىيەت ھەر قانداق ئىشتىن غالىب كېلىدۇ. غەيرەت ــ جاسارەتنى يوقىتىپ قويماسلىق، توغرا، ياخشى روھىي ھالەتنى ساقلاش كېرەك. بارلىق ئىشلار ئارزۇدىن يېتىلىدۇ، سەمىمىي نىيەتتە قىلغان تىلاۋەت ئادەمنى مۇرات تاپقۇزىدۇ. بىز چوقۇم ئۆزىمىز تەلپۈنگەن، ئۆز تەسەۋۋۇرىمىزدىكى كىشىگە ئايلىنىشىمىز كېرەك.

ئۆزىمىزنى ھەرگىز «قېرىدىم»، «چارچىدىم» ياكى «ئۈمىدىمنى ئۈزدۈم» دېمەسلىكىمىز، ئۆزىمىزنى ھەرگىز مەغلۇبىيەت-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چى دەپ قارىماسلىقىمىز كېرەك.

ئۈمىد ئادەتتە تەسەۋۋۇر سىياقىدا نامايان بولىدۇ. ھەر ۋاقىت ئۈمىد بىلەن قوراللىنىپ، ئۈمىدسىز پاسسىپ خىياللارنى ئاكتىپ ئىدىيىگە ئايلاندۇرۇشىمىز كېرەك. تولۇپ ـ تاشقان ئۈمىدكە ئىگە بولغاندىلا، تەن ۋە قەلبنى روھلاندۇرغىلى بولىدۇ.

«تەڭرىگە ئۈمىد باغلاش، تەڭرىگە مەدھىيە ئوقۇش، تەڭرىنىڭ ئۆزىگە كۈچ ـ قۇدرەت ئاتا قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىش».

ئۈمىدلىك كىشىنىڭ چېھرىدىن ھەر دائىم تەبەسسۇم ئۆچمەيدۇ، ئۇنداق كىشى ساغلام تەن ۋە گۈزەل قەلبكە ئىگە كېلىدۇ.

# «ساغلام تەپەككۇر» بىلەن قۇتقۇزۇۋېلىنغان ئۆسمۈر

*سىز مەڭگۈ ياش پېتى تۇرۇشنى ئۈمىد قىلامسىز؟ سىز ئوتتۇرا ياش مەزگىلىدىن ئۆتكەندىن كېيىنمۇ ياشلىق خۇشاللىقلىرىدىن بەھرە ئېلىشنى ئۈمىد قىلامسىز؟ ئۇنداق بولسا، سىز چوقۇم مەنىۋى تۇرمۇشىڭىزغا دىققەت قىلىڭ.*

بىر دوختۇر داۋالاۋاتقان كېسەللەر ئىچىدە، ھوشىدىن كېتىپ ئېسىگە كېلەلمىگەن 17 ياشلىق بىر قىزچاق بار ئىدى. قىزچاقنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئاجرىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇ مۇشۇ باش قېتىنچىلىقتىن يىقىلىپ چۈشكەنىدى. دوختۇر بۇ قىزچاقنىڭ يېقىن ـ يىراقتىكى تۇغقانلىرىنى، ياخشى ئۆتىدىغان قولۇم ـ قوشنىلىرىنى نەق مەيدانغا چاقىرتىپ ئەكېلىدۇ. دوختۇر قىزچاققا دىئاگنوز قويغاندىن كېيىن:

— كېسەللىك ئەھۋالىدىن قارىغاندا، بۇ بالا ئەتە ئەتىگەندە بارمايدۇ. بىراق گەپنىڭ راستىنى ئېيتسام، بىر دوختۇرنىڭ نەزەرى بىلەن قارىغاندا، بۇ بالا ئۆلۈپ كەتمەي ياشىشى كېرەك. ھازىر بۇ بالىدا پەقەتلا مەۋجۇدلۇق ئېڭى كەمچىل. بىزنىڭ ھازىر قىلىدىغان ئىشىمىز ئۇنىڭغا دەرھال قان بېرىش، دېدى.

ئۇنىڭ بېشىدا قاراپ تۇرغانلارنىڭ ھەممىسى قان تەقدىم قىلىشقا رازى بولۇشتى. بىراق دوختۇرنىڭ قان بېرىش دېگىنى تومۇردىكى قاننى ئەمەس، «ساغلام تەپەككۇر» تەقدىم قىلىشنى كۆرسىتەتتى.

«ناۋادا مۇشۇ بالىنىڭ كاللىسىغا ساغلام ئىدىيە ۋە ئېتىقادنى

www.uyghurkitap.com

قويۇۋەتسەم، چوقۇم مۆجىزە يۈز بېرىشى مۇمكىن» دەپ ئويلايدى-
تى دوختۇر. بۇ قىزچاقنىڭ قوشنىسى دېھقان بولۇپ، بىر ئىخلاسمەن دىن مۇرىتى ئىدى. ئۇ قولىدا قېلىن بىر پارچە «دىنىي دەستۇر»نى كۆتۈرۈۋالغانىدى. مۇنداق قارىماققا ئۇ «دىنىي دەستۇر»دىكى سۆزلەرنى پۈتۈنلەي يادقا ئېلىۋالغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ، قىزچاقنىڭ بېشىغا كېلىپ، كىتابنى ئېچىپ، ئۇنىڭغا ھايات، ئېتىقاد، سۆيگۈ، ئۈمىد ۋە مېھرىبانلىق، مەيۈسلۈك توغرىسىدا خېلى ئۇزۇن يېزىلغان بىر بابنى ئوقۇپ بەردى. قىزچاقنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرمۇ كارىۋاتنىڭ ئەتراپىدا تەلمۈرۈپ ئولتۇراتتى. شۇ تاپتا ھەممەيلەن ناھايىتى روھلىنىپ كەتكەنىدى. ئۇ سۆيگۈ ۋە ئىشەنچنى قىزچاقنىڭ كاللىسىغا قۇيۇۋەتكەنىدى.

ئەتىسى تاڭ سۈزۈلەي دېگەندە، قىزچاق كۆزىنى ئېچىپ ئەتراپقا قاراپ بىر كۈلۈپ قويۇپ، خاتىرجەم ھالدا ئۇيقۇغا تەگدى.

دوختۇر:

— ئۇ خەتەردىن ئۆتۈپ كەتتى، «قان بېرىش» مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى، بۇ بالا قۇتقۇزۇۋېلىندى، دېدى.

قەتئىي ئىشەنچ ئىنتايىن زور داۋالاش كۈچىگە ئىگە. بىزنىڭ ئىدىيىمىزنىڭ قانداقلىقى ۋە بىزنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش – كۆرەلمەسلىكىمىزنى بەلگىلەيدۇ.

«بەخت سىزنىڭ نىيىتىڭىزگە باغلىق» دېگەن بازارلىق كىتابنىڭ ئاپتورى لارف. ۋورد. تورايىن مۇنداق دەپ يازىدۇ:

«سىز مەڭگۈ ياش پېتى تۇرۇشنى ئۈمىد قىلامسىز؟ سىز ئوتتۇرا ياش مەزگىلىدىن ئۆتكەندىن كېيىنمۇ ياشلىق خۇشاللىقلىرىدىن بەھرە ئېلىشنى ئۈمىد قىلامسىز؟ ئۇنداق بولسا، سىز چوقۇم مەنىۋى تۇرمۇشىڭىزغا دىققەت قىلىڭ.»



پوزىتسىيە ھەممىنى بەلگىلەيدۇ!

# ئونىنچى باب ئۆز - ئۆزىنى ئۆزگەرتىش

— قانداق قىلغاندا ئاكتىپ تەپەككۇر قىلىدىغان كىشىگە ئايلانغىلى بولىدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# مىنىڭ ۋۇجۇدۇمدا يۈز بەرگەن مۆجىزە

*ئادەملەر ئادەتنى يېتىلدۈرىدىغان ئىقتىدارغا ئىگە بولۇپلا قالماي، يەنە ئادەتنى بۇزىدىغان ئىقتىدارغىمۇ ئىگە.*

بەزىلەر ئۆزىنى تۇغما «ئاكتىپ تەپەككۇر قىلغۇچى» دەپ قارىسا، ئەمما مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەر جاپالىق كۈچ سەرپ قىلىش ئارقىلىق «ئاكتىپ تەپەككۇر» قىلىدىغان ئىقتىدارنى ھازىرلايدۇ.

ئەمەلىيەتتە، ئادەم تۇغۇلۇشى بىلەنلا ئاكتىپ پوزىتسىيىگە ئىگە بولىدىغانلىقىنى نۇرغۇن تەجرىبىلەر ئىسپاتلىدى. مەن ئەزەلدىن پاسسىپ بوۋاقلارنى كۆرۈپ باقمىدىم، ئەمما نۇرغۇن بوۋاقلار پاسسىپ ئائىلىدە تۇغۇلغان.

بوۋاقلار ئەتراپىكى مۇھىتقا ئىنتايىن سەزگۈر كېلىدۇ. ئۇلار ناھايىتى تېزلا بۇ ئائىلىنىڭ ئوي ـ خىيال ۋە ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئائىلە كەيپىياتىغا پاسسىپ تەپەككۇر يېتەكچى رول ئوينىسا، بوۋاقلاردا ئاڭسىز يوسۇندا پاسسىپ تەپەككۇر شەكىللىنىپ قالىدۇ. ئۇلار كىچىكىدىنلا پاسسىپ تەپەككۇر قىلىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈۋالسا، كېيىن چوڭ بولۇپ 20 ـ 30 ياشلاردىن ئاشقاندىن كېيىن، «ئاكتىپ تەپەككۇر قىلىدىغان» كىشىگە ئايلىنىمەن دېسە، ئۇزۇن يىللاردىن بېرى يېتىلدۈرگەن پاسسىپ تەپەككۇر ئادىتىنى ئۆزگەرتىش بىر مەسىلە بولۇپ قالىدۇ. ئاكتىپ تەپەككۇر قىلىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن، ناھايىتى زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە

توغرا كېلىدۇ.
بەختكە يارىشا، ئادەملەر ئادەتنى يېتىلدۈرەلەيدىغان ئىقتىدارغا ئىگە بولۇپلا قالماي، يەنە ئادەتنى بۇزىدىغان ئىقتىدارغىمۇ ئىگە كېلىدۇ. شۇڭا ھەر قانداق ئادەتنى ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ. ھەر قېتىم ئۇخشاش تەپەككۇر جەريانىنى باشتىن كەچۈرگەندە، ھەمىشە ئۇنى چوڭ مېڭىدە چوڭقۇر سىزىپ چىقىپ، سەممىي ئۈمىد، كۈچلۈك ئىرادە ۋە ئۆتكۈر تەسەۋۋۇر كۈچىنىڭ ياردىمى بىلەن سىزىپ چىققان ئاشۇ سىمانى تولدۇرۇش كېرەك.
تاشقى قىياپەت بىلەن ئۆزىگە خاس خاراكتېرگە ئىگە ئىنسانلار، ياراتقۇچى تەگرىگە ئوخشاش، ئەزەلدىن ئاكتىپ تەپەككۇرغا ئىگە كېلىدۇ. ياراتقۇچى خۇدا ئۆزى ياراتقان ئىنسانلاردىن غايەت زور ئىشەنچ كۈتكەن ھەم ئۇلارغا تاللاش ھوقۇقى ئاتا قىلغان.
ئادەملەرمۇ ھەقىقەت ئىچىدىن خاتالىقنى، ياخشىلىق ئىچىدىن قەبىھلىكنى ۋە ئادىللىق ئىچىدىن ئادالەتسىزلىكنى تاللاش ھوقۇقىغا ئىگە، شۇنداقلا ئاكتىپ تەپەككۇر ئۇسۇلىنى تاللىماي، پاسسىپ تەپەككۇر ئۇسۇلىنى تاللاشقىمۇ رۇخسەت قىلىنىدۇ. مەلۇم خىل قىممەت قاراش بىلەن ئۇزۇن يىل تۇرمۇش كەچۈرۈپ، ئۆزىنىڭ تاللاش ھوقۇقى بوپيچە، تامامەن ئۇنىڭ ئەكسىچە قىممەت قاراشنى يېتىلدۈرۈپ تاللىسا ياكى خالىغان چاغدا تاللىسا بولۇۋېرىدۇ.
غەرب پەلسەپىسىدە بۇ خىل ئەھۋال «نىيىتىدىن يېنىش» دەپ ئاتىلىدۇ. ئاتالمىش «نىيىتىدىن يېنىش» ئۆزىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىش دېگەنلىكتۇر.
شۇڭا مەن ئالاھىدە تەكىتلەيمەنكى، پەقەت پاسسىپ تەپەككۇرنى ئاكتىپ تەپەككۇرغا ئايلاندۇرغاندىلا، ھەر قانداق ئادەم

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

بەختتىن بەھرىمەن بولالايدۇ. مەيلى سىز ئىلگىرى قانچىلىك ئۇزۇن ۋاقىت پاسسىپ تەپەككۇر بىلەن ياشىغان بولۇڭ، بۇنى چوقۇم ئۆزگەرتەلەيسىز.

بۇ يەردە كىشىلەرگە قۇرۇق نەزەرىيە ساتقاندىن كۆرە، ئۇلارنى ئۆزىمىزنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ئەمەلىي تەجرىبىلەر ئار-قىلىق قايىل قىلغانغا يەتمەيدۇ. ئەمدى مەن بېشىمدىن ئۆتكەن كەچۈرمىشلىرىمنى سۆزلەپ بېرەي:

ئۆسمۈرلۈك دەۋرىمدە، ئىشەنچىمنىڭ تولىمۇ كەملىكىدىن ۋە ئۆزۈمنى كەمستىش تۇيغۇمنىڭ كۈچلۈكلىكىدىن بېشىم قاتاتتى. باشقا باللارغا ئوخشاش مېنىڭمۇ ئارزۇ ۋە نىشانلىرىم بار ئىدى، ئەمما بۇلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش — ئاشۇرالماسلىق توغرىسىدا قەتئىي ئىشەنچىم يوق ئىدى ھەم بۇ ئىش ئۈچۈن تولىمۇ ئازابلىناتتىم.

مەن مەنىۋى تۇرمۇشى بىر قەدەر جانلىق كىشىلەر توپىدا چوڭ بولغان ياكى كىشىنى مەيۈسلەندۈرىدىغان مۇھىتتا چوڭ بولغان دېسەممۇ بولىدۇ. ئائىلىمىزنىڭ ئىقتىسادى ئەھۋالى سەل ناچارراق ئىدى. بۇ خىل ئائىلە مۇھىتى مېنىڭ كەيپىياتىمغا تەبىئىي ھالدا تەسىر كۆرسەتتى. ھەممىدىن خاتىرجەم بولالماس-لىق، ۋەھىمە، خۇدۇكسىرەش، شەك — شۈبھە، مېنىڭ ئۆسمۈر-لۈك دەۋرىمدىكى مەنىۋى ئالاھىدىلىكلىرىمنىڭ بىرى ئىدى.

نېمىلا دېمەي، مېنىڭ ئۆز — ئۆزۈمنى كەمستىش تۇيغۇم ۋە ئىشەنچىمنىڭ كەمچىللىكى، مېنىڭ پاسسىپ پوزىتسىيەم بى-لەن مۇناسىۋەتلىك. گەرچە كەلگۈسىگە نىسبەتەن ناھايىتى زور ئارزۇ — ئارمانلاردا بولغان بولسامۇ، ئەمما بىر پاسسىپ تەپەك-كۇردىكى ئادەم ئىدىم. بۇ خىل بەختسىز روھىي ھالەت، تاكى ئالىي مەكتەپنىڭ ئىككىنچى يىللىقىغىچە داۋاملاشتى.

20 ياشقا توشقان يىلىم، مەن مۆجىزە خاراكتېرلىك ئۇسۇل بىلەن پاسسىپ دۇنيا قارىشىمنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتتىم.

ئاكتىپ تەپەككۇر قىلىدىغان كىشىگە ئايلىنىشنىڭ بىرىنچى شەرتى كۈچلۈك ئارزۇغا ئىگە بولۇش، سىز قىزغىنلىقتا، ئاكتىپ تەپەككۇر قىلىدىغان ئارزۇغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن، چوقۇم دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ ئۆزىڭىزنى ئۆزگەرتىشنى باشلاڭ. سىزدە پاسسىپ تەپەككۇرنى ئاكتىپ تەپەككۇرغا ئايلاندۇرىدىغان كۈچلۈك ئىشەنچلا بولىدىكەن، مۇقەررەر ھالدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايسىز.

ناۋادا سىز ھازىر ئاكتىپ تەپەككۇر قىلىدىغان كىشى بولسىڭىز، ئېھتىمال ئۆزىڭىزنىڭ قاچاندىن تارتىپ بۇنداق كىشىگە ئايلىنىپ قالغانلىقىڭىزنى بىلەلمەسلىكىڭىز مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە، بۇ خىل ئىقتىدارغا پەقەت بوشاشماي تىرىشىش جەريانىدا ئىگە بولغان. سىز داۋاملىق تىرىشسىڭىزلا يېڭى، كۈچلۈك ئاكتىپ تەپەككۇرگە ئىگە بولالايسىز.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

## «ھەققانىيەتكە نىسبەتەن ئىچىرقاپ كەتكەن تۇيغۇدا» بولۇڭ

*ئۆلۈم دۈشمەن ئەمەس، ئۆلۈمدىن ھە دەپ قورقۇۋېرىشلا تۇرمۇشنىكى ھەقىقىي دۈشمەن.*

قانداق قىلغاندا ئاكتىپ تەپەككۇر قىلىدىغان كىشىگە ئايلانغىلى بولىدۇ؟ ھەم بۇنى مەڭگۈ داۋاملاشتۇرغىلى بولىدۇ؟

بىز دەل يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەندەك، بۇ يەردىكى ئالدىنقى شەرت كۈچلۈك ئارزۇغا ئىگە بولۇش. بىراق مۇشۇنىڭ ئۆزىلا كۇپايە قىلمايدۇ. ئاكتىپ تەپەككۇر قىلىدىغان كىشىلەردىن بولۇش ئۈچۈن، بولسىمۇ بولىدىغان، بولمىسىمۇ بولىدىغان ئارزۇ ـ ئىستەكلەرنى ھازىرلاش ناھايىتى قىيىن. شۇڭا ئۇنى چوقۇم بارلىق قىزغىنلىقىمىز بىلەن ئۈمىد قىلىشىمىز كېرەك، بولمىسا مۇۋەپپەقىيەت قازانغىلى بولمايدۇ. ئەگەر داۋاملىق مۇشۇنداق روھىي ھالەتنى ساقلىيالىسىڭىز، سىز ئاكتىپ تەپەككۇر قىلغۇچىلاردا بولۇشقا تېگىشلىك ئاساسىي شەرتنى ھازىرلىغان بولىسىز.

مەن بۇ يەردە يەنە بىر قېتىم تەكىتلەپ قويای، بەزىلەر تۇغۇلۇپلا ئاكتىپ تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىنى ھازىرلىغان بولىدۇ، ئۇلار تولىمۇ تەلەيلىك، چۈنكى ئۇلار ئۆسمۈرلۈك دەۋرىنى ھەرگىز پاسسىپ مۇھىت ئىچىدە ئۆتكۈزمىگەن. ئېھتىمال ئىرسىي ئامىل ياكى ئائىلە تەسىرىدىن بولسا كېرەك، ئۇلار

جەمئىيەتكە يامراپ كەتكەن پاسسىپ ئاڭنىڭ زەھەرلىشىگە ئۇچ-
رىمىغان.

بەزىلەر توغما ئاكتىپ تەپەككۇر ئىقتىدارىغا ئىگە كېلىدۇ، ئەمما ئۇلارنى پاسسىپ ئىدىيىدىكى كىشىلەرگە سېلىشتۇرغاندا، ئىنتايىن ئازلىق قىلىدۇ. بىراق، 1930 ــ يىللىرى چوڭ كرىزىس كۆرۈلگەندىن بۇيان، بۇ خىل ئاكتىپ تەپەككۇرغا ئىگە ئىدىيە ۋە ھەرىكەت توغرىسىدىكى ئۇقۇمغا، كىشىلەر ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدىغان بولدى. مۇشۇ سەۋەبلىك ئاكتىپ كىشىلىك پوزىتسى-يىسىنى ھازىرلىغان كىشىلەرمۇ كۈندىن كۈنگە كۆپەيدى.

بىر كۈنى كەچتە، مەن ئاتلانتادا ئۆتكۈزۈلگەن مال ساتقۇ-چىلار يىغىلىشىدىكى نۇتۇقىمنى تۈگىتىپ تۇرۇشۇمغا، بىر ياش مەندىن:

— مەن بۇنىڭدىن كېيىن يەنىلا ئۆزۈمنىڭ ئاكتىپ تە-پەككۇرۇمنى كۈچەيتىشنى ئۈمىد قىلىمەن، دېدى.

بۇنىڭدىن ئۇنىڭ بۇ گەپنى ناھايىتى سەممىي پوزىتسىيە-دە ئېيتقانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. مەن ئۇنىڭدىن:

— قانداق تەجرىبىلىرىڭىز بار، دەپ سورىدىم.

ئۇ، ئۆزىنىڭ ئىنتايىن نامرات بىر دېھقان ئائىلىدە تۇغۇل-غانلىقىنى، دادىسىنىڭ شۇنچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپمۇ كىچىك دېھقانچىلىق مەيدانىنى روناق تاپقۇزالمىغانلىقىنى، دېھقانچىلىق سايمانلىرىنىڭ كونىراپ، بۇزۇلۇپ ئىشلەتكىلى بولماي قالغانلىقى-نى، قولىدا پۇل بولمىغاچقا، ئۆزى رېمونت قىلىپ ياسىماقتىن باشقا ئامال قالمىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇ يەنە مونۇلارنى دەپبەردى:

— بىزنىڭ ئۆيىمىزدىكىلەرنىڭ قولىدىن تازا ئىش كەلمەي-دۇ، ئۇ يىلدىن بۇ يىلغا قولىمىز پۇل كۆرمەيدۇ. ئۆيىمىزدىكىلەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەتىدىن كەچكىچە «پايدىسى يوق، ئازراق ئامالمۇ يوق» ، «ئەمەدى ئۈمىد قالمىدى» دېگەنگە ئوخشاش پاسسىپ گەپلەرنىلا قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى غۇۋا، مەن ئەزەلدىن ئۈمىدۋارلىققا تولغان پاراڭلارنى ئاڭلاپ باقمىدىم. بىر كۈنى، مەكتەپتە بىر مەيدان نۇتۇق سۆزلەش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى، مەن تاكى بۈگۈنگە قەدەر ھېلىقى لېكتورنىڭ ئىسمىنى بىلمەيمەن. كېيىن ئاڭلىسام ئۇ كىشى دېدۇن خەلقئارا ماشىنىسازلىق شىركىتىدە ئىشلەيدىكەن. ئۇ چاغدا بىز ئۇھىئۇ شتاتىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىسمىدىكى رايوندا تۇراتتۇق. ھېلىقى نۇتۇق سۆزلىگۈچى لېكتور ئاكتىپ تەپەككۇر توغرىسىدا توختىلىپ، پەقەت ئاكتىپ تەپەككۇر قىلىش ئادىتىنى يېتىلدۈرگەندىلا، ئەڭ پاسسىپ شارائىتلاردىمۇ، ئىجادىي ئىقتىدارنى جارى قىلدۇرۇپ، ھەر قانداق پاسسىپ ھەرىكەتلەرنى تۈگەتكىلى بولىدۇ، دەپ سۆزلىدى. ئۇ ئىنتايىن ئەمەلىي سۆزلىدى، سۆزلىرى ناھايىتى يۇمۇرلۇق بولۇپ، قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە ئىدى. ئۇ ماڭا نېمىنىڭ ئوچۇق ـ يورۇق كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ئىكەنلىكىنى دەپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئىلگىرىكى پاسسىپ خىياللارنى ۋە گەپ قىلىش ئۇسۇلۇمنى ئۆزگەرتىپ، بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدىغان بىر ئادەمگە ئايلانماقچى بولدۇم. بۇلارنى يا ھېچكىم ماڭا ئۆگەتمىدى، قانداق قىلىپ ئۆزۈمدە ئۇنداق خىياللارنىڭ پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنىمۇ بىلمەيمەن. ئەمما مەن باشتا ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىغا ئىشىنىش كېرەك، دەپ قارىدىم. ئەينى ۋاقىتتا مەن شەھەردىكى كىچىك كۈتۈپخانىدىن ئۆزۈمگە پايدىلىق كىتابلارنى ئىزدىدىم. ئاخىرى سىزنىڭ:«قىلالايمەن دېسىڭىز قىلالايسىز» دېگەن كىتابىڭىزنى تاپتىم. مۇشۇنداق قىلىپ مەن، پەقەت داۋاملىق بوشاشماي تىرىشقاندىلا، نىشاندىن ئىبا-

رەت بۇ ھەقىقەتكە ھامىنى بىر كۈنى يەتكىلى بولىدىغانلىقىنى، ئىلگىرلەيمەنلا دېسەم، ئىلاھىنىڭ ماڭا كۈچ ـ قۇۋۋەت ئاتا قىلىدىغانلىقىنى سەزدىم. شۇڭا، نۇتۇق ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ئىچىدە، چوقۇم ماڭا ئوخشاش بۇنداق كىشىلەرنىڭ بارلىقىنىمۇ ھەرگىز ئىسىڭىزدىن چىقارماڭ.

ئۇ، دېگەن ھەققانىيەت «توغرا نىيەت»نى كۆرسىتەتتى. بۇ ئەستايىدىل ياش، روھىي دۇنياسىنى پۈتۈنلەي يېڭىلاپ، ئاخىرى ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# كۆڭلىڭىزدە ئۆزىڭىزنى مۇئەييەنلەشتۈرۈڭ

*پاسسىپ تەپەككۇردىكى كىشى ئۈمىدسىز بولغاچقا، ئىجادىي كۈچىنىڭ جارى بولۇشىنى توسۇپ قويىدۇ؛ ئاكتىپ تەپەككۇر قىلىغۇچى كىشى ئۆزىگە ئىشەنگەچكە، گۈزەل كەلگۈسىنى ۋە ئىجادىي كۈچكە تولغان كەڭ زېمىننى يارىتالايدۇ.*

ھازىر ئاكتىپ پوزىتسىيىگە ئىگە كىشىلەرگە تەبىر بەرمەكچى بولساق، ئۇ كۈچلۈك روھقا، ھەر قانداق قىيىنچىلىقلارغا يۈزلىنىشكە جۈرئەت قىلالايدىغان كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇلار ھەر قانداق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۇسۇلىنى تاپالايدۇ، قىيىنچىلىقلارنى تەلتۆكۈس تەپەككۇر ئارقىلىق يېڭىشنى بىلىدۇ. ھەر قانداق ئوڭۇشسىزلىق، بەختسىزلىك ۋە باشقا قىيىنچىلىقلارغا يولۇقسىمۇ ئۆزىنى تاشلىۋەتمەيدۇ.

ئاكتىپ تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە كىشىلەرگە نىسبەتەن، مەيلى ئۇلار ھەر قانداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشتىن قەتئىينەزەر ھاياتتا چىقىش يولىنى تاپالايدۇ. ئۇلار قىيىنچىلىقلارغا يولۇققاندا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ:

«قىيىنچىلىق ھەقىقەتەن مەۋجۇت، ئەمما ئادەم قىلالمايدىغان ئىش يوق» دەيدۇ.

مانا بۇ ئاكتىپ ھايات، ئۇلار ئالغا مۇشۇنداق ئىلگىرلەيدۇ. نىشانىنى مۇشۇنداق ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ.

بىز شۇنداق دەپ ئېيتالايمىزكى، ئاكتىپ تەپەككۇر بىلەن مەلۇم خىل پاسسىپ ئىدىيە، خۇددى، قىزچاقنىڭ ھېكايىسىدىكى

ئايال باش قەھرىمان بورىئاننانىڭ سۆس ئۇمىدۋارلىقى بىلەن ئوخشاشمايدۇ، ئۇ ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدىغان ئۇمىدۋارلىقمۇ ئەمەس. ئەكسىچە، ئاكتىپ تەپەككۇر قىلىدىغان كىشىلەر كۈچ-لۈك كېلىدۇ، يەنى ئۇلار كۈچلۈك ئېتىقاد، كۈچلۈك ئىدىيە ۋە كۈچلۈك خاراكتېرگە ئىگە كېلىدۇ.

ئاجىز ئادەملەرمۇ ئاكتىپ تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلىنى ئۆگەنسە، ئاخىرى كۈچلۈك كىشىلەرگە ئايلىنالايدۇ.

ئاكتىپ تەپەككۇرنىڭ ئەكسى پاسسىپ تەپەككۇر. ئاكتىپ تەپەككۇر قىلىدىغان كىشىلەر ئېتىقادقا ئىگە كېلىدۇ، پاسسىپ تەپەككۇردىكى كىشىلەردە ئېتىقاد بولمايدۇ. ئالدىنقىلار تولۇپ تاشقان ئىشەنچكە ئىگە كېلىدۇ، كېيىنكىلەردە ئىشەنچ كەمچىل بولىدۇ؛ئالدىنقىلار قىيىنچىلىققا يۈزلىنەلەيدۇ، كېيىنكىلەر قىيىن-چىلىقتىن ۋاز كېچىدۇ.

پاسسىپ تەپەككۇردىكى كىشى ئۈمىدسىز بولغاچقا، ئىجا-دىي كۈچىنىڭ جارى بولۇشىنى توسۇپ قويىدۇ؛ ئاكتىپ تەپەك-كۇر قىلغۇچى كىشى ئۆزىگە ئىشەنگەچكە، گۈزەل كەلگۈسىنى ۋە ئىجادىي كۈچكە تولغان كەڭ زېمىننى يارىتالايدۇ.

ئاددىي قىلىپ ئېيتساق، ئوخشاش ئەھۋالغا قارىتا، پاسسىپ تەپەككۇر قىلغۇچى ئۈمىدسىزلىك سەۋەبىدىن مەغلۇپ بولىدۇ؛ ئاكتىپ تەپەككۇر قىلالايدىغان كىشى ھەر خىل مۇمكىنچىلىك-لەرگە يۈزلىنىشكە جۈرئەت قىلالىغاچقا، مۇۋەپپەقىيەت قازىنالاي-دۇ.

پاسسىپ كىشى ئاكتىپ بولمىمەن دەيدىكەن، ئالدى بىلەن چوقۇم ھەر قانداق كىچىك ئىشلارنى ئاكتىپ يۆنىلىشتىن تە-پەككۇر قىلىش كېرەك. «مەن قىلالايمەن»، «چوقۇم قىلالاي-مەن»، «ئىشلار ياخشى تەرەپكە قاراپ ماڭماقتا» دېگەن مۇئەي-

يەنلەشتۈرۈش خاراكتېرىدىكى تىللار بىلەن ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان يېتىشتۈرگەن پاسسىپ ھالەتكە زەربە بېرىش كېرەك.

پەقەت كۆڭلىمىزدە بۇ خىل ئاكتىپ ئىدىيە مەۋجۇتلا بولىدىكەن، كۆڭلىمىزدە چوقۇم بۇنىڭغا يول ئاچالايمىز، ھەر كۈنى بوشاشماي تىرىشىپ، تېخىمۇ كۈچلۈك تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلىنى قوللانغاندا، كۆڭلىمىزدە ئېچىلغان يول تېخىمۇ كېڭەيىدۇ — دە، ئەڭ ئاخىرى پاسسىپ تەپەككۇر قەپىزىنى بۇزۇپ تاشلىغىلى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاكتىپ تەپەككۇر سىزنىڭ قەلبىڭىزدە ئۈستۈنلۈك ئورۇننى ئىگىلىسۇن.

# «ئىنسان تەبىئىتى» مانا مۇشۇنداق يارىتىلىدۇ

*ئادەتتە پاسسىپ تىللارنى كۆپرەك ئىشلىتىش، شۇ كىشىنىڭ پاسسىپ ئىدىيىسىنى ئىپادىلەيدۇ. ئاكتىپ تىللار كۆپەيگەن ئىدىيەن، ناھايىتى روشەنكى، بۇ ئادەم، پاسسىپ كىشىدىن ئاكتىپ كىشىگە ئايلىنىشنى ئويلاپ، ئۆزىنى ئۆزگەرتىشتەك روھىي دۇنياسىنى سىناق قىلىۋاتقان بولىدۇ.*

ئاكتىپ تەپەككۇر قىلىدىغان كىشىگە ئايلىنىش ئۈچۈن، يەنە يېڭى تىل ئىشلىتىشنى ئۆگىنىۋېلىش كېرەك. كاللىڭىزدا شەكىللەنگەن ئىدىيىنى، قۇلىقىڭىز بىلەن ئاڭلىيالايدىغان تىلغا ئايلاندۇرۇڭ. مۇشۇنداق تەكرار ئېيتىلغان سۆزلەرنى تەپەككۇر تېخىمۇ چوڭقۇر قاتلامدىكى يوشۇرۇن ئاڭغا يەتكۈزۈپ بېرىپ، ئاخىرى ئۇنى مەڭگۈلۈك تەپەككۇر قىلىش ئادىتىگە ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ.

بۇ يەردىكى ئاتالمىش ئادەت دېگىنىمىز، مەلۇم ھەرىكەتنى ئاكتىپلىق بىلەن تەبىئىي، بىۋاستە، ئاڭلىق ھالدا قايتا ـ قايتا تەكرارلاش دېگەنلىكتۇر. تەپەككۇر، تىل ئىشلىتىش، ھەرىكەت، پوزىتسىيىنىڭ يىغىندىسى ئادەت خاراكتېرلىك تەكرارلاش بولغاچقا، ئۇ يوشۇرۇن ئاڭدا يىلتىز تارتىپ، بۇ ئادەمنىڭ قىممەت قارىشىنى ۋە شەيئىلەرگە بولغان قارىشىنى شەكىللەندۇرۇپ، ئاخىرى بۇ ئادەمنىڭ خاسلىقى ۋە تەقدىرىنى بەلگىلەيدۇ.

بۇ جەريان، ھەم كىشىنى پاسسىپ تەپەككۇر قىلغۇچىغا، ھەم ئاكتىپ پوزىتسىيىدىكى كىشىگە ئايلاندۇرىدۇ. روھىي ھالەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دىگەن مانا مۇشۇنداق تەدرىجىي شەكىللىنىدۇ.

روھنى ئۆزگەرتىش جەريانىدا، ئىغىزىمىزدا دائىم دەيدىغان گەپلەر روھىي ھالىتىمىزگە بىزنىڭ مۆلچەرىمىزدىكىدىنمۇ بەك چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئادەتتە پاسسىپ تىللارنى كۆپرەك ئىشلىتىش، شۇ كىشى-نىڭ پاسسىپ ئىدىيىسىنى ئىپادىلەيدۇ. ئاكتىپ تىللار كۆپەيگەن ئىكەن، ناھايىتى روشەنكى، بۇ ئادەم، پاسسىپ كىشىدىن ئاكتىپ كىشىگە ئايلىنىشنى ئويلاپ، ئۆزىنى ئۆزگەرتىشتەك روھىي دۇنيا-سىنى سىناق قىلىۋاتقان بولىدۇ.

مۇئەييەنلەشتۈرۈش خاراكتېرىدىكى تىللارنى كۆڭلىدە دا-ئىم ئويلىسا، دائىم ئاڭلاپ، دائىم دەپ تۇرسا، يۈرەك، قولاق، ئىغىز بىرلەشسە، بۇ خىل بىرىكمە كۈچ بۇ پاسسىپ تەپەككۇر قىلغۇچىنى ئاكتىپ تەپەككۇر قىلغۇچىغا ئايلاندۇرىدۇ.

بىر قېتىم، مەن كانزاس شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن مەملى-كەتلىك كەسپىي خادىملارنىڭ يىغىلىشىدا، يۈرەك، قولاق، ئې-غىزنىڭ ئورتاق تىرىشىش پرىنسىپىنى سۆزلەپ ئۆتتۈم.

بىر نەچچە ئايدىن كېيىن، مەن يەنە مۇشۇ شەھەرنىڭ غەربىي قىسمى ۋە غەربىي قىسمىدىكى ھەر قايسى شتاتتىكى گرافوت شىركىتىنىڭ كەسپىي خادىملىرىغا نۇتۇق سۆزلىگەندە بۇ پرىنسىپنى تىلغا ئالمىدىم.

نۇتۇق سۆزلەش مەيدانىنىڭ مۇزىكا مەركىزىدىن چىقىۋاتـ-سام بىر ئادەم چاقىردى:

— مەن گرافوت شىركىتىدىن ئەمەس، ئەمما سىزنى نۇتۇق سۆزلەيدىكەن دەپ ئاڭلاپ، كۆپچىلىككە قېتىلىپ نۇتۇ-قىڭىزنى ئاڭلىدىم. ئالدىنقى قېتىم يۈرەك، قولاق، ئىغىزنىڭ ئورتاق تىرىشىش پرىنسىپىنى ئاڭلىغان ئىدىم، بۈگۈنمۇ يەنە

ئاڭلايمەنمىكىن دېسەم...

بۇ كىشى پاسسىپ تەپەككۇردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن يۈرەك، قۇلاق ۋە ئېغىزنىڭ ئورتاق ئىرىشىشىنى سىناق قىلىۋاتقانىكەن، ئۇ:

— مەن بۇلارنىڭ ئورتاق ئىرىشىش پرىنسىپىنى ئېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈردۈم. يۈرەك، قۇلاق، ئېغىز دېگەنگە كۆزنىمۇ قوشتۇم. شۇنداق قىلىپ مەنمۇ پاسسىپ مەزمۇندىكى ئاخبارات، ژۇرنال، كىتابلارنى پۈتۈنلەي چۆرۈۋەتتىم. مېنىڭچە كۆزمۇ ئاك-تىپ ئىدىيىنى قوبۇل قىلالايدىكەن، شۇڭا ئىزدەپ تاپالىغانلىكى كىتابلارنىڭ ھەممىسىنى ئېپىپ ئوقۇدۇم. شۇنداق قىلىپ ئاك-تىپ ئىدىيىگە ئىگە بولدۇم، ئاكتىپ تىللارنى ئىشلىتىدىغان، ئاكتىپ مەزمۇندىكى خەۋەرلەرنى ئاڭلايدىغان، ئاكتىپ ئەسەر-لەرنى ئوقۇيدىغان بولدۇم، دېدى.

— نەتىجىسى قانداق بولدى، دەپ سورىدىم مەن.

— ئەلۋەتتە روھىي دۇنيارىم ئاكتىپ ئىدىيە بىلەن تولۇپ تاشتى. ئۇ بىر ئازدىن كېيىن سەل شۈبھىلەنگەن ھالدا مەندىن ئۆتۈنۈپ، — بەزى چاغلاردا مەن ئۈچۈن تىلاۋەت قىلىپ قويالامسىز؟

ئۇنىڭ مېڭىسى ئېخىچىلا ئىشلەۋاتقاندەك قىلاتتى. بۇ چاغ-دا ئۇ باشقا ئىشلارنى ئېسىگە ئالغاندەك قىلاتتى.

— يۈرەك، قۇلاق، ئېغىز ۋە كۆزدىن باشقا روھىمۇ قوشۇپ قويايمىكىن، شۇنداقمۇ؟ ئىلاھ مەدەت بەرمىسە، بۇ نىشانلارنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدۇ. ھازىر باشقىلار بىلەن پاراڭلىشىدىغان ئازراق ئىشىم بار، مۇشۇ يەردە خوشلىشايلى، خەيرى!

ئۇ قولۇمنى تۇتۇپ مەن بىلەن خۇشلىشىپ، چەبدەس

قەدەم ئېلىپ كېتىپ قالدى.

ئۇزۇن يىل پاسسىپ، ئۈمىدسىز قاراشتا ياشاپ كەلگەنلەر، ئاكتىپ پوزىتسىيىگە ئىگە بولىمەن دەيدىكەن، ئاكتىپ تەپەككۇر قىلىشتىن ئىبارەت قايتا تەربىيە ئېلىش ھەرىكىتىنى ئېلىپ بېرىش كېرەك. مۇشۇنداق قايتا تەربىيە ئېلىش جەريانىدا تەپەككۇر، ئاڭلاش، سۆزلەش، يېزىش (بولۇپمۇ روھ) ناھايىتى مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالىدۇ.

ئۆزىمىزنىڭ قانداق ئادەمگە ئايلىنىدىغانلىقىمىزنى بىلىش ئۈچۈن ئۆزىمىز ھازىرلىغان بىلىم ۋە روھنى جانلىق ئىشلىتىپ، ئۆزىمىز ئۆزگەرمەكچى بولغان ئاشۇ خىل ئادەمگە ئايلىنىشىمىز كېرەك.

# «نېرۋىسى قالايمىقانلىشىپ كەتكەن» كىشى ئۈچۈن تىلاۋەت قىلىنىدىغان دۇئا

*ھەقىقەت كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ ئېتىقاد قىلىشى ياكى قىلماسلىقىغا قاراپ ئۆزگىرىپ كەتمەيدۇ.*

مەن قاتتىق سوغۇق بولغان بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن نيۇيوركتىكى ئىشخانامدا مەن بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالغان ھېلىقى ئاچچىقى يامان كىشىنى ئۆمۈر بويى ئۇنتۇپ كېتەلمەسلىكىم مۇمكىن.

— سىز ئالدىن كېلىشىپ قويغانمۇ؟ دەپ سورىدى كاتىپىم ئۇنىڭدىن ناھايىتى ئەدەپ بىلەن.

— ياق، كېلىشىپ قويمىغان، ئەمما مەن دەرھال دوكتور پىيىر بىلەن كۆرۈشۈشۈم كېرەك. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن كۆرۈشمىسەم بولمايدۇ.

— تۇرۇپ تۇرۇڭ، دېدى كاتىپ. كاتىپ دەرھال يېنىمغا كىرىپ، — غەرەز ئۇقمايدىغان بىر غەلىتە كىشى سىز بىلەن چوقۇم كۆرۈشمىسەم بولمايدۇ دەيدۇ، دېدى.

— بولىدۇ، ئۇ كىرسۇن، دېدىم.

بۇ كىشىنىڭ غەزەپلىك پوزىتسىيىسى، ئۇنىڭ نېرۋىسىنىڭ تازا قالايمىقانلىشىپ كەتكەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى. مەن نۇرغۇن غەلىتە ئىشلارنى ئاڭلىغان، بىراق بۇ ئادەم دېگەن ئۇنداق غەلىتە گەپلەرنى ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇ كىشى قارىماققا خېلى تەرbىيە كۆرگەندەك، ناھايىتى زېرەك كۆرۈنەتتى. يېشىمۇ 30دىن ئاشقانىدى. ئۇ:
— مېنىڭ ئەھۋالىم ئۇنچە ئېغىر بولمىسا، بۇ يەرگە سىزنى ئالاھىدە ئىزدەپ كەلمەيتتىم. مەن چوقۇم ھالىمغا يېتىدىغان، دەردىمنى ئاڭلايدىغان بىرەر كىشىنى تاپمىسام بولمايدۇ، سىز مېنى تونۇمايسىز. مەن كۆچمەس مۈلۈك كەسپىدىكىلەر يىغىلىشىدا بىر قېتىم سىزنىڭ نۇتۇقىڭىزنى ئاڭلىغان، مېنىڭ دەرد ـ ھەسرىتىمنى ئاڭلاشقا ۋاقتىڭىز چىقارمۇ؟ دېدى.
— ئەسلىدە باشقىلار بىلەن كېلىشىپ قويغانىدىم، سىز دەپ قالدىڭىز، بىر سائەت ۋاقتىمنى بېرەي، ئەگەر ھالقىلىق مۇھىم يەرنى تۇتۇپ پاراڭلاشساق، بۇ بىر سائەتمۇ يېتىپ ئاشىدۇ، قېنى، سۆزلەڭ! دېدىم، مەن.
ئۇ دەرھال ئۆزىدىن ئىنتايىن نەپرەتلىنىدىغانلىقىنى سۆزلەپ كەتتى.
ئۇ قارىماققا ئۆزىدىن ئىنتايىن بىزاردەك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئۇ قورقۇنچاق ۋە ئىشەنچىسى كەمچىل بولغاچقا، ناھايىتى كۆپ زىيان تارتقان، ھەممە نەرسە كۆڭۈلسىز تۇيۇلۇپ، كاللىسىغا مەن تۇغما مەغلۇبىيەتچى دېگەن خىيال ئورناپ كەتكەن. ئەگەر ئاز ـ تولا مىراسقا ئىگە بولمىغان بولسا، قىپيالىڭاچ قالاتتىكەن.
ئۇ ئەلۋەتتە تېگى ـ تەكتىدىن بىر پاسسىپ مەغلۇبىيەتچى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىسپىرت بىلەن زەھەرلەنگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى. ئەمما ئۇنىڭدا يەنە ئاز ـ تولا يېڭىۋاشتىن ساغلام بىر ئادەم بولسام دەيدىغان ئۈمىدىمۇ بار ئىكەن.
— مەن سىزنىڭ ئاكتىپ تەپەككۇرنى تەشەببۇس قىلىدىغانلىقىڭىزنى بىلىمەن. قېنى دەپ بېقىڭا، مېنىڭ نەرىم بولماي-

دۇ؟ مەندە نېمە كەمچىل؟ دەپ سورىدى.
مەن:
— ناھايىتى روشەنكى، سىز ئەمدى كۆپرەك تىلاۋەت قىلىسىڭىز بولىدۇ. پەقەت تىلاۋەتلا سىزنىڭ مۇرەككەپ، قالايمىقانلىشىپ كەتكەن روھىي ھالىتىڭىزنى ئوڭشىيالايدۇ، دەپ جاۋاب بەردىم.
ئۇ مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلاپ شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى.
— شۇمىدى؟ مەن تېخى تەربىيە كۆرگەن ئەپەندى بولغاندىكىن، ماڭا تېخىمۇ ياخشى ئۇسۇللارنى ئېيتىپ بېرىدىغان چېغى دەپتىمەن. سىزمۇ باشقىلارغا ئوخشاش كونا مۇقامغا تووۇلىغلى تۇردىڭىزغۇ؟ ھەممىلا ئادەم مۇشۇنداق دەپلا ئويلايدۇ، بۇنداق گەپلەرنى تولا ئاڭلاپ كەتتىم.
ئۇ غاچچىدە ئورنىدىن تۇرۇپ، غەزەپ بىلەن گۈلدۈر ــ غالاپ قىلىپ چىقىپ كەتتى. ئۇ ھەتتا مېنىڭ ۋاقتىمنى ئالغانلىقى ئۈچۈن بىر ئېغىز رەھمەت ئېيتايمۇ دېمىدى. شۇنداق بولسىمۇ مەن تەگرىدىن نېرۋىسى چېچىلىپ كەتكەن بۇ كىشىنىڭ مەلۇم خىل ئۇسۇللار بىلەن خاتىرجەملىككە ئېرىشىشىنى تىلىدىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# بىر نەچچە مىنۇتتىن كېيىن «ئىنسان تەبىئىتىنىڭ» ئاجايىپ ئۆزگىرىشى

***ياراتقۇچىنىڭ قولىدىن چىققان بارلىق شەيئى مۇكەممەلدۇر، ئەمما ئىنسانلارنىڭ قولىغا ئۆتۈشى بىلەن ھەممە نەرسە بۇزۇلۇپ كېتىدۇ.***

30 مىنۇتتىن كېيىن، كاتىپ ماڭا سىمسىز تېلېفون ئارقىلىق:

— ھېلىقى ئادەم يەنە قايتىپ كەپتۇ، مېنىڭچە ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ قويىسىڭىز بىر ئاز ياخشى بولارمىكىن، ئۇ ئىنتايىن قايغۇرۇۋاتقاندەك قىلىدۇ، دېدى. ھېلىقى كىشى ئىشىكتىن كىرىپلا ئۆينىڭ ئىچىنى ئۇياقتىن ــ بۇياققا چامداپ، ئېغىزى بىسىقماي:

— مەن زادى نېمە بولدۇم؟ دەيتتى.

— قېنى ئولتۇرۇڭ، ئېيتىڭە، نېمە ئىش بولدى؟ دەپ سورىدىم.

ئەسلىدە ئۇ مېنىڭ يېنىمدىن كېتىپ كوچىغا چىقىپ: «تىلاۋەت، مەن راستىنلا تىلاۋەت قىلامدىمەن! ئۇنداق بولسا قېنى بىر سىناپ باقاي» دەپ سۆزلەپ ماڭغان. ئۇ تىلاۋەتنى باشلاپ، ئۆزىنىڭ ئادەتتىكى سۆز ــ ھەرىكىتىگە پۇشايمان قىلغان، بۇ چاغدا ئۇنىڭغا ھەممە يەردە نۇر چاقناۋاتقاندەك، گۈگۈم پەردىسى تەبىئەتكە قارا لىباسنى ئارتقان بولسىمۇ، ئەمما ھەممە نېمە يورۇپ كەتكەندەك بىلىنگەن، ئۇنىڭغا كىشىلەر

تولىمۇ ئوچۇق - يورۇق بولۇپ كەتكەندەك، ئىمارەتلەر ۋاللىداپ چاقناۋاتقاندەك، ئادەتتىكى مەينەت مانخاتون كوچىسىمۇ ئىنتايىن پاكىز، گۈزەل بولۇپ كەتكەندەك تۇيغۇ بەرگەن.
يولدىن ئۆتكەن - كەچكەنلەرمۇ ئۇنىڭغا شۇنچە يېقىملىق تۇيۇلۇپ كەتكەن. ئۇ كوچىدىكى نۇرغۇن ئادەملەرگە دىققەت قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ھېچكىم ئۇنىڭغا دىققەت قىلمىغان.
— پىيادىلەر يولىمۇ نۇر چاقناپ كېتىپ بارىدىغۇ، مېنىڭ چوقۇم كاللامدا مەسىلە بار، مەن ساراڭ بولۇپ قالاي دېدىم، دەپ ۋارقىراپ كەتكەن.
ئۇ ئۆزى قىلالايدىغان بىردىنبىر ئىشنى قىلغان، يەنى ئۇدۇل مېنىڭ قېشىمغا كەلگەن.
ئۇ ئىنتايىن ئازابلانغان ھالدا:
— مېنىڭدە نېمە ئىشلار يۈز بېرىۋاتىدۇ؟ مەن ساراڭ بولۇپ قالمىغاندىمەن؟ دەپ سورىدى.
— ياق، ھېچقىسى يوق، سىز ناھايىتى سەگەك، ئېھتىمال سىز ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان روھىي ھالەتتە تۇرۇۋاتقان بولۇشىڭىز مۇمكىن ياكى سىرلىق كەچۈرمىشلەرنى ئۆز تەسىرا-تىڭىزدىن ئۆتكۈزۈۋاتقان بولۇشىڭىز مۇمكىن.
تىلاۋەت سىزنىڭ ۋۇجۇدىڭىزغا تىنىپ كەتكەن كۈچ - قۇدرەتنى ئويغاتتى. سىز ساقايدىڭىز، سىز يېڭىۋاشتىن دۇنياغا كەلدىڭىز. بەزى ئىشلارنى سىزمۇ سورىماڭ، مەنمۇ ئېنىق چۈ-شەندۈرەلمەيمەن. مەن دۇنيادا سىز قىلىشنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان يەنە نۇرغۇن ئالاھىدە ئىشلار بار دەپ ئويلايمەن.
شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ تامامەن باشقىچە بىر، مۇلايىم، بەختىيار، نورمال، ئوچۇق - يورۇق ۋە ئاكتىپ كىشىگە ئايلان-دى. كېيىن ئۇ ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۆز ـ ئۆزىنى بايقىشىغا ياردەم بەردى.

ئۇزۇن يىللاردىن بېرى، ماڭا دەرد ئېيتىپ كەلگەنلەر ناھايىتى كۆپ بولسىمۇ، ئەمما ھېچكىم ئۇنىڭغا ئوخشىمايتتى. ھايات پاسسىپ تەپەككۇرنى ئاكتىپ تەپەككۇرغا، ناچار ئادەملەرنى ياخشى ئادەملەرگە ئايلاندۇرۇشتا «ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى» دىن ئىبارەت تەبىئىي قانۇنىيەتنى قوللانغان.

ھەققانىيەتكە خۇددى ئېچىرقاپ كەتكەندەك ئىنتىلەيلى!

چۈنكى، بۇ قىممەتكە ئىگە تۇرمۇش كەچۈرۈشنىڭ ئاساسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



پوزىتسىيە ھەممىنى باغلايدۇ!

# ئون بىرىنچى باب ئۆزلۈكنى ئىشقا ئاشۇرۇش

## — مۇۋەپپەقىيەت ۋە بەخت يارىتىدىغان كىشىلىك ھايات



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## 40 مىڭ دوللارلىق ئوقۇش پۇلى

*ھەرقانداق ئەقىللىق ئادەممۇ بەزىدە ھاماقەتلەرچە ئىش قىلىپ قويىدۇ، مۇھىمى ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى تونۇپ يېتىش ۋە قايتا سادىر قىلماسلىق.*

تازا قاراڭغۇ زۇلمەت باسقان 2-ئاينىڭ بىر ئەتىگەنلىكى، كىن. بادافىد كوچىدا ھارغىن قەدەملىرىنى سۆرەپ كېتىپ باراتتى. ئۇ ھەممىدىن ئۈمىد ئۈزۈپ، قاتتىق چۈشكۈنلىشىپ كەتكەنىدى، شۇ تاپتا دۇنيادا ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق چۈشكۈنلىشىپ كەتكەن ئادەم يوق دېسەكمۇ بولاتتى.

ئۇ بايا بىر دوكانغا كىرىپ قەھۋە بىلەن ئاددىيلا ناشتا قىلىۋالغان بولۇپ، يانچۇقىدا كىرلىشىپ كەتكەن بىر يۈەنلىك پۇلدىن يەتتىسى قالغانىدى. ئۇ تۈنۈگۈن كېچىنى سەرگەردانلارنى يېتەكلەيدىغان ئورۇندا ئۆتكۈزدى.

ئەمما ئۇنىڭدا مۇنداق بىر ئىش زور رول ئوينىدى، ئىقتىسادىي ئەھۋالى خېلى ياخشى چاغدا سېتىۋالغان بىر يۈرۈش كاستوم ـ بۇرۇلكىسى شۇ تاپتا ئۇنى خېلىلا رەتلىك كۆرسىتىپ تۇراتتى.

ئۇ ناھايىتى تېز چۈشكۈنلىشىپ كەتتى. دادىسى ئۇنىڭغا 40 مىڭ دوللارلىق مىراس قالدۇرۇپ قويغان ئىدى. ئۇ ئۆمرىدە بۇنداق غايەت زور پۇلغا ئېرىشىپ باقمىغاچقا، كۈندە دېگۈدەك ھەشەمەتلىك ئىشرەتخانىلارغا قاتراپ، پۇلنىڭ ھەممىسىنى سورۇۋەتتى.

— مەن ھەممىدىن ئۈمىد ئۈزدۈم، دەيتتى ئۇ كىشىلەرگە.

— سىز رومان .W پېيىر بىلەن كۆرۈشۈڭ، دەپ تەكلىپ بەردى بىرەيلەن.

— ئۇ نېمە قىلىدىغان ئادەم؟ ئۇ ئادەم ماڭا نېمە قىلىپ بېرىدۇ؟

— ئۇ كىشى سىزدە بۇرۇنقىغا ئوخشمايدىغان ئويلارنى پەيدا قىلىدۇ، ئىشقىلىپ، ئەڭ ياخشىسى سىز شۇ كىشى بىلەن بىر كۆرۈشۈڭ.

شۇنداق قىلىپ، ئۇ ھېلىقى قارا قىشنىڭ بىر ئەتىگەنلىكى ئىشخانامدا پەيدا بولدى.

— ھېچنېمىنى يوشۇرماي ھەممىنى ئېيتىڭ، دېدىم مەن. ئۇ ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى قىسقىلا بايان قىلىپ ئاخىرىدا:

— مەن بىر سەپتىن چۈشۈپ قالغان يارىماس، پۈتۈنلەي مەغلۇپ بولغان مەغلۇبىيەتچى دېدى. ئۇ ئۆزىنى ئەنە شۇنداق پەس كۆرەتتى.

ئۇ گەرچە ئۆزىنى ھېچنىمگە كېرەك كەلمەس دېسىمۇ، ئەمما گەپ قىلغاندا سوكۇتكە چۆمەيتتى ياكى ئالدىدا قىلغان گېپىنى تەكرارلىمايتتى.

گەپنى ناھايىتى ئىخچام، مېغىزلىق سۆزلەيتتى. بۇ ئۇنىڭ سىستېمىلىق تەپەككۇر قىلالايدىغانلىقىنى ھەم ئويلىغانلىرىنى مۇۋاپىق يوسۇندا ئىپادىلەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈرەتتى.

— سىز ناھايىتى ئەقىللىق، دېدىم مەن گەپ قىستۇرۇپ.

— مېنى ئەقىللىق دېگىنىڭىز نېمىسى؟

مەن ئۇنىڭغا، ئۇنىڭ تولىمۇ سىستېمىلىق پاراڭ قىلىش ئۇسۇلىغا زوقلىنىدىغانلىقىمنى چۈشەندۈردۈم.

— سىز ھەقىقەتەن ئەقىللىق، ئەقىللىق ئادەملەر مۈشكۈلـ چىلىك ئىچىدىن قۇتۇلۇپ چىقاي دەپ ئويلىسا، كەمتەرلىك

بىلەن باشقىلارنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلسا، چوقۇم ھەر قانداق قىيىن شارائىتلار ئىچىدىن قۇتۇلۇپ چىقالايدۇ.

— مېنى بىرەرسىمۇ ئەقىللىق دەپ باقمىغان، دېدى ئۇ.

— مانا مەن سىزنى ئەقىللىق دېدىمغۇ؟

ئۇ يانچۇقىدىن كىرلىشىپ كەتكەن بىر دوللارلىق تەڭگىلەردىن يەتتىنى ئېلىپ شىرەگە قويۇپ، سالماقلىق بىلەن:

— بۇ مېنىڭ بارلىق مال مۈلكىم، دېدى.

— سىز مېنى يىغلىۋېتىدۇ، دەپ ئويلاپ قاپسىز ـ دە؟ مەن بۇنىڭدىن ھەرگىز ھەيران قالمايمەن. سىز بۇ يەتتە دوللاردىنمۇ كۆپ بايلىقلارغا ئىگىسىز. مەسىلەن: مەن بىلەن بىمالال پاراڭلىشۋاتقان كاللىڭىزمۇ شۇنىڭ ئىچىدىكى بايلىق. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىز تېخى ياش. سىز قەددىڭىزنى تىك تۇتۇپ يۇرسىڭىز تولىمۇ سالاپەتلىك بولۇپ كېتىدىكەنسىز. ئاڭلىسام سىز ئالىي مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپسىز، قانداق بولۇپ بۇ يەتتە دوللار سىزنىڭ بارلىق مال مۈلكىڭىز بولۇپ قالدى؟

بىزنىڭ پاراڭىمىزنىڭ تېمىسى ئۇنىڭ بولمىغۇر، ئاجىز تەرەپلىرىگىلا مەركەزلىشىپ قالغاچقا، مەن دەرھال گەپنى باشقا ياققا بۇراپ:

— ئەمدى سىزنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىڭىز ئۈستىدە توختىلايلى، دېدىم.ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇنىڭدا ئۆز ـ ئۆزىگە نىسبەتەن ياخشى تەسىرات پەيدا بولدى. چۈنكى ئۇ بۇرۇنقى كەچۈرمىشلەرنى سۆزلەشكە چۈشۈپ كەتكەنىدى.

ئۇ تېخى ھازىرغا كەلگىچە توي قىلمىغانىدى. ئۇ ھاراقكەش بولۇپ كېتىشتىن ئىلگىرى مەلۇم بىر شىركەتنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورلۇق ۋەزىپىسىنى ئۆتەيتتى. ھاراقنى بېرىلىپلا ئىستىقباللىق خىزمەتتىنمۇ ئايرىلدى، شۇنىڭ بىلەن ناھايىتى تېزلا

چۈشكۈنلىشىپ كەتتى. ئەمدى ئۇ ھەر خىل ئاماللار بىلەن ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ھالىتىدىن يېنىش نىيىتىنىڭ بارلىقىنى ھەقىقىي ھېس قىلدى.

ئۇ ئالدى بىلەن پاسسىپ ئىدىيىدىن ۋاز كەچكەندىلا، ئۈمىدسىز پوزىتسىيىدىن قۇتۇلالايدىغانلىقىنى، بولمىسا بۇ خىل پوزىتسىيىنىڭ ئۆزىنى نابۇت قىلىۋېتىدىغانلىقىنى، ئەمدى ئۆزىگە پايدىلىق ئامىلدىن ئىش باشلاش كېرەكلىكىنى تونۇپ يەتتى.

— مەن نېمە ئۈچۈن ھاماقەتلىك قىلىپ دادام مىگىر جاپادا تېجەپ قالدۇرۇپ قويغان 40 مىڭ دوللارنى بۇزۇپ چېچىۋەتتىم، دېدى ئۇ.

— ھەر قانداق ئەقىللىق ئادەملەرمۇ بەزىدە ھاماقەتلىك ئىشلارنى قىلىپ قويىدۇ. سىزنىڭ بىر ئارتۇقچىلىقىڭىز، ئۆزىڭىزنىڭ بۇرۇنقى دۆتلۈكىڭىزنى زېرەكلىك بىلەن ھېس قىلالىغانلىقىڭىزدا. سىز قىممەتلىك ئوقۇش پۇلىنى بۇزۇپ-چېچىۋەتكەن بىلەن ئەمما پۇل ئىشلىتىش ئۇسۇلىنى ئۆگىنىۋالدىڭىز. كەلگۈسىدە سىز بۇنىڭدىنمۇ قىممەتلىك، بۇنىڭدىنمۇ كۆپ بايلىقلارغا ئېرىشكەندە، چوقۇم ناھايىتى زېرەكلىك بىلەن، ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىدىغان بولىسىز.سىزبۇنى ئىنتايىن ياخشى بىر ئۆگىنىش پۇرسىتى دەپ بىلىڭ، دېدىم.

— شۇنداق، مەنمۇ شۇنداق ئويلاۋاتىمەن، ئەمما يەنىلا ئۇنداق ھاماقەتلىك ئىشلارنى قىلمىسام بوپتىكەن دەپ پۇشايمان قىلىۋاتىمەن، دېدى ئۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا يۈز بەرگەن مۆجىزە خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش

*ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ھەركۈنى تەكرارلايدىغان مونۇ سۆزدىن كەلگەن:*
*مەن ئەمدى ھاياتقا يېڭىۋاشتىن كۆز ئاچىمەن.*
*مەن ھەر كۈنى يۈقىرى ئۆرلەيمەن.*
*مەن ھەقىقەتەن مۇۋەپپەقىيەت يولىغا قاراپ ماڭدىم.*
*مەن ھازىر ئۆزۈم ئېرىشمەكچى بولغان نەرسىلەرگە ئېرىشىۋاتىمەن.*
*تەڭرى ھەر كۈنى مېنى يېتەكلەپ ماڭماقتا ۋە ماڭا مەدەت بەرمەكتە.*

مېنىڭچە دۇنيا بويىچە ئەڭ تايىنى يوق گەپ «قانداق قىلىش كېرەك» . مەن دوكتور سىمەيرى. بوراندىنىڭ ماڭا ئېيتىپ بەرگەن ھېكايىسىنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەردىم.

دوكتور بوراند نۇرغۇن بىمارلارنىڭ تېنىدە ناھايىتى نۇرغۇن كېسەللىكلەر بولىدۇ. چۈنكى ئۇلار دائىم دېگۈدەك: «ئەگەر ئۇ ئىشنى قىلمىغان بولسام» ياكى «ئەگەر ئۇنداق قىلغان بولسام» دېگەن پۇشايمان قىلىدىغان گەپلەرنى قىلىدۇ، دەيدۇ.

ناۋادا بىمارلار پۇشايمان قىلماي «شۇنداق بولغان بولسا» ، «كېيىنكى قېتىم شۇنداق قىلىش كېرەك» دېگەن ئويلاردا بولغان بولسا ئىدى سالامەتلىكى تېزلا ئەسلىگە كەلگەن بولاتتى.

ئۇنىڭدا گەرچە پاسسىپ ئوي بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئەڭ ئاخىرقى ئۈمىدىنى ئاكتىپ تەپەككۇرغا باغلىغان ئىدى. ئۇنىڭدىكى تۇغما ئوچۇق-يورۇق خاراكتېر ئۇنى «مۇۋەپپەقىيەتلىك

تۇرمۇش شەكلىنى، ھازىردىن تارتىپ باشلىسىمۇ كېچىكمەيدۇ» دېگەن تەكلىپنى ئاڭلاش ئىمكانىيەتكە ئېرىشتۇرۇپ، ھېلىقى كىرلىشىپ كەتكەن، ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان بىر دوللارلىق يارماققا دىققەت قىلمايدىغان قىلغان.

مەن ناھايىتى نۇرغۇن ئاق كۆڭۈل ئادەملەرنىڭ ماڭا بىر مۇنچە پۇل بېرىپ، نامراتلارنى يۆلەپ قويساڭ، دېگىنىنى تاكى ھازىرغا كەلگىچە ئۇنتۇپ قالمىدىم.

مەن ئۇنىڭغا:

— كىن، ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىن مەغلۇبىيەتلىك ئىشلار-نى ئويلىماڭ، دەرھال ئۆزىڭىزنى ئوڭشاپ رۇسلىنىۋېلىڭ. ئالدى بىلەن ھەر كۈنى تۆۋەندىكى بەش تۈرلۈك مۇئەييەنلەشتۈرۈش خاراكتېرىدىكى سۆزلەرنى كەم دېگەندە 30 قېتىمدىن ئوقۇپ، ھاياتقا يېڭىۋاشتىن قەدەم ئېلىڭ. ھازىر سىزگە ئەڭ كېرىكى «ئاكتىپ تەپەككۇر»نى كۈچەيتىش. ئۇنۇم كۆرۈلگەندىن كېيىن ئوقۇش قېتىم سانىنى ئازايتىڭ. ھازىر ئالدى بىلەن ھەر كۈنى بۇ بەش سۆزنى 30 قېتىمدىن ئوقۇڭ:

مەن ئەمدى ھاياتقا يېڭىۋاشتىن كۆز ئاچىمەن.

مەن ھەر كۈنى يۇقىرى ئۆرلەيمەن.

مەن ھەقىقەتەن مۇۋەپپەقىيەت يولىغا قاراپ ماڭدىم.

مەن ھازىر ئۆزۈم ئىگە بولماقچى بولغان نەرسىلەرگە ئېرىشىۋاتىمەن.

تەڭرى ھەر كۈنى مېنى يېتەكلەپ ماڭماقتا ۋە ماڭا مەدەت بەرمەكتە.

كىن، مەن سىزگە ئازراق مەبلەغ سېلىپ بېرەي دەيمەن، سىز YMCA دىن بىر ئېغىز ئۆي ئارىيەت ئېلىڭ. ئىشنى بۈگۈن مۇشۇ يەردىن باشلاڭ، ماڭغاچ ئۆز-ئۆزىڭىزگە مەن بۇ شەھەر-نىڭ مەلۇم جايىدا خىزمەت قىلىمەن، دەڭ. ئادەمدە مانا مۇشۇن-

www.uyghurkitap.com

داق ئىشەنچ بولۇش كېرەك. ئاشۇ مەنزىرىلەرنى ئېنىق كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرۈڭ، ئاندىن ئاشۇ خىزمەتكە ئېرىشىپ قالسىڭىز ھەر قانداق چاغدا، ھەر قانداق ئادەمنى بېسىپ چۈشىسىز،دېدىم.

ئۇ دېگەندەك، ناھايىتى تېزلا شەھەرنىڭ غەربىدىكى بىر كىچىك تېز تاماقخانىدىن پوكەيدە تۇرۇپ مۇلازىمەت قىلىدىغان خىزمەتنى تاپتى. ئۇ بۇ خىزمەتنى جان ـ دىل بىلەن ناھايىتى ئەستايىدىل ئىشلىدى .

ھېلىقى چاغدا ئۇ مېنىڭ يېنىمغا كەلگەندە ھەممىدىن قەتئىي ئۈمىد ئۈزگەن بولۇپ، روھىي ھالىتى تولىمۇ ئۇسال ئىدى. ئەمما ئۇ كېيىن ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ئۆزىنى رۇسلاپ، كۈنسېرى يۇقىرى ئۆرلەشنى ئىشقا ئاشۇردى.

ئۇ ھەتتا 180 گرادۇس ئۆزگەردى. ئېغىزىدىن ھەرگىز ئۈمىدسىز، چۈشكۈن سۆزلەرنى چىقارمىدى. ئۈمىدۋار، كۈچلۈك ئېتىقادقا ئىگە، ئاكتىپ تەپەككۇردىكى گەپلەرنى قىلدى.

نەتىجىدە ئۇ ئىسپىرتتىن زەھەرلىنىش كېسىلىنى يېڭىپ، پوكەيدىكى ئادەتتىكى مۇلازىمەت ئورنىدىن تەدرىجىي دىرېكتورلۇققا كۆتۈرۈلۈپ، بەختلىك بىر مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىغا ئايلاندى.

ئۇ، كىشىگە قىلچە مەنپەئەت بەرمەيدىغان «ئەگەر ئۇنداق بولغان بولسا» دەيدىغان پاسسىپ گەپلەردىن قەتئىي ۋاز كېچىپ، «كېيىنكى قېتىمدا شۇنداق قىلىمەن» دېگەنگە ئوخشاش ئاكتىپ تىللارنى ئىشلىتىدىغان بولدى.

ياخشى ئوي، ياخشى نىيەت ھەرقانداق ئادەمنى كىن. بادافىدقا ئوخشاش بەختلىك قىلالايدۇ. ئەلۋەتتە، كىن بوينىدىكى قەرزلىرىنى ناھايىتى تېزلا قايتۇرۇۋەتتى. ھېلىقى يەتتە دانە بىر دوللارلىق پۇللارنىڭ بىرىنى ئەينەك رامكىغا ئېلىپ، ئىشخانىسىنىڭ تېمىغا ئېسىپ قويدى.

## سىزنى ئالغا باستۇرىدىغان ئىككى مۇھىم قائىدە

*كىشىلىك ھاياتنى مەغلۇبىيەت بىلەن ئۆتكۈزۈۋاتقان ياكى ئۆزىنىڭ نىشانىنى تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بولالمىغان كىشى، قانداق قىلغاندا تېخىمۇ زېرەك، ئۆتكۈر بولالايدۇ؟*

ئالغا باسماقچى ۋە يۇقىرى ئۆرلىمەكچى بولسىڭىز، مۇنداق مۇھىم ئىككى قائىدىگە دىققەت قىلىڭ.

ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر تۈرىنى دوستۇم جىموس.R ناپ بىر كۈنى كەچتە بىر يەردە تاماق يەۋېتىپ دەپ بەرگەن . ئۇ چاغدا بىز قانداق قىلغاندا خىزمەتلەرنى ئادەتتىكىدىن ياخشى ئىشلىگىلى، قانداق قىلغاندا ئادەم ئۆزىدىكى يوشۇرۇن ئىقتىدارنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ، دېگەن مەسىلىلەر ئۈستىدە پاراڭلاشتۇق.

جىم :

ــ ئىشلار ئوڭۇشلۇق بولمىغاندا، ئالدى بىلەن ئۆزىمىزنىڭ ھەرىكىتىنى ئۆزگەرتىشىمىز كېرەك، دېدى.

بۇ گەپ ناھايىتى توغرا ئېيتىلغان ئىدى. قەتئىي نىيەتكە كېلىپ ئۆزىمىزنىڭ قىلىۋاتقان خاتا ھەرىكىتىمىزنى توختىتىپ، دەرھال تۈزىتىشىمىز كېرەك. مۇشۇنداق قىلساق، تېخىمۇ يۇقىرى ئۆلچەمدىكى خىزمەتلەرنى ئىشلىيەلەيمىز

ئۇ ئارقىدىنلا مېنىڭ يېقىن دوستۇم مەشھۇر ساخاۋەتچى، قوشۇمچە نەشرىيات سودىگىرى .W كرىمىند. شىدۇنىڭ دائىم ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيدىغان «دەرھال ھەرىكەتكە كېلىش» دې-

گەننى ئوتتۇرىغا قويدى.

ناۋادا بۇ ئىككى تۈرلۈك قائىدىنى بىرلا ۋاقىتتا يولغا قويغاندا، ئۆزىمىزنى تېخىمۇ ياخشى ئۆزگەرتەلەيمىز.

مەن ھەمىشە پۇرسەتنى تەكىتلەيمەن. پۇرسەت ــ بارلىق شەرت ــ شارائىتلار ئۇيغۇن كەلگەن ياكى تۇيۇقسىز «ھەرىكەتنى تۈزىتىش» كېرەك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان ھېلىقى سىرلىق پەيتنى كۆرسىتىدۇ.

بىراق كىشىلىك ھاياتنى مەغلۇبىيەت بىلەن ئۆتكۈزۈۋاتقان ياكى ئۆزىنىڭ نىشانىنى تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بولالمىغان كىشى، قانداق قىلغاندا تېخىمۇ زېرەك، ئۆتكۈر بولالايدۇ، قانداق قىلغاندا تۇيۇقسىز «تۈزىتىش ھەرىكىتى»نى قوللىنىش پەيتىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلالايدۇ؟

زۆرۈر تېپىلغاندا، ئۆزىمىزمۇ توغرا پەيتلەرنى تېپىپ چىقالايمىز، ئەگەر ئۆزىمىزنى دەيدىكەنمىز، چوقۇم مۇمكىنچىلىك دائىرىسىدە توغرا تەپەككۇر قىلىشىمىز كېرەك. بۇنى پەقەت تەپەككۇر قىلىش، تەسەۋۋۇر قىلىش، تىلاۋەت قىلىش دېگەن تەرتىپلەر بىلەنلا ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. پەقەت ھەممە شەرتلەر ئۇيغۇن كېلىپ، ئۆزىمىز ئاساسىي يېتەكچى ھوقۇقنى ئىگىلىگەندىلا، كۆز ئالدىمىزدىكى دەقىقىلەرنى ئەڭ ئېسىل پۇرسەت دەپ بىلەلەيمىز.

# ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدىكى ئارزۇسىغا قايتىش

*مۇكەممەل كىشىلىك ھايات دېمەكلىك — كۆڭلىمىزنىڭ قېتىدا زەررىچە پۇشايمان قالمىغان كىشىلىك ھايات دېگەنلىكتۇر. سىز چوقۇم قەلبىڭىزدە ۋۇجۇدقا كەلگەن ئەنە شۇنداق ئارزۇلارنى قەدىرلەڭ!*

نۇرغۇن ئادەملەر ناھايىتى ياخشى خىزمەتلەرگە ئىگە بولغان تۇرۇقلۇق كۆڭلىدە يەنە باشقا ئىشلارنى قىلسام دەپ ئويلايدۇ. ئەمما مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بەزى زاتلار كىشىلىك ھاياتتىكى يېرىم يولدا تۇيۇقسىز كەسپىنى ئۆزگەرتىپ، يەنىلا ئىلگىرىكىدەك نەتىجە قازىنالايدۇ، بۇنداق ئىشلار ئادەمنى تولىمۇ ھەيران قالدۇرىدۇ.

ۋىليام. خىۋاد بۇنىڭ ئەڭ ياخشى مىسالى. بىز بۇ يەردە ئۇنىڭ يالغان ئىسمىنى ئىشلەتتۇق. چۈنكى ئۇ ناھايىتى مەشھۇر شەخس. مەن ئۇنىڭ ئىش ـ پائالىيەتلىرىنى خەلققە جاكارلاپ سالاھىيىتىنى ئاشكارىلاي دېسەم، شارائىت بۇنىڭغا يول قويمايدۇ.

ئۇ ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدە ئوتتۇرا غەربىي قىسمىدىكى كىچىك شەھەردە تۇرغان. ئۇ كىچىكىدە باسما زاۋۇتى بىلەن گېزىتنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتى. مەكتەپتىن يېنىپلا باسما زاۋۇتىغا ئىشچىلارنىڭ گېزىت باسقىنىنى كۆرۈشكە باراتتى. ئۇ قوشۇمچە گېزىت توشۇش خىزمىتىنى ئىشلىدى. ھەر كۈنى ئەمدىلا باسمىدىن چىققان كەچلىك گېزىتنى كۆتۈرۈپ زاۋۇتتىن

چىققاندا، يۈرەكلىرى خۇشاللىقتىن تىپچەكلەپ كېتەتتى. ئۇ ئۆزىگە پىششىق ھەرىكەتلەر بىلەن كەچلىك گېزىتنى مۇشتەرىلەرنىڭ ئىشىكىدىن كىرگۈزۈۋېتىپ، كۆڭلىدە كەلگۈسىدە چوڭ گېزىتلەرنىڭ مۇخبىرى ياكى يەرلىك گېزىتنىڭ باش مۇھەررىرى بولسام دېگەن تاتلىق خىياللار بىلەن قايتىپ كېلەتتى.

ئۇ قولىغا يۇقۇپ قالغان گېزىتنىڭ باسمىدىكى مېيىنى ھەر قانچە قىلىپمۇ چىقىرىۋېتەلمىدى.

ئۇنىڭ دادىسى ئۇنىڭدىن تولىمۇ چوڭ ئارزۇلارنى كۈتەتتى، ئۇنىڭ باشقا كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. گەرچە دادىسى ئۇنى زورلىمىسىمۇ، ئەمما ئۇ دادىسىنىڭ ئۆزىدىن نېمىلەرنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا ئۇ ئۆزىنى گېزىت چىقىرىش بىلەن تامامەن ئوخشىمايدىغان باشقا ساھەگە ئاتتى.

ۋىلىيام. خىۋادىنىڭ خىزمەتتە ئىپادىسى ئىنتايىن ياخشى بولۇپ، ئۇ ئاشۇ ساھەدە مەشھۇر زاتقا ئايلىنىپ، ئاتا ــ ئانىسىنىڭ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنى شۇ ساھەنىڭ ئەھلى ئىكەن دەپ قاراشتى، كۆپ يىللاردىن بېرى ئۇ ئاشۇ ساھەدە ئالدىنقى ئورۇننى بەرمەي كەلدى.

ئۇ يېشىنىڭ ئۇلغىيىشىغا ئەگىشىپ، گەرچە زور شان ــ شەرەپلەرگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا گېزىتتىن ئىبارەت شېرىن ئارزۇسىدىن ۋاز كېچەلمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ قەلبىدە ھەر نېمە قىلىپمۇ ئۆچۈرۈۋەتكىلى بولمايدىغان قىپقىزىل چوغنىڭ يوشۇرۇنۇپ ياتقانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى.

دېمەك، ئۇنىڭ قەلبىدە نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىغا نىسبەتەن توسۇۋالغىلى بولمايدىغان بىر مۇھەببەت يالقۇنجايتتى. ئارىدىن خېلى يىللار ئۆتكەن بولسىمۇ، باسمىدىكى ھېلىقى گېزىتنىڭ

دېگى ئۇنىڭ ئالقىنىدىن تېخىچىلا ئۆچمىگەنىدى.

ئارىدىن ئۇزۇن يىللار ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ ئۆزى داۋاملىق ئويلاپ كېلىۋاتقان ئىشلىرىدا يەنە نېمە ئەھمىيەت بولسۇن؟ ئۆزى تىرىشىپ بەرپا قىلغان، پارلاق نەتىجىلەرنى ياراتقان ساھەدىن ۋاز كېچىپ، ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدىكى شېرىن ئارزۇ قوينىغا قايتىپ ئۇنى ئىشقا ئاشۇرسۇنمۇ؟

ئۇ قولىدىكى داغدىن كۆزىنى ئۈزمەيتتى، قوللىرىمۇ ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدىكى قوللارغا ئوخشمايتتى، قولىنىڭ بوغۇملىرىمۇ ئاز ـ تولا كۆپۈشۈپ قالغاندەك بىلىنەتتى. ئەمما باسمىدىكى ھېلىقى گېزىت دېگى يوقالمىغانىدى. دېمەك، ئۇنىڭغا دەسلەپتە تۇتاشقان ئوت تاكى بۈگۈنگە قەدەر ئۇنىڭ يۈرىكىدىن ئۆچمىگەنىدى.

ئۇ مۇشۇ ئىش ئۈچۈن بىرنەچچە ئاي ئارىسالدى بولۇپ يۈردى.

ئۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئارزۇسىنى قانائەت تاپقۇزغانىدى. ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئالەمدىن ئۆتكىنىگىمۇ خېلى يىللار بولۇپ كەتكەنىدى. يەنە نېمە ئارىسالدى بولۇپ يۈرسۇن؟ بىر كۈنى كەچتە، ئۇ ئۆزىنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى قەدىمكى دەرەخلىكتە كېتىۋېتىپ، ئەڭ ئاخىرقى قارارىنى چىقاردى.

ئۇ ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدىكى ئارزۇسىغا قايتتى. ئۇ كەسپىنى ئۆزگەرتتى. غايىبانە ئاۋاز ئۇنىڭغا ئاستا پىچىرلاپ: «دەرھال ھەرىكەت قىل!» دەپ، ئۇنى ھازىرقى كەسپىنى تاشلاپ، يېڭى نىشانغا قاراپ ئىلگىرىلەشكە دەۋەت قىلدى.

ۋىلىيام. خىۋاد گېزىتچىلىك ساھەسىگە قەدەم بېسىپ بەختكە مۇيەسسەر بولدى. بۇ ئۇنىڭ ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدىلا ئارزۇ قىلغان بەختى ئىدى.

ئادەملەر بۇ دۇنيادا ھەقىقىي ئۆزىنى بايقاش ھوقۇقىنى ھازىرلىشى كېرەك.

مەسىلەن: سىز كۆپ يىللاردىن بېرى مىلىچمال دۇكىنىدا تىجارەت قىلىۋاتىسىز، ئەمما سىزنىڭ ھەقىقىي شۇغۇللانماقچى بولغان كەسپىڭىز مۇزىكا. نىشانىنى ئۆزگەرتىشنى سىناق قىلىپ باقسىڭىز قانداق بولار؟

ياكى سىز ھازىر مۇزىكا كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىۋېتىپمۇ كۆڭلىڭىزدە مىلىچمال دۇكىنىدا تىجارەت قىلغان بولسام دەپ ئويلامسىز. ئېسىڭىزدە بولسۇن، سىز ئارزۇيىڭىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ۋە ئۆزىڭىزنى بايقاش ھوقۇقىغا ئىگىسىز!

مۇكەممەل كىشىلىك ھايات دېگەنلىك ـ كۆڭلىمىزنىڭ قېتىدا. زەررىچە پۇشايمان قالمىغان كىشىلىك ھايات دېگەنلىكتۇر. سىز چوقۇم قەلبىڭىزدە ۋۇجۇدقا كەلگەن ئەنە شۇنداق ئارزۇلارنى قەدىرلەڭ! ھەم ئەنە شۇنداق ئارزۇلارغا مەسئۇل بولۇڭ!

## باشقىلارنى سۆيۈش — ناتىقلارنىڭ مەخپىيىتى

*ئەڭ مۇھىمى ئۆزىنى بايقاش، ئۆزىنى چۈشىنىش، ئۆزىگە ئىشىنىش، خىزمەتكە پۈتۈن نىيەت، پۈتۈن مەقسەت بىلەن كىرىشى. شۇندىلا كىشىلىك ھايات خۇددى سىز ئويلىغاندەك پارلاق نۇر چاچىدۇ.*

مېنىڭ بىر نەۋرە ئىنىم فىلىپ. ھىنداسىن بىر مائارىپچى بولۇش سۈپىتىدە مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. ئۇ مونتى. خىريوكدا ئۇزۇن يىل مۇئاۋىن مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ، بۇ يەردىن ئوھىئو شتاتىدىكى غەربىي قىسىم قىزلار ئۇنىۋېرسىتېتىدا مۇدىر-لىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەشكە ئالماشتى.

ئۇنىڭ دادىسى خىشىر. ھىنداسىن مېنىڭ چوڭ دادام بولىدۇ، ئۇ بىناكارلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىپلا قالماي، پۇل مۇئامىلە كەسپى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىدۇ ھەم بانكىر، ھەم دېھقان-چىلىق مەيدانىنىڭ خوجايىنى، ئۇ ئىنتايىن باي بولۇپ، ئوھىئو شتاتىدا رەھبەرلىك ئورنىغا ئىگە كارخانىچى، ئۇ چوڭ ئوغلى فىلىپنىڭ ئۆزىنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىشىنى ناھايىتى ئۈمىد قىلاتتى. ئەمما فىلىپ دادىسىغا ئوخشىمايدىغان باشقىلا بىر ئادەم بولۇپ چىقتى.

ئۇ ئالىم، مۇتەپەككۇر، قوشۇمچە ئوقۇتقۇچى، ئۇ مۇشۇ خىزمەتتىن خاتىرجەملىككە ۋە بەختكە، شۇنداقلا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى. ئۇنىڭ ئىنىسى خىۋاد دادىسىنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ ئىنتايىن مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. بۇ ئاكا ـ ئىنىنىڭ بىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ماتارىپ جەھەتتە، يەنە بىر سودا ئىشلىرىدا، ئوخشىمىغان ساھەدە ئۆزىنى بايقىدى.

بىر كۈنى كەچتە، فىلىپ مېنىڭ شىشىنات زالىدا ئۆتكۈزۈلگەن نۇتۇقۇمنى ئاڭلاشقا كەلدى. نۇتۇق تۈگىگەندىن كېيىن بىز بىر تېز تاماقخانىغا كىرىپ، بىردەم گوڭۇر ـ موڭۇر پاراڭلاشتۇق. مەن تاكى ھازىرغا كەلگىچە ئەينى ۋاقىتتىكى ئاشۇ پاراڭلارنى ئۇنتۇمىدىم.

فىلىپ:

— رومان، سىز چوقۇم ناھايىتى مەمنۇن بولدىڭىز، چۈنكى سىز نۇتۇق سۆزلەشنىڭ ئالدى ـ كەينىدە بەك كۆپ كىشىلەر چاۋاك چېلىپ سىزنى قىزغىن ئالقىشلىدى. ھەممە كىشى سىزنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدۇ. سىزنى قالتىس ئادەم دەپ قارايدۇ. ئەمما سىز تۇغۇلۇپلا تونۇشقان مېنى بىلىشنى خالامسىز؟ مېنىڭ سىزنىڭ بۈگۈن كەچتىكى نۇتۇقىڭىزغا قانداق قارايدىغانلىقىمنى بىلگىڭىز بارمۇ؟ دېدى.

ئۇ تۈز، سەمىمىي ئىدى. مەن چوقۇم ئېغىر تەنقىد ئاڭلايدىغانلىقىمنى بىلەتتىم.

— مېنىڭچە سىز بۈگۈنكى نۇتۇقىڭىزدا ئۆزىڭىزنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى ئىپادىيەلمىدىڭىز. سىز ئادەملەردىكى ھورۇنلۇقنى سۆزلىگەندەك قىلدىڭىز ـ يۇ، ئەمما ئەمەلىيەتتە نۇتۇقىڭىزنى تۈگىتىشكە ئالدىراپ كەتتىڭىز. سىز راستىنلا نۇتۇق سۆزلەشنى ياخشى كۆرەمسىز؟ مەن سىزنىڭ نۇتۇقنى چىن دىلىڭىز بىلەن سۆزلىگەنلىكىڭىزنى بىلىمەن ھەم سىزنىڭ گېپىڭىزگە ئىشىنىمەن. ئەمما سەمىمىي، چىن، ئادەمنىڭ يۈرىكىنى تىترىتىدىغان گەپلەر ئىچ ـ ئىچىڭىزدىن ئۇرغۇپ چىقمىسا، قىزغىنلىقنى ئىپادىلەشكە ئامالسىز قالىسىز.

ئۇ ناھايىتى توغرا كۆزەتكەنىدى. مەن ھەر قېتىم ئۆزۈمدىكى كۈچلۈك ئىشەنچ، ئاكتىپ تەپەككۇرنى كىشىلەرگە تولۇق بىر يەتكۈزەي دەپ، نۇتۇق سۆزلىگەندە شۇنچىلىك كۈچەپ قىينىلىپ كېتىمەن. ماقالە يازغان بولساممۇ بۇنچىلىك كۆپ كۈچ سەرپ قىلماي، بۇنىڭدىن ئېسىلراق يېزىۋەتكەن بولاتتىم.

مېنىڭچە، نۇتۇق سۆزلەشكە ھەقىقەتەن ناھايىتى كۆپ كۈچ سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنى قىلىپ سەزگەن.

مەن مېنى مۇشۇنداق ھەقىقىي ياخشى كۆرىدىغان، مېنى ياخشى بولسۇن دەپ ماگا شۇنچىلىك قاتتىق تەلەپ قويىدىغان تۇغقىنىمنىڭ بارلىقىدىن تولىمۇ خۇشال. مەن قېرىنداش بىر نەۋرە ئىنىمنىڭ شۇ چاغدا دېگەن گېپىنى ئۆمۈر بويى ئۇنتالمايمەن.

ئۇ ماگا، بىر مۇنەۋۋەر ناتىق بولۇش ئۈچۈن چوقۇم باشقىلارنى سۆيۈك، چوقۇم نۇتۇق سۆزلەشنى ئانچە قىزغىن سۆيمەيدىغان روھىي ھالىتىڭىزنى داۋالاڭ، دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن مەن نۇتۇق سۆزلەشتە تېخىمۇ ئاكتىپ پوزىتسىيە قوللاندىم، مەن شۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ بەختلىك بولۇپ كەتتىم.

سىز ھازىر شۇغۇللىنىۋاتقان خىزمىتىڭىزنى ئىنتايىن مۇھىم دەپ سۆيەمسىز. خىزمەتكە نىسبەتەن مۇھەببەت بولسىلا قىزغىنلىقىڭىز ئاشىدۇ، بۇلارنى ئىشقا ئاشۇرالىسىڭىز، چوقۇم ياخشى جاۋابقا ئېرىشەلەيسىز.

«ھاياتنى سۆيۈك، ئۇمىد سىزنى قۇرۇق قايتۇرمايدۇ» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ.

مەن سىزنىڭ دوستىڭىز بولۇش سۈپىتىم بىلەن، سىزگە مۇنداق بىر مەسلىھەت بېرەي : ئەگەر سىزنىڭ خىزمەتكە قىزغىنلىقىڭىز بولمىسا، دەرھال پۈتۈن كۈچىڭىز بىلەن خىزمەتكە

www.uyghurkitap.com

ئاتلىنىڭ. خىزمەتنى قانچە بېرىلىپ ئىشلىسىڭىز، ۋۇجۇدىڭىزدا يوشۇرۇنۇپ ياتقان بەخت تۇيغۇسى قېنىڭىزدىن كەلكۈندەك شۇنچە تېشىپ تۇرىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، ئەڭ مۇھىمى ئۆزىنى بايقاش، ئۆزىنى چۈشىنىش، ئۆزىگە ئىشىنىش، خىزمەتكە پۈتۈن نىيەت، پۈتۈن مەقسەت بىلەن كىرىشىش . شۇنداق قىلسىڭىزلا كىشىلىك ھايات خۇددى سىز ئويلىغاندەك پارلاق نۇر چاچىدۇ.

# هاياتتا بەختنى ئەڭ كۈچلۈك ھېس قىلغان ۋاقىتلار

*ئۇ ئەل ئاغىنىلىرگە جان ـ دىل بىلەن كۆيەتتى، باشقا ئاغىنىلەرمۇ ئۇنى ئارىمىزدىكى ئەڭ سەمىمىي كىشى دەپ قارايتتى. ئۇ ئۆلۈپ كەتتى، ئەمما مەن ئۇنى ھەرگىز ئۇنۇتمايمەن.*

مەن بەختنى ئەڭ كۈچلۈك ھېس قىلغان ۋاقىتلىرىمنى ئەسلەپ باقسام، باشقىلار ماڭا سەمىمىي مۇئامىلىدە بولغان ۋە ئۆزۈمنىڭمۇ باشقىلارغا يېقىملىق مۇئامىلە قىلغان ۋاقىتلىرىم ئەكەن. بۇ مېنىڭ ھاياتتىن يەكۈنلەپ چىققان خۇلاسەم.

ئۆزۈمنىڭ باشقىلارغا سەمىمىي مۇئامىلە قىلغان ۋە باشقىلارنىڭمۇ ماڭا سەمىمىي مۇئامىلىدە بولغانلىقىدەك ئىشلارنى ئەسلىسەم، گەرچە ئۆتكەن ئىشلار بولسىمۇ، ئەمما كىشىگە چەكسىز ئىللىقلىق ئاتا قىلىدۇ. سىزنىڭمۇ شۇنداق قاراشتا بولۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

مەن ئاپام تۇگەپ كەتكەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىغان چاغدىكى ئاشۇ ئىشلارنى مەڭگۈ ئۇنتۇپ كېتەلمەيمەن. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپلا روھىم سۇلۇپ، دېمىم ئىچىمگە چۈشۈپ كەتتى. ئاشۇ كۈنى كەچتە بېكى دېڭىز ياقىسىدىكى بىر شەھەردە ئۆتكۈزۈلدىغان نۇتۇق سۆزلەش پائالىيىتىنى بىكار قىلماقچىمۇ بولدۇم. بىراق ئاپامنىڭ بىزگە تەربىيە بېرىپ ھەرقانداق ۋاقىتتا چوقۇم ئۆز مەجبۇرىيىتىڭنى ئادا قىل، دېگەن جاراڭلىق خىتابىنى يادىمغا ئېلىپ، ئۇن ـ تىنسىز پويىزغا چىقىپ، شۇ شەھەرگە يۈرۈپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كەتتىم . مەن پويىز دېرىزىسىدىن سىرتتىكى مەنزىرىلەرگە ئۇزمەي قارايتتىم، ئىچىمدە ئاپام بىلەن بىرگە تۇرمۇش كەچۈرگەن چاغلارنى بىرمۇبىر كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەتتىم. تۇيۇقسىز بىرەيلەن دولامغا ئۇردى، ئۇ كونا ئاغىنەم مەيرون.روبسون پولكاۋنىك ئىكەن.

— نەگە ماڭدىڭىز؟ دەپ سورىدىممەن ئۇنىڭدىن.

— دوستلار بىلەن ئۆتكۈزۈلىدىغان كاۋاپ يېيىش يىغىلىشىغا، دەپ جاۋاب بەردى ئۇ يېنىمغا كېلىپ ئولتۇرۇپ. ئۇ چاغدا ئۇ شتات باشلىقىنىڭ يېنىدا خىزمەت قىلىۋاتاتتى.

ئۇ مېنىڭ روھىي ھالىتىمنىڭ تازا جايىدا ئەمەسلىكىنى سېزىپ، ماڭا كۆڭۈل بۆلۈپ:

— نېمە بولدىڭىز ؟ مىجەزىڭىز يوقمۇ؟ دەپ سورىدى.

مەن ئاپامنىڭ تۈگەپ كەتكەنلىكىنى چۈشەندۈردۈم. ئۇ قولىنى تىزىمغا قويۇپ، بىر ھازا شۈككىدە ئولتۇرۇپ كەتتى. پويىز مەن بارماقچى بولغان شەھەرگە يېتىپ كەلگەندە ئۇمۇ مەن بىلەن بىرگە چۈشۈپ قالدى. بۇنىڭدىن مەن ناھايىتى ئەجەبلەندىم .

— راست گەپنى قىلسام مەن كاۋاپنى تازا ياخشى كۆرمەيمەن. مۇمكىن بولسا سىزنىڭ نۇتۇقىڭىزنى ئاڭلاي دەپ چۈشەندۈردى ئۇ.

مەيرون ماڭا بىر كۈن ھەمراھ بولدى.

بىز نيۇيوركقا قايتىدىغان بوئىن ماشىنا بېكىتىگە كەلگەندە ئۇ:

— مەن سىزگە مۇشۇ يەردە خوش دەي، ئىلگىرى مەن كۆپ قېتىم باش قېتىنچىلىقىغا ئۇچرىغاندا جىق ياردەم قىلغان ئىدىڭىز. مەن سىزنى ناھايىتى ياخشى كۆرىمەن. مەن سىزنىڭ

ھازىرقى ھالىتىڭىزنىمۇ چۈشىنىمەن، ــ دېدى ئۇ ئاستا دولامغا ئۇرۇپ قويۇپ. ئۇ كەتتى، بۇ چاغدا مەن ئۇنىڭ كۆزىگە لىققىدە ياش ئالغانلىقىنى سەزدىم .

يەنە بىرنەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن ، مەيرون.روبسون:

— گەپىنىڭ راستىنى ئېيتسام، ھەر قېتىم سىز بىلەن بىرگە ئۆتكۈزگەن ئاشۇ كۈنلەرنى ئويلىسام ئۆزۈمنى تولىمۇ بەختلىك ھېس قىلىمەن، دېدى.

ئۇ ئەل ـ ئاغىنىلىرىگە جان ـ دىل بىلەن كۆيەتتى. باشقا ئاغىنىلەرمۇ ئۇنى ئارىمىزدىكى ئەڭ سەممىي كىشى دەپ قارايت- تى. بۇنىڭدىن ئۇ تولىمۇ خۇشاللىق ھېس قىلاتتى.

ئۇ ئۆلۈپ كەتتى، ئەمما مەن ئۇنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمەن. ئۇ غەمخورلۇق ھېسابىغا دوستلارغا خاتىرجەملىك ۋە تەسەللى ئاتا قىلغان ئىدى.

قايغۇ ئىچىدىمۇ ئەلۋەتتە بەختىنىڭ تەمىنى تېتىغىلى بولى- دۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئېرىق ئىچىدىن تېرىۋالغان بەخت

*ئاۋادا باشقىلارغا ياردەم بېرىش بەخت ئېلىپ كېلىدۇ دېيىلسە، ئۇنداقتا باشقىلارغا قىلىنغان سەمىمىي مۇئامىلە سىزنى تېخىمۇ زور بەختكە نائىل قىلىدۇ. ھەر ۋاقىت سەمىمىي مۇئامىلىدە بولۇش، بەختنى تۇتۇپ تۇرالايدۇ، بۇ نۇقتىنى سەزگەن كىشى تولىمۇ تەلەيلىك كىشىدۇر.*

مەن مۇشۇ بابنى يېزىۋاتقاندا، ئايالىم لوس بىلەن شاڭگاڭغا كەلگەن ئىدىم. بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدا، بىز قىستاڭ تىك، تار يولدا كېتىۋېتىپ، تۇيۇقسىز مۇدۇرۇپ كەتتۇق. مەن مېنىڭ بىلەن مۇدۇرىشىپ كېتىپ بارغان لوسنىمۇ تارتىپ يىقىتىۋەتتىم، كىشىلەر يۈگۈرۈپ كېلىپ بىزنى ئورنىۋېلىشتى. ئەمما بىرەرسىمۇ قولىنى سۇنۇپ يۆلەپ قويماي دېمىدى.

بۇ چاغدا مەن بىر جۇڭگولۇق قىزچاقنىڭ ئىنتايىن راۋان ئىنگلىز تىلىدا:

— مەن ياردەملىشەي دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. ئۇ ئورۇق، ۋىجىك كەلگەن بولۇپ، يېقىملىق سۆزلەيتتى. ئۇ بىزنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ، تىك پەلەمپەيدىن چۈشۈرۈپ قويماي، دېدى.

بىز ئۇنىڭغا، بولدى ئۆزىمىز چۈشىمىز، رەھمەت، دېدۇق.
ئۇنىڭ كۆڭلى ئەمىن تاپقاندىن كېيىنلا بوپتۇ ئەمسە، دېدى.

مەن:

— كۆڭلىڭىزگە رەھمەت، دەپ ھەشقاللا ئېيتتىم. ئۇ:

— ياردەم قىلغا ن بولسام ياخشى بولاتتى، دېدى. ئۇنىڭ

شۇ تاپتا گەپ قىلىۋاتقاندىكى چىراي ئىپادىسىدىن راستىنلا بەخت تۇيغۇسىغا چۆمگەنلىكى چىقىپ تۇراتتى.

ناۋادا باشقىلارغا ياردەم بېرىش بەخت ئېلىپ كېلىدۇ دې-يىلسە، ئۇنداقتا باشقىلارغا قىلىنغان سەممىي مۇئامىلە سىزنى تېخىمۇ زور بەختكە نائىل قىلىدۇ. ھەممە ۋاقىت سەممىي مۇئامىلىدە بولۇش، بەختنى تۇتۇپ تۇرالايدۇ، بۇ نۇقتىنى سەز-گەن كىشى تولىمۇ تەلەيلىك.

ناھايىتى قىزىق، مەن بىر ناتونۇش كىشىگە كىشىلىك ھاياتنىڭ بەخت يولىنى ئېچىپ بېرىپ، ئاز بولسىمۇ بىر ساۋاپقا ئېرىشتىم. بۇ قېتىم نيۇيورك كوچىسىدا كېتىۋېتىپمۇ يىقىلىپ چۈشتۈم. ئۇدا بىرنەچچە كۈندىكى سوغۇقنىڭ تەسىرىدىن، يوللار بىر قەۋەت قېلىن ئەينەكتەك مۇز تۇتۇپ كەتكەن ئىدى.

مەن ھەر كۈنى 4، 5 كىلومېتىر پىيادە يول ماڭىمەن، بۈگۈن بەشىنچى كوچىدىكى ئىشخانامغا كېتىۋېتىپ، ئەينەكتەك مۇز تۇتۇپ كەتكەن تۆت كوچا ئېغىزىدىن تېز ئۆتىمەن دەپ، ئېرىققا چۈشۈپ كېتىپ ھاۋا تاپان بولۇپ قالدىم. بۇ چاغدىكى ھالىم تولىمۇ ئېچىنىشلىق ئىدى.

بۇ چاغدا، بېشىغا مويلۇق قۇلاقچا، ئۇچىسىغا خۇرۇم پەلتو كىيگەن بىر ياش قولۇمدىن تارتىپ، مېنى پىيادىلەر يولىغا چىقىرىپ قويدى. ئۇ ئەنسىرىگەن ھالدا مەندىن، بىر يېرىڭىز قايرىلىپ كەتمىگەندۇ؟ دەپ سورىدى. ئۇ مېنىڭ ھېچنېمە بول-مىغانلىقىمنى بىلىپ، ئاندىن مەن بىلەن بىرگە ماڭدى.

يەنە بىر تۆت كوچا ئېغىزىغا كەلسەك، ئۇ يەرمۇ قېلىن مۇز تۇتۇپ ياقىراپ كېتىپتۇ، ھېلىقى ياش مېنىڭ بىلىكىمدىن تۇتۇپ تىنچ ــ ئامان ئۆتكۈزۈپ قويدى.

ئۇ ماڭا:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— سىز بەك تونۇشلىغۇ، ئىسمىڭىزنى سورىسام بولامدۇ؟، دېدى.

مەن ئىسمىمنى دەپ بەرسەم، ئۇ كۈلۈپ كېتىپ :

— مەن ئەل ـ ئاغىنىلىرىمگە ئىرىق ئىچىدىن رومان. پېپىرنى تېپىۋالدىم، دەپ بېرىمەن، دېدى.

كېيىن بۇ ئىشلار ماڭا نىسبەتەن ئۇنتۇلماس ئەسلىمە بولۇپ قالدى.

## «بەختلىك ئىشلارنى ئويلىغان ئادەم ئەڭ بەختلىكتۇر»

*ئەگەر ئۆزىمىزنىڭ تىرناق ئاستىدىن كىر ئىزدىشكە، كەلسە - كەلمەس ئاچچىقلىنىشىغا يول قويساق، ئاق كۆڭۈللۈك ۋە كەڭ قورساقلىققا پەرۋاسىز مۇئامىلىدە بولساق، بەختسىز بولۇپ قالىمىز.*

مەشھۇر ئىنگلىز تىلى ئالىمى، يالې ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى ۋىلىيام. رەن. فىرپوس دائىم مۇنداق دەيدۇ: «بەختلىك ئىشلارنى ئويلىغان ئادەم ئەڭ بەختلىكتۇر.»

ئادەمنىڭ بەختلىك ياكى بەختسىز بولۇپ قېلىشى شۇ كىشىنىڭ نىيىتىگە باغلىق. بۇ بىر پاكىت. بىز ئۆزىمىزنىڭ تەپەككۇر شەكلى بويىچە تەپەككۇر قىلىمىز، شۇنداقلا ئۆزىمىزنىڭ تەپەككۇر دۇنياسىدا ياشايمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەڭگۈ بەختكە ئېرىشمەن دەيدىكەنمىز، چوقۇم تىرىشىپ بەختلىك تەپەككۇرنى ساقلاپ قېلىشىمىز كېرەك.

ئەگەر ئۆزىمىزنىڭ تىرناق ئاستىدىن كىر ئىزدىشكە، كەلسە - كەلمەس ئاچچىقلىنىشىغا يول قويساق، ئاق كۆڭۈللۈك ۋە كەڭ قورساقلىققا پەرۋاسىز مۇئامىلىدە بولساق، بەختسىز بولۇپ قالىمىز.

بىرنەچچە يىلنىڭ ئالدىدا، شاڭگاڭ مېھمانخانىسىدىكى لىفتتە بىرەيلەن مېنى چاقىرىپ:

— سىز رومان.پېيىر ئەپەندى بولامسىز؟ دېدى. مەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھەئە، دەپ جاۋاب بېرىشىمگە ،ئۇ ئۆزىنىڭ شەخسىي مەسىلىلىرى توغرىسىدا مەسلىھەت سورىماقچى ئىكەنلىكىنى، مەلۇم بىر ۋاقىتنى كېلىشىپ مەن بىلەن كۆرۈشۈشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئىككى كۈندىن كېيىن كۆرۈشكەندە، ئۇ ئۆزىنىڭ ئامېرىكا باش شىركىتىنىڭ يىراق شەرق شۆبە شىركىتىگە ئەۋەتكەن دىرېكتورى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇنىڭ كەسپىي ئورنى ئىنتايىن ياخشى بولغاچقا، بەختلىك بولۇشى كېرەك ئىدى . ئەمەلىيەتتە بەختسىز ئىكەن، ئۇ ئۆزىنى ئىنتايىن بىتەلەي دەپ قارايدىكەن، شۇڭا مەندىن ئۆزىگە ئاز ـ تولا ياردەم بېرىشىمنى ئۆتۈندى. ئۇ ئاكتىپ تەپەككۇر قىلىدىغان كىشىگە ئايلىنىپ، بەختلىك ياشاشنى ئويلايدىكەن.

مەن ئۇنىڭ نېمىلەرنى ئويلايدىغانلىقىنى بىلمەكچى بولۇپ، ئۇنى كۆپرەك پاراڭ قىلغۇزماقچى بولدۇم. مەن بەخت بىلەن بەختسىزلىكنى شۇ كىشىنىڭ نىيەت ئىقبالى بەلگىلەيدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتىم. سۆھبەت جەريانىدا، مەن ئۇنىڭ نۇرغۇن ئادەملەردىن بىزار ئىكەنلىكىنى، گۇرۇھ ۋە شىركەتتىنمۇ بىزار ئىكەنلىكىنى سەزدىم. ئەمما ئۇنىڭ بىزار بولغان ئادەملەر بىلەن ھېچقانداق شەخسىي ئالاقىسى يوق ئىكەن، ئۇ بىزار بولغان شىركەت بىلەنمۇ باردى ـ كەلدى قىلمايدىكەن، بۇ ئاساسلىقى ئۇنىڭ شەخسىي تۇيغۇسى ئىكەن.

مەسىلەن: ئۇ بىرنەچچە دوكاننىڭ خوجايىنىنى «كىبىرى بار ئادەم» دەپ ئىنتايىن ئۆچلۈك قىلىدىكەن. مەن ئۇنىڭدىن ئادەملەرنى تونۇيدىغان ـ تونۇمايدىغانلىقىنى سورىسام، ئۇ نىڭ ھەتتا ئىسمىنىمۇ بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئۇ يەنە «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى»نى قەتئىي كۆرمەيدى-

غانلىقىنى، بۇ گېزىتتە دائىم ئۆز قاراشلىرىنى ئېلان قىلىپ تۇرىدىغان كىشىلەرنىمۇ ناھايىتى يامان كۆرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئەپسۇسكى ئۇ ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى تونۇمايدىكەن. ئۇ مانا مۇشۇنداق تەپرەتلىنىش، بىزار بولۇش تۇيغۇسى بىلەنلا بەختسىز بولۇپ قاپتۇ. مەيلى نېمىلا دېمەيلى، بۇلارنىڭ ھەممىسى نامۇۋاپىق ھېسسىياتلار.

www.uyghurkitap.com

# ئادەم ئۆزىنى بەختلىك قىلىشى كېرەك

***ئىلاھىنىڭ ئىرادىسى بويىچە ئىنسانىيەت بەختكە ئېھتىياجلىق بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۆزىنى ئۆزى بەختلىك قىلىشنى بىلىشى كېرەك. بۇمۇ ئوخشاشلا ئىلاھىنىڭ ئىرادىسى.***

ئۇ ئاشۇ خىل پاسسىپ پوزىتسىيىنى ئىپادىلىگەندە، قارىماققا ئۆزىدىنمۇ بىزار بولغاندەك كۆرۈنەتتى. مەن شۇنى سەزدىمكى، ئۇ ئاشۇ خاراكتېرى بىلەن باشقىلار بىلەن ئۆز باش قېتىنچىلىقى توغرىسىدا پاراڭلاشقاندا ئۇلارغا ھەتتا مېنىڭمۇ يامان گېپىمنى قىلىپ بېرىشتىن يانمايدىكەن.

ئۇنىڭ ھېسسىياتى قالايمىقانلىشىپ، ئىنتايىن ھەسەتخور، تىرناق ئاستىدىن كىر ئىزدەيدىغان بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭدا كىشىلەرنى چۈشىنەي، ئۇلارغا كۆيۈنەي ۋە ئۇلارنى ئىززەت قىلاي دېگەن نىيەت يوق ئىكەن. مەن ئۇنىڭغا تەكلىپ بېرىپ، ئۆزىنىڭ يامان ئويلىرىدىن ۋاز كېچىپ، باشقىلارنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشنى ۋە باشقىلارنى ھۆرمەت قىلىشنى، دائىم باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى كۆرۈشنى، ئۆزىنى تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بېرىشنى، كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى پوزىتسىيىسىنى ئۆزگ[...] شنى ئېيتتىم. شۇنداق قىلغاندىلا، باشقىلارغا ھۆرمەت ق[...] ەلبتە بەخت تۇيغۇسىنى ئويغاتقىلى بولاتتى.

ئۇ ئۆزىنىڭ ھەقىقەتەن ناھايىت [...] لىكىنى سەزدى، شۇنداق بولغاچقا ئۇنىڭغ[...] ئۇسۇللار بىلەن تەكلىپ بەرسەك، ئۇ د[...] يدۇ. مەن ئۇنىڭغا، تۆۋەندىكى شەكىللەر [...] قارىشىنى

ئۆزگەرتسڭىز، ھەقىقەتەن ئۇنۇمىنى كۆرىسىز، دەپ تەكلىپ بەردىم:

1. كىچىك دوكانىنىڭ خوجايىنىنىڭ ۋە «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى»نىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى تېپىپ چىقىڭ. ئەڭ بىزار بولغان شىركەتنىڭمۇ ئارتۇقچىلىقىنى تېپىپ چىقىڭ، ئارتۇقچىلىقلىرىدىن باشقا ھېچنېمىنى تىلغا ئالماڭ.

2. بەزى كىشىلەردىن سەۋەبسىزلا بىزار بولۇپ قالغاندا، ئاشۇ كىشىلەرنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى كۆرۈڭ، چۈنكى ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئارتۇقچىلىقى بولىدۇ.

3. خەيرلىك ئىشلارنى ئىمكان بار كۆپرەك تەپەككۇر قىلىڭ، بۇرۇنقىدەك ھە دېگەندىلا ئېغىزدىن نەپرەتلىك گەپلەرنى چىقىرىدىغان ئادەتنى تۈگىتىڭ.

4. كۆڭلىڭىزدە ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى قىلىڭ، ئۇلارغا كۆيۈنۈڭ ۋە خەيرخاھلىق قىلىڭ.

5. ئۆزىڭىزنىڭ تەپەككۇر شەكلىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق روھىڭىزنى داۋالىيالايدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىڭ، كۆكسى ـ قارنى كەڭ، مۇلايىم، كىشىلەرگە كۆيۈنىدىغان بولۇڭ.

كېيىنكى بىرنەچچە يىل ئىچىدە، ئۇ ماڭا ئۆزى ئېيتقان «خاراكتېرنى ئۆزگەرتىش»نىڭ ئېلىپ بېرىلىش ئەھۋالىنى ئۇزۇلدۇرمەي دوكلات قىلىپ تۇردى. ئۇ ئۆزىنى ئۆزگەرتىشنى ناھايىتى سەممىي ساداقەت بىلەن ئېلىپ بېرىۋاتاتتى.

ئۇ ماڭا يېقىندا يازغان بىر پارچە خېتىدە مۇنداق دەپتۇ:

«مەن ھازىر شىياڭگاڭدا، سىز بىلەن كۆرۈشكەن چاغدىكىگە تامامەن ئوخشىمايمەن. مەن ئاخىرى ھەقىقىي بەختنى بايقاشقا باشلىدىم.»

مېنىڭچە، ئۇنىڭ ئاخىرقى بىر ئېغىز گېپى ھەقىقەتەن كىشىنى خۇشال قىلىدىغان خۇشخەۋەر ئىدى!

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇ كىتابنىڭ خاتىمىسى سۈپىتىدە سىلەرگە گېرمانىيە پەيلاسوپى كانتنىڭ مۇنداق بىر ئېغىز مەشھۇر سۆزىنى ھەدىيە قىلايلى:

«ئىلاھنىڭ ئىرادىسى بويىچە ئىنسانىيەت بەختكە ئېھتىياجلىق بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۆزىنى ئۆزى بەختلىك قىلىشنى بىلىشى كېرەك. بۇمۇ ئوخشاشلا ئىلاھنىڭ ئىرادىسىدۇر.»

## بۇ كىتابتىكى يادرولۇق ئىدىيىلەر

△ مۇۋەپپەقىيەت ئاكتىپ تەپەككۇردىن ۋۇجۇدقا كېلىدۇ.

△ ئىشەنچىگە ئىگە بولۇش ئىقتىدارغا ئىگە بولۇشتىنمۇ مۇھىم.

△ پۇرسەت ھامان «قىيىنچىلىق» قىياپىتىگە كىرىۋالىدۇ.

△ «مەن قىلالايمەن!» دېگەن سۆز مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئەڭ چوڭ ئالتۇن كېنى.

△ «قىياس قانۇنىيىتى» ئاددىي كىشىلەرنى مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىغا ئايلاندۇرىدۇ.

△ ئۆزىڭىزنى قانداق باھالىسىڭىز باشقىلارمۇ سىزنى شۇنداق باھالايدۇ.

△ خەيرلىك بولمىغان گەپلەر شۇنچە تېز رېئاللىققا ئايلىنىپ قالىدۇ.

△ «تەقدىم قىلىپ ئېرىشكەن قانۇنىيەت» ـ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى ئەڭ چوڭ سىر.

△ سىزگە ھەقىقىي مەنسۇپ بولىدىغىنى پەقەت «بۈگۈن» بىر سېكۇنتنىڭ ئالدىدىكى ئۆزىڭىزگە يەتمەيسىز.

△ ساغلاملىق بىر خىل پوزىتسىيە، خۇشاللىق قەلبىنىڭ زەھەر قايتۇرۇش دورىسى.

△ ئارزۇنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش سىزنىڭ بىر خىل كىشىلىك ھوقۇقىڭىز.

△ ئەڭ بەختلىك ئىشلارنى ئويلايدىغان كىشى ئەڭ بەختلىكتۇر.

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابلىكىم نۇرمۇھەممەت ھاجى
ئابلىز مامۇت
مەسئۇل كوررېكتورى: رەيھان نۇر

# پوزىتسىيە ھەممىنى بەلگىلەيدۇ!

ئاپتورى: رومان. W. پېيىر (ئامېرىكا)
تەرجىمە قىلغۇچى: **شۆھرەت مۇھەممىدى**

*

شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى بولاق بېشى كوچىسى 66 - قورۇ، پوچتا نومۇرى 830001)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقىتىدۇ
ئۈرۈمچى رېنشياڭ باسمىچىلىق چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
850×1168 مىللىمېتىر، 32 فورمات، 10 باسما تاۋاق
2004 - يىل 11 - ئاي 1 - نەشرى
2004 - يىل 11 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىرااژى: 1 — 3000
*
ISBN 7—5372—3872—3
باھاسى: 14.80 يۈەن